
تارىم
1921-1991
7

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت

سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ

49 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر:





يولداش سۇڭ خەنلياڭ يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىن سەھنىسىدە.




يولداش سۇڭ خەنلياڭ ھەر

مىللەت يازغۇچى، سەنئەتكارلىرى

بىلەن سەممىي سۆھبەتلەشمەكتە.



يولداش جانابىل ھەر

مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت

خادىملىرى بىلەن بىللە.

# تارىم

جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ

70 يىللىقىغا بېغىشلانغان

## مەخسۇس سان

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

41 - يىل نەشرى

1991

# بوستاندا

## ماقالىلەر


سوۋلا خەنلياك ............ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرايلى ۋە گۈللەندۈرەيلى .................... 61

ئەدىبلەر قەلبىدىن ............................ 140


## نەسرى ئەسەرلەر


م. كېۋىر ............ ئۆچمەس يۇلتۇز (ھېكايە)........................ 26

دىلدار جۇگۇاڭخۇا ............ خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئادەم (ئەدەبىي ئاخبارات) ......... 34

ئە. ئابدۇرېھىم ............ سۇزۇك بۇلاقتىن تامچىلار (نەسىر) ..................... 54

ئا. ئىمىن............ قارلىق تاغدا (پوۋېست) ........................... 83

ئا. تۇرسۇنتوختى............ قەسەم (ھېكايە) ........................... 110

ت. ئايۇپ ............ كېلىچەك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ (ئەدەبىي ئاخبارات) ... 125


## شېئىرلار


ت. داۋامەت ............ قۇتلۇقلايمەن قۇتلۇق كۈنۈڭنى ..................... 4

ق. ئوسپان ............ ئاڭلا، جاھان .............................. 4

ئە. ئەختەم ............ ئۇلۇغ كۈن ................................ 5

ئى. تۇرسۇن............ ئەزىز پارتىيەم................................ 6

ر. قاسىم ............ بۈيۈك ھەقىقەت .............................. 7

م. يۈسۈپ ............ شانلىق 70 يىل .............................. 8

ئا. توختى ............ قۇياش نۇرىدا چاقنىغان گۆھەر .................... 9

ج. ئەمەت ............ ئىسلاھات شامىلى باھار شامىلى .................. 11

ئى. ئەخمىدى ............ يوللانمىغان خەتلەر ............................ 12

م. سەپەربايېۋا ............ قۇتلۇقلايمەن شانلىق تويۇڭنى........................ 15

ت. پەخرىدىن............ قەلب خىتابى ................................ 16

ت. شاۋۇدۇن ............ پارتىيىگە مەدھىيە............................... 17

ئا. ئەبەيدۇللىن ............ پارتىيە ھەققىدە شېئىرلار ......................... 18

م. زايىت ............ تەرىپىڭنى كۈيلىمەك بەختىم مېنىڭ .................. 19
ت. قۇربان ............ پارتىيە ھەققىدە ناخشا .............................. 23
ۋ. مۇقەببۇ ............ پارتىيە شەلىگە .................................. 25
ئارسلان ............ ئىككى شېئىر ...................................... 72
پ. ئابدۇرېھىم ............ سەبىي بولغىن سەبىيلەر يۇرتىدىكى كەڭ ئالەم .......... 73
م. ئوسمان............ شائىر ............................................ 74
ت. يۈسۈپ............ ھازىر يوللانغان خەت ................................ 75
ھ. ئىبراھىم ............ بەخت قۇياشى ...................................... 77
ھ. تىلىۋالدى ............ ئىككى شېئىر ...................................... 79
ن. قۇربان ............ كادىر دېگەن ئەلنىڭ چاكىرى ........................ 81
ئە. ھامۇت ............ پارتىيە ھەققىدە مۇخەممەس ........................... 81
ئا مەمتېلى............ ئانا .............................................. 82
ن. سايىم ............ ئىككى غەزەل ........................................ 117
جېلىلى ............ ساداقەت نەزمىلىرى ................................... 118
م. سۈپۈرگى ............ مۇۋەششەھلەر ........................................ 120
غ. غۇپۇر ............ بىرسىنىڭ توي مەرىكىسىدە .............................. 123
غ. ئابدۇراخمان ............ سېنىڭ ناخشاڭ ...................................... 123
ر. سايىت ............ سېنىڭ ناخشاڭ ...................................... 124


## چەت ئەل ئەدەبىياتى


ئا. سىرافىموۋىچ ......... يول خېتى (ھېكايە) .................................. 153


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار



ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئۇلۇغ ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ 49 يىللىقى
تەنتەنىلىك خاتىرىلەندى.................................. 159


*　　　　　*

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدە: يولداش سۇڭ خەنلياڭ ھەرمىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى بىلەن سەمىمىي كۆرۈشتى ............ قېيۇم تۇرسۇن فوتوسى

*　　　　*　　　　*

بۇ سانىنىڭ مۇقاۋا ۋە تىتۇلىنى ت. نازىرى ئىشلىگەن.
رەسىم ۋە ھۆسن خەتلىرىنى م. ئايۇپ، ئابلىمىتلار ئىشلىگەن.




تۆمۈر داۋامەت

## غالىب يىللارغا

قۇتلۇقلاي تۇغۇلغان كۈنۈڭدە، ئانا
مەن يەتمىش يېشىڭنى، تۇتۇپ پېشىڭنى.
پارتىيەم شۇ غالىپ يىللىرىڭ ئۈچۈن
قۇتلۇقلار تاڭدىكى قۇياشمۇ سېنى.

سەن بىلەن ھۆرلۈككە ئېرىشكەندۇق،
يوقىلىپ مىڭ يىللىق ئېزىش، قايغۇ ـ دەرد.
سەن خەلق نىجادى، بەختى ـ پاناھى،
سەن بىلەن شەرقتە بىز كۆتۈرگەن قەد.

سەن بىلەن نامايان بولدى ئەقلىمىز،
ئۇرغۇدى جاسارەت، غەيرەت قايىنىغان.
بايرىقىڭ كۆرسەتتى بىزگە توغرا يول،
بورانda، يامغۇردا ئوخشاش پارلىغان.

سەن بىلەن باشلاندى يېڭى بىر زامان،
خەلقىنىڭ ئارزۇيى ئەمەلگە ئېشىپ.
قەلبلەر دۇنياسى تولدى شادلىققا،
ھەقىقەت، ئادالەت نۇرلارنى چېچىپ.

سەن بىلەن رەتلەندى تاغۇ ـ دەريالار،
چۆللەرنىڭ باغرىدا كۈلدى گۈلىستان.
گۈللىنىش ئەپكەلدى ئۆملۈك، ئىسلاھات،
سەن بولغاچ كۆز تىكتى بىزگە كەڭ جاھان.

سەن بىلەن قويىنىنى ئاچتى كېلىچەك،
چىقىسمۇ قۇيۇنلار يوقالماس نىشان.
سەن بىلەن ئۆرلەيمىز يۈكسەك پەللىگە
سەن بىزگە كۈچ-قۇدرەت،غۇرۇر،شەرەپ-شان.

پارتىيەم، سەن ماڭا بەرگەن چىن ھايات،
سېنى دەپ قەلبىمدىن تاشار ھاياجان.
يەلكەڭدە بار تارىخ ئارتقان ۋەزىپە،
ئوقۇيمەن شەپقىتىڭ، شەنىڭگە داستان.

قۇرمانئەلى ئوسپان ئوغلى

## ئاڭلا، جاھان

ۋۇجۇدۇم كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ تاشتى،
تاشلىدىم داغدام يولدا مەزمۇت قەدەم.
توۋلايمەن بار ئاۋازدا، ئاڭلا، جاھان
ياشىسۇن، مىڭ ياشىسۇن كومپارتىيەم.

سەن ياشا، مەڭگۈ ياشا يەختىمىزگە،
سېنىڭسىز بۇ ھۆر زامان بىزگە نەدە.
سېنىڭسىز يوقتۇر بىزگە نۇر ـ كېلىچەك.
ئىزاھىمىز ھەقىقەت بۇ ھەممە يەردە.

سەن بىلەن كۆزۈم نۇرلۇق، كۆزۈم روشەن،
سەن بىلەن قولۇم ئۇزۇن، مۇشكۇلۇم ھەل.
سەن بىلەن سۆزۈم يوللۇق گويا شەمشەر
سەن بىلەن ئەقلىم پارلاق، توققۇزۇم تەل.

سەن بىلەن قۇدرەتلىكمەن كورەشلەردە،
ئۆرلەيمەن توسقۇنلارنى يېڭىپ ئۆرىگە.
سەن بىلەن ئىشەنچ تاپتىم، ئابروي تاپتىم،
پەگادىن مانا ئەمدى ئۆتتۈم تۆرگە.

سەن بىلەن ئالەمنى ئارا ھەركىم بىلەن
تەڭلەشتىم تەڭ ئولتۇرۇپ، تەڭ قوپۇمەن.
سەن بىلەن قېنىم جوشقۇن، جېنىم جوشقۇن،
بەيگىدە، چېلىشلاردا مەن ئۇتۇمەن.

سەن بىلەن ۋىجدانىم پاك، نومۇسۇم پاك،
سەن بىلەن يولۇممۇ ئاق، دىلىممۇ ئاق.
بارلىقى ساڭا مەنسۇپ خىسلەتلەرنىڭ،
ساڭا تەن بار مۇھەببەت، بار ئىشتىياق.

**ئەلقەم ئەختەم**

## ئۇلۇغ كۈن

كېلىپ ئالدىراش ۋاپادار ئىلھام
دەيدۇ: قۇتلۇق كۈن!
قەلەم ئال قولغا.
بۇ كۈن شەرىپى تۈگىمەس - پۈتمەس،
بۇ كۈن بىز چۈشكەن نۇرلۇق كەڭ يولغا.

بۇ كۈن خەلقىمىز يېڭى مەنزىلگە
كۆز سېلىپ مەزمۇت قەدەم قويۇشقان.
بۇ كۈن ھەر يانغا چېچىلغان قوملار
مۇستەھكەم ئۇيۇل تاش بوپ ئۇيۇشقان.

بۇ كۈن باشپاناھ ئۇلۇغ پارتىيەم
بىزنىڭ جۇڭگودا قۇرۇلغانىدى،
بۇ كۈن ئېزىلگەن ئەلنىڭ تەقدىرى
يېڭى پەللىگە بۇرۇلغانىدى.

بۇ كۈن قارا تۈن
بۇسۇلۇپ ئاستا
چېكى - چېكىدىن سۆكۈلگەنىدى.
بۇ كۈن ئۈچ تاغنىڭ ھەيۋىتى قېچىپ،
«پۈكۈلمەس» قەددى پۈكۈلگەنىدى.

بۇ كۈن ئۇيۇقتا بىزنىڭ قۇياش ھەم
ئۆزگە جىلادا پارلىغانىدى.
مەرەم باشلىماق بولۇشتۇق بىز ھەم
ئامەت بىزگىمۇ قارىغان ئىدى.

تارىختا، دىلدا، ئاسمان - زېمىندا
مۇقەددەس ئەسلا مۇقەددەس بۇ كۈن.
شۇندىن باشلىنار بەختىمىز بېشى،
شۇ كۈن بىر سىنتاش بەختىمىز ئۈچۈن.

قۇتلۇق كۈنۈڭنى دىلدىن تەبرىكلەپ،
كۈي پۈتتۈم ساڭا ئۇلۇغ پارتىيەم.
ئۆتۈمەن سېنى مەڭگۈ تەرىپلەپ،
ئۆزگەرمەيدۇ بۇ ئالتۇن ئەقىدەم!

ئەممەن تۇرسۇن

## ئەزىز پارتىيەم

كۈنچىقىشتا تۇرىلىپ ھەق يولنى ئىجاد ئەيلىدىڭ،
قىرانىڭغا يەتكەندە ئەلنى ئازاد ئەيلىدىڭ.

چىن ئېلىنىڭ چىن باتۇرى — بارچە دېدى: تەسەننا!
گۈندىسىنى ستەمنىڭ، چۈنكى، بەرباد ئەيلىدىڭ.

قۇتلۇق دىيار كۆكسىگە تاقاپ يېڭى لەۋھەنى،
ئەل قەددىنى جاھاندا مىسلى شەمشاد ئەيلىدىڭ.

غۇسسىدىن يەپ ھەسسلەپ، يېتىمرىغان كۆلكىدىن
ئەللىك ئالتە مىللەتنى بىر - بىر دىلشاد ئەيلىدىڭ.

ۋەيرانىلىق، گادايلىق — قوشكېزەككە قاشاقلىق،
ئۆلپەت بولغان ئېقلىمنى قايتا ئاباد ئەيلىدىڭ.

چىقماي تۇرگە تۇرىدەك، ئەلگە كىردىڭ ئېلىڭچە،
باشچى بولدۇڭ ئەلگە ئەمما ئەلنى ئۇستاد ئەيلىدىڭ.

جامالىڭنىڭ چاقنىقىدىن پات - پات چاقنار يەر يۈزى،
قايدا دەردمەن بولسا ئاڭا مەدەت - ئەمداد ئەيلىدىڭ.

جاھاندا كۆپ پارتىيە، پارتىيەم ھېچ ئوخشىماس،
چۈنكى سەن غايىنى كۆزلەپ، خاس يول ئىجاد ئەيلىدىڭ.

ئاتمىشىڭدا يەكۈنلەپ سەپىرىڭنى بىر - بىرلەپ،
ئىسلاھاتنى تەرەپلەپ، يېڭى جىھاد ئەيلىدىڭ.

يەتمىشىڭدە يەتتىلەپ رىجە تۈزدۈڭ رەت - رەتلەپ،
ئەلنى ئىرپان تاغىغا باشلاپ سەييار ئەيلىدىڭ.

ھەر ھەرىكىتىڭ بەرىكە تاپقاي ئەزىز پارتىيە،
ھەز نەپىستۇن تىزپۇكەر، بىزنى پەرھاد ئەيلىدىڭ!

رەخىم قاسىم

## بۈيۈك ھەقىقەت

جىمىكى ھاياتلىق قۇياش نۇرىغا
تەلمۈرۈپ باققاندەك بىلدۈرۈپ ھۆرمەت.
ماركسنىڭ، لېنىن-نىڭ تەلىماتىغا
بار مەندە بىر ئالەم مېھرۇ-مۇھەببەت.

بىلىمەن، جاھاندا قۇمدەك كۆپ مەسلەك،
سانىسا بىر-بىرلەپ يېتىشمەيدۇ سان.
ۋە لېكىن، ھېچبىرى بۇ تەلىماتتەك
بولمىدى ئىنسانلار دەردىگە دەرمان.

بىلىمەن، سىنىپلار يارالدى قاچان،
يارالدى خەلقتى تەڭسىز بىر ھالەت.
مىسالى مىڭ ئادەم ئاققۇزسا تەر-قان،
پەقەت بىر ھۆكۈمران سۈردى پاراغەت.

ئېتەك ياقا بولغان، ياقىلار ئېتەك،
ئەنە شۇ شەپقەتسىز تەتۈر تەقدىرنى؛
قېنى كىم پاش قىلىپ ماركس، لېنىندەك،
ھاياتقا بەردى ئەڭ توغرا تەبىرنى؟!

گېنىئال داھىيلار ئەقىل قۇياشى،
كۆرسەتتى نۇرلۇق يول ئىنسانىيەتكە.
چاقىردى: مەزلۇمنىڭ مەزلۇم قاياشى،
ئىنتىلگىن جان تىكىپ ھەققانىيەتكە!

بۇ خىتاب ھەيۋەتلىك گۈلدۈرمامىدەك
كەلتۈردى لەرزىگە زېمىن-ئاسماننى.
بۇ خىتاب بويىنغا چۈشكەن سالمىدەك،
توختاتتى ئىزىدا تەلۋە زاماننى.

مەيلىچە قۇترىغان بۇ كونا دۇنيا
دۇچ كەلدى كۈتمىگەن پەشۋا-زەربىگە.
كۆكسىگە ئوق يېگەن يىرتقۇچتەك گويا،
چاچتى ئۇ زەھىرىنى تولۇپ قەھرىگە.

جۆر بولدى جىمىكى ئەزگۈچى ئاتلىق
ماركسنى، لېنىننى قارغىدى راسا.
قارغىشلار نەقەدەر بولغانچە قاتتىق،
ئۆزلىرى شۇ قەدەر بولۇشتى رەسۋا.

سانىسام ئۆتتۈپتۇ نەچچىلەپ ئون يىل.
بىراق، بۇ قارغىشلار قىلماقتا داۋام.
دۈشمەن تەبىئىتى ئەزەلدىن رەزىل،
يانمايدۇ پەيلىدىن ئۇجۇقماي تامام.

دەيدۇ ئەل: سۇنمايدۇ ئۇلۇغ ھەقىقەت،
ئۇ گويا تاغ سۈپەت مۇستەھكەم، غەيۇر.
مەيلى ياۋ ھەر قانچە قىلسۇن ھاقارەت،
ھەقىقەت تېخىمۇ چاچار پارلاق نۇر!

ئوقۇيمەن داھىيلار كىتابلىرىنى،
بەئەينى يىگىندە قۇدۇق قازغاندەك.
ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار خىتابلىرىنى
پۈكۈمەن قەلبىمگە مۆھۈر باسقاندەك.

ئادالەت مىزانى ھەر قۇرى-سۆزى،
ئۇ ھايات دەستۇرى، تارىخ يەكۈنى.
ئۇ بىلەن ئىجادلىق تاپار يەر يۈزى،
ئۇنىڭدا ئالەمنىڭ ئەتە، ئۆگۈنى.

پارتىيە بايرىمى — بۇ قۇتلۇق چاغدا
ئۇرغۇيدۇ قەلبىمدىن شۇنداق بىر ئەشئار
داھىيلار تەلىمى چاقناپ ھەر دىلدا،
ئېلىمىز تېخىمۇ بولسۇن بەختىيار!

مەمتىمىن يۈسۈپ

# شانلىق 70 يىل

(ئۈچ شېئىر)

## نىشان تاپتىم

پارتىيە قوينىدا ھۆر زامانىدىن شەرەپ ـ شان تاپتىم،
ۋەتەنىنىڭ بەختى كۈلگەچكە بۆلەكتىن مەنمۇ جان تاپتىم.
زىيانداشلار بولۇپ تارمار، ئۈزۈلگەچ بارچە زەنجىرلەر
ئۇلۇغ خەلقىم بىلەن بىللە ئەجەب قەيسەر جاھان تاپتىم.
ھايات مەنزىلى دولقۇنلۇق، سىناقلاردىن ئۆتۈپ ئاخىر،
ھەقىقەت ئۆلچىمى بولغاچ، ياشانغاندا ئامان تاپتىم.
يېتەكلەپ پارتىيەم ئەلنى ئېلىپ چىقتى يورۇقلۇققا،
ئىلىم ـ پەن گۈل چېچەك ئاچقان ئەجەب نۇرلۇق زامان تاپتىم.
بۈگۈن خەلقىم يېڭى شانلىق، سەپەردە ئالغا يۈكسەلدى
تىنچ، پارلاق ۋەتەن قۇرماق يولىدا چوڭ نىشان تاپتىم.
بېغىشلايمەن ھاياتىمنى شۇ ئىشقا تامچە بولسامۇ،
ئىلىم ئەمگەك بىلەن چۈنكى، كۆڭۈلگە شادىمان تاپتىم.

## شەرەپ ساڭا

70 يىللىق شەرىپىڭگە يازدىم تۈمەن داستان ساڭا،
چۈنكى باغلانغان يۈرەك ئىمان ساڭا، ۋىجدان ساڭا.
چىن يۈرەك ـ قەلبىم بىلەن قەسەم بېرىپ دەسلەپتىلا،
ئەھدى قىلغان مەن بولاي دەپ جەڭگىۋار ئوغلان ساڭا.
تۈننى كۈنلەر قوغلىشىپ، قايناق چېلىش جەڭلەر ئارا،
بولدى ھەر ئىشتا تەسەددۇق مېھنىتىم ھەر ئان ساڭا.
چۈشسىمۇ باشقا قىراۋ، مەردانە مەن مەيداندىكى
ئەمگىكىم ـ ئەجرىم ۋە ھەتتا بارلىقىم قۇربان ساڭا.
ئىپتىخارىم، كەلگۈسۈم پارلاپ تۈمەن ئەۋلادلىرىم،
مەڭگۈلۈك شانۇ ـ شەرەپشان كەلتۈرەر چەندان ساڭا.

## ئىقبالىمىز كۈندىن يورۇق

دەۋرىمىزنىڭ نۇر چىراغى، ھۆرمىتىم، شانىم ۋەتەن،
شۆھرىتىڭ دۇنياغا مەشھۇر جەننىتىم ـ جانىم ۋەتەن.

مەن سېنى جۇڭگو دېسەم، شۇ سۆز بىلەن قەلبىم يانار،
تۇپرىقىڭ ھەر جانغا قۇۋۋەت، ئەقلى - ۋىجدانىم ۋەتەن.
پارتىيەم بولغاچ بۈگۈن ئىقبالىمىز كۈندىن يورۇق،
قۇدرىتىڭ نۇرى بىلەن لىق تولدى ھەريانىم ۋەتەن.
چۆللىرىڭ گۈلزار - چىمەنگە پۈركىنىپ بارغانسېرى،
داخشا ئېيتار تاغ دېڭىزلار، شاد - خۇرامانىم ۋەتەن.
ئورمىنىڭ، گۈل باغلىرىڭ ھۆسنىڭگە زىننەت بەخش ئېتەر،
باغۋىنىڭدۇر ئىشچى - دېھقان ئەھلى مەردانىم ۋەتەن.
تاغۇ - تاش تۇپراقلىرىڭ دۈشمەنگە خەنجەر ئوق بولۇپ،
ياۋرىتار خائىنغا نەپرەت مەردۇ - مەردانىم ۋەتەن.
ھەر كۈرەشتە داۋىق چىقارغان جەڭگىۋار ئەۋلادلىرىڭ،
سەپ بولۇپ گاڭدەك ئۇيۇشتى، سەندە دەرمانىم ۋەتەن.
قايسى جاي باركىن جاھاندا سەندىن ئەندىز ئالمىغان،
كۆزلىرىمدە تۇتىيا دىلدا دىلدارىم ۋەتەن.
قوللىرىڭدا يالتىراپ تۇرغان ھەقىقەت مەشئىلى،
يەر يۈزى قايىل ساڭا سەپتە سەردارىم ۋەتەن.

ئابدۇسالام توختى

## قۇياش نۇرىدا چاقنىغان گۆھەر

ئەجدادىم ياراتقان قەدىم ئۈرۈمچى
چىرايلىق شەھەرسەن، خىسلەتكە تولغان،
بايلىقىڭ كانىسەن، نۇر ئىچىرە كۈلگەن،
ھاياتلىق نەھرىدەك جۇش ئۇرۇپ تۇرغان.
باغرىڭدا پەپىلەپ ئۆستۈردۈڭ مېنى،
مېھرىڭدە ئېچىلدى مېنىڭ گۈل بەختىم.
ئوغلۇڭمەن، يۈرەكتىن سۆيىمەن سېنى،
ئىززىتىم، ھۆرمىتىم، مۇقەددەس شەھرىم!
نۇرانە تۇپرىقىم، ئالتۇن دىيارىم،
گۈللىدى قوينىڭدا بەختىيار ھايات.
ئەي باتۇر بۈركۈتۈم، قەيسەر شۇڭقارىم،
يۈكسىلىش كۆكىدە سەن قاقتىڭ قانات.

ئۈرۈمچى! كۈرەشچان يىللار قوينىدا،
چېچەكلەپ ياشنىدىڭ،
پورەكلەر ئاچتىڭ.
شىددەتلىك تېز ئاققان ئەزىم دەريادەك،
بۆستۈڭ توسقۇننى جۇش ئۇرۇپ ئاقتىڭ!
يادىمدا، ئىشىكىم ئالدى بىر چاغدا،
ئەجدادلار ياتقان بىر قەبرىستاندى①.
كېچەتتۇق باھاردا تىزغىچە پاتقاق،
يوللار تار، كۆرۈمسىز ھەم كاتاڭ ئىدى.
...
يادىمدا، بىر كىچىك شەھەرنىڭ شۇ يىل②
(بىر كىچىك بالىدىم ئوچاغ مەنمۇ ھەم)

① قەبرىستاناندى. — 50 - يىللارنىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى ئالدىدىكى ھازىرقى ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئورنى تېخى بىر كونا قەبرىستانلىق ئىدى.

② شۇ يىل — 51 — 52 - يىللار.

كاتتا بىر شەھەرگە ئايلاندىڭ بۈگۈن،
ھارچىنى كۆيدۈرەر جامالىڭ بۈدەم.
شۇ يىللار چۆلدەرەپ تۇرغان زېمىندا
ئەمدى قەد كۆتۈردى كۆركەم ئىمارەت،
ئەينەكتەك يوللارنىڭ ئىككى چېتىدە
نى ئېسىل بىنالار تىك كۆتۈردى قەد.
شىمالدىن جەنۇبقا ئۆزىرىپ بويۇڭ،
باغرىڭدا يارالدى يېڭى كوچىلار.
شەرق ھەم غەربكە كېڭىيىپ ئۇلۇڭ،
زورىيىپ باردىڭسەن ئۆتكەنچە يىللار.
ئۈرۈمچى! بىناكار! كامىللار قالتىس،
ھەيۋەتلىك تۇس بەردى، زەك بەردى ساڭا.
ئالەمچە ئىشتىياق قوزغاپ دىلىمدا،
جاۋاھىر ئالەمدەك قارايسەن ماڭا.
گىياھسىز قىزىل تاغ ياشىرىپ بۈگۈن،
يېپىندى ئۈستىگە ياپيېشىل ئۈپۈق.
ئۇنى سەن دەيسەنكى جىلا ئىچىدە،
قۇياشى ئېخىنغان بىر كۆركەم ئۈپۈق.
ئۈرۈمچى — يۇرتۇمنىڭ شانلىق مەركىزى،
ئىلىم - پەن، مائارىپ باغۇ - بوستانى.
ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرت گۈلشەنلىرىدىن
نۇر ئېمەر خەلقنىڭ قىز ۋە ئوغلانى.
ئىلىمگە بېرىلگەن شوخ يىگىت - قىزلار
ئوخشايدۇ زەپ خۇش بۇي رەڭدار چېچەككە.
ئالەمچە سۆيگۈ بار غايىلىك قەلبى
ئىنتىلەر ئەڭ نۇرلۇق، ھۆر كېلەچەككە...
جاھانغا يۈزلىنىپ قىلماقتا پەرۋاز،
زامان روھى بىلەن كۈلگەن زاۋۇتلار.
فابرىكىلار كۆكسىدىن تۆكتى گۈل - چېچەك،
ئىشچىلار قەلبىدە كۈلدى گۈل باھار.

غەربىي ۋە جەنۇبىي باغچىلار گۈزەل،
تەڭرى كۆل،
قارىغايزار تاغلىرمۇ گۈزەل.
ئۈرۈمچى شەھرىنىڭ ئۆزى بىر گۈلشەن،
باھار، ياز، ئالتۇن كۈز چاغلىرى گۈزەل.
بۇ گۈلشەن قوينىدا مىليونلاپ ئىنسان
ياشايدۇ تۇغقاندەك بولۇپ زەپ ئىناق.
دوستلۇق ھەم غەلبە كۈيلىرى ھامان
زېمىندا، ئاسماندا جاراڭلار ياڭراق!
ئۈرۈمچى—ئاجايىپ زەبەردەست شەھەر،
دوستلارغا، جاھانغا ئاچقان كەڭ قۇچاق.
بۇ يەرگە كېلىشكە ئەجەبمۇ ئامراق
مەغرىپتىن مەشرىقتىن دوستلار ھەمىشە.
ئۇلارنى پۈركەيدۇ گۈلگە بۇ ماكان،
يۇرتۇمنىڭ كۆڭلىمۇ خۇددى گۈلىستان.
دوستلارغا ھۆرمەتتە ياڭرار كۈيىمىز،
خەلقىمنىڭ قەلبى زور ناۋالىق داستان!
ھەممىدىن چىن دوستلۇق بىزگە ئەڭ قىممەت،
دوستلۇق ۋە ئىناقلىق بېرەر كۈچ - قۇۋۋەت.
ھاياتقا چىن مەزمۇن، شادلىق بېغىشلار
سەمىمىي، ھەقىقىي دوستلۇق — مۇھەببەت...
چەت ئەللىك بىر مېھمان بىلەن ئۇچرىشىپ،
سۆزلەشتۇق قېرىنداش، دوستلاردەك يېقىن.
سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل، شۇ كەمتەر ئادەم،
ئېيتتى چىن دىلىدىكى سۆزىنى قىزغىن.
ئۇ دېدى:
«ئۈرۈمچى شەھەرىنى كۆرۈپ،
كۆركەم، گۈل ھۆسنىگە بولدۇم مەھلىيا.
باققاندا كۆك سۆيگەن بىنالىرىغا،
كەلدى كۆز ئالدىمغا گۈزەل ياۋروپا!»①.
ئۈرۈمچى!

---

① يېقىندا مەن يەنە بىر يېقىن دوستۇم ئىككىمىز ئۈرۈمچىگە زىيارەتكە كەلگەن سوۋېت ئۆزبېكىستانىنىڭ بۈگۈنكى زاماندىكى مەشھۇر شائىرلىرىدىن بىرى ئابدۇللا ئارىپوۋ بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇ ئۆز سۆزى ئارىلىقىدا ئۈرۈمچى ھەققىدىكى تەسىراتىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىپ؛ «ئۈرۈمچى ھەقىقەتەن گۈزەل شەھەر ئىكەن. مەن شەھەرلىرىنى كۆرگەندە ياۋروپادىكى بەزى شەھەرلەر كۆز ئالدىمغا كەلگەندەك بولدى» دېگەنىدى.

نازاكەت گۈلىستانىسەن،
سۆيۈملۈك، مۇقەددەس، بۈيۈك ئاستانەم.
كۈل، ياشنا! تېخىمۇ ھۆسنىڭگە تولغىن،
گۈللىنىش يولىنى ئاچتى زامانەم!
ئۆرۈمچى! قۇياشلىق باغرىڭ زەپ يىللىق،
پارتىيەم ھەر زامان ساڭا مەدەتكار!

ئەڭ گۈزەل ئىستىقبال ئېچىپ كەڭ قۇچاق،
ساڭا بەخت، گۈل باھار بۇلار مەڭگۈ يار!
يېڭىلمەس سەردارىم باشلىدى ئالغا،
ساڭا خاس ئالەمچە شەرەپ - شان، زەپەر،
كامال تاپ ئىسلاھات دولقۇنلىرىدا،
ئەي قۇياش نۇرىدا چاقنىغان گۆھەر!

جاپپار ئەھەت

## ئىسلاھات شامىلى — باھار شامىلى

ئىسلاھات شامىلى ئەپ كەلدى باھار،
چۆمدۈرۈپ دىللارنى شادلىق پەيزىگە.
يېپيېڭى تۇس ئېلىپ بۇ ئالتۇن دىيار،
ئادەملەر قەلبىنى سالدى لەرزىگە.

ئىسلاھات شامىلى — باھار شامىلى،
تەۋرەتتى گۈللەرنىڭ يۇمران شېخىنى.
بەك يىللىق بولغاچقا ئۇنىڭدا مېھىر،
ئويغاتتى تاللارنىڭ نازۇك بىخىنى.

قاپلىدى ئالەمنى يېڭىچە بىر تۇس،
يېڭىچە بىر خىسلەت، تېپىپ كامالەت.
تارقالدى دىللاردىن ئەندىشە، ئەپسۇس،
ئۇ بەرگەچ ھاياتتىن يېڭى دالالەت.

بۇلبۇللار باغلارغا كەڭ سورۇن تۈزۈپ،
تەنتەنە قىلىشتى سايراپ خۇش ئاۋاز.
تۇلپارلار كىشنىدى چۆللۈۋرنى ئۈزۈپ،
بۈركۈتلەر پەلەكتە قىلدى شوخ پەرۋاز.

بۇ شامال ئۆتكەندە يېزىنى بويلاپ،
دېھقانلار «ئۇھ!» دېدى، چىققىپ ھاردۇقى.
ھەر ياقتا تەنتەنە قىلدى توي - تويلاپ،
پۈركەندى نۇرلارغا يېزا ئۇپۇقى.

تۈگەپ تەڭ تەقسىمات، داشقازان ئىشى،
ئىشلىگەن چىشلىدى، كۆردى ھالاۋەت.
ئۈگلىنىپ مۈڭلانغان قايغۇلۇق بېشى،
شادلىقتىن ئۈينىدى مەشرەپ - باراۋەت.

ئۆتمۈشكە سېلىشتۇر، ئويلاپ باق قېنى،
بىر مىليارد ئادەمنى باقماق ئاسانمۇ؟
ھە، بۈگۈن دېھقاننىڭ پۈتۈندۈر نېنى،
ھەممىنىڭ رىسقى كەڭ، توقدۇر زامانمۇ.

بۇ شامال ئۆتكەندە تارىمنى كېزىپ،
بوستانلار ئورالدى شايى - ئەتلەسكە.
غەيرىتى جۇش ئۇرۇپ، پەلەكتىن ئېشىپ،
ئەمگەكتە دېھقانلار چۈشتى بەس - بەسكە.

يەرلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ شاد - خۇرام،
ئىشلىدى يۇرتىنى قىلىشقا گۈلباغ.
ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەن دايىم،
خامىنى تاغ بولدى، چۆمۈچلىرى ياغ.

ۋادىلار پۈركەندى رەڭدار گىلەمگە،
باغلاردا مېۋىلەر كەتتى مەي بولۇپ.
تايچاقلار كىشنىشىپ چۈشتى سەنەمگە،
قوزىلار كۆپەيدى ساغلام ئەي بولۇپ.

ئاقباشلىق تەڭرىتاغ بېشىنى سىيپاپ
ئۆتكەندە بۇ شامال چوققىدىن ھالقىپ.
رەڭمۇ رەڭ مەدەنلەر كۈلۈپ، يالتىراپ،
ئويغاندى ئۇيقۇدىن شولىدەك بالقىپ.

ئۆتكەندە بۇ شامال تەكلىماكاندىن،
پويىزلار يول ئالدى يېڭى ئۆتەڭگە.
كۆز ئېچىپ بۇلاقلار ھەر بىر تاماندىن،
نېفىتلار فونتانى ئۆرلىدى كۆككە.

خاتىمە بېرىلىپ چۆل ئۇيقۇسىغا،
يېزىلدى تارىخنىڭ يېڭى قىسمى.
بازارلار، شەھەرلەر بولاتتى ئاۋات،
ئۇنتۇلدى ئۆتمۈشنىڭ ئەلەم، غۇسسىسى.

دۇنياغا يۈزلەندۇق ئىشىكنى ئېچىپ،
كىرگەزدۇق ھەر ياقتىن ئىلغار تېخنىكا.
ئۇ بىزگە قۇياشتەك پارلاق نۇر چېچىپ،
يۈكسەلدۇق توختىماي ھەر كۈنى ئالغا.

تونۇلدى دۇنياغا بۇ يېڭى جۇڭگو،
پارلىدى قۇياشتەك ئاسمانىدا مەغرۇر.
جەۋلان قىپ ئىستىقبال كۆكىدە مەڭگۈ،
چاچقۇسى ئۇ يەنە پارلاق، يېڭى نۇر.

توقۇسام بۇ ھەقتە ئەگەر مەدھىيە،
ئېھتىمال، ئۇ غەيرىي تۈيۈلماس سىزگە.
ئىسلاھات يولىنى ئاچقاچ پارتىيە،
يۈزلەندى بۇ بەخت، بۇ ئامەت بىزگە.

ئاداشماي ماڭماقتا بىزنىڭ بۇ كېمە،
بولسىمۇ گەر يىراق كۆزلىگەن مەنزىل.
رولچىمىز بولغاچقا ئۇلۇغ پارتىيەم،
نىشاندىن ئاداشماي ماڭىمىز دادىل.

ئىسلاھات شامىلى —باھار شامىلى،
بۇ شامال باھارغا يولداش ھەمىشە.
بار ئۇنىدا كېلىچەك ـ ئىقبال ئامىلى،
بولغاچقا پارتىيە قولداش ھەمىشە.

**ئىمىن ئەخمىدى**

# يوللانمىغان خەتلەر

## قومۇچ نەي

بۆدەم ماڭا مەنسۇپ نومۇس ۋە غۇرۇر،
بوران كۆزلىرىمنى قىلمىدى غەلەت.
ئىشەنچىم تۇماننىڭ ئارقىسىدا نۇر،
ياشنار يەنە قىز كەبى تەبىئەت.
سەن ماختىغان قىرغاق ساھىلىم ئەمەس
ئۇنىڭدىن لەززەتلىك بۇ يەردىكى زەي،
مەۋھۇم مۇقاملارغا قويمىدىم ھەۋەس
بولغاچقا قومۇچتىن ياسىۋالغان نەي.
يىللىرىم دەسلەپكى قاندا بە تەھقىق
قەلبىمگە غەۋغالار تىكەلمەيدۇ دان.
سېنىڭسىز بۇ ئۆمۈر بالالارغا لىق،
كۆڭلۈمگەن خاتىرجەم بولغىن ئانىجان!

1962 - يىلى 5 - ئاي، بېيجىڭ.

## بىزنى سىرداش قىلغان ئەلەملەر

(«تۇنجى قەدەم» داستانىدىن پارچە)

ئىلىمىز خىلمۇ خىل، چىرايىمىز ھەم
بىرگە يېتىپ كەلدۇق يەتتە ساۋاقداش.

يۇرتىمىز ھەر پەردىن؛ كۆڭلىمىزدە غەم
بولالايمىزمۇ دەپ بۇ يەرگە نەققاش.
بىر سائەت ئىچىدە كۆرگەزمە كەبى
ئورىۋالدى بىزنى پۈتۈن قىرى - ياش.
مىڭ تەستە ئۇقتۇرغان گېپىم تۆپەيلى
ئۇيغۇر ئىكەنلىكىم بولۇپ قالدى پاش.
بۇ خېگشۇي دالاسى، تارىمدىن نېرى
گويا ماڭا ھېچكىم ئەمەس قېرىنداش.
يالغۇزلۇق ئەلىمى ئەزدى دىلىمنى،
تېپىلمايدىغاندەك بىرەر قەلبداش.
ئاز ئۆتمەي تۇماندەك تارالدى شۈبھەم،
ئەتراپىم تەبەسسۇم، يىللىق ھەر قاراش.
غۇبارسىز كۈلكىدىن ئېلىپ تاشلاندى
يۈرىكىم سەتىنى بېسىپ تۇرغان تاش.
شۇ كۈنى كەچقۇرۇن كەنتنىڭ باشلىقى
(يۈزلىرىدە ئەلەم، دادامغا قۇرداش)
بۇلتۇرقى كەلكۈندىن ئاچقىنىدا سۆز
كۆزلەردىن ئوخشاشلا تاراملىدى ياش.
ئۆي يەر كۆلچەك بولغان، دۆڭلەر خارابە،
چۆشكە بار، كەچكە يوق، خالتىدىكى ئاش.
دەردىمىز، يىغىمىز، ئۆتمۈش ۋە ئەتە
بىلەن بولۇپ قالدى خىياللار ئوخشاش.
......
كۈن ئۆتتى، ئاي ئۆتتى، چىرايدىكى پەرق
كىملىك، نەلىكىمىز قالدى بىر چەتتە.
گىگانت ئانا زېمىن، جاھان كۆزى شەرق
بىر ئىكەن ئەزەلدىن ھەسرەت - بەختتە...

1964 - يىل 10 - ئاي،
خېبېي ئۆلكىسى خېگشۇي

## سۈت ھەققى

مەن تاللاپ يۈرمەيمەن بارار جايىمنى
مېنى دەۋر، مېنى يۇرت ئۆزى تاللايدۇ.
قۇم ۋە ئالتۇنغا لىق ھايات دەرياسى
مېنى ئالتۇن دەيدۇ ياكى شاللايدۇ.
سۈت ئەمگەن چېغىمدا قويمىغانمەن شەرت،
ئەقىدەم كۆنۈشتۇر سۈتىنىڭ شەرتىگە.
چۈنكى شۇ سۈت بىلەن كۆلگەن تەبىئەت
مېنى ئاتاپ بەرگەن جاھان شەرقىگە.
مەكتەپ دەرۋازىسى ئىچرە پاياندازــ
زېمىن ئارزۇسىغا قايىل ئەرلىكىم.
ۋەتەن بۇيرۇغان جاي ماڭا دائىم ياز،
ئۆلسەم شۇ جايلارنىڭ ئۆزى يەرلىكىم!

1968 - يىل 8 - ئاي، بېيجىڭ

## ئاشىق بىلگەن مېنى ئۆزۈڭگە

ماختاۋەرسە چېھرىڭنى خەقلەر
كەلدى خوپلا ئىچى تارلىقىم.
ئېسىڭدىمۇ سېنى سۆيگەنلەر
قاتارىدا مېنىڭ بارلىقىم؟
ئىگە دەپلا باغاشلىۋالغان
مەن ئەمەسمۇ كىچىك چاغلىرىم.
پىراقىمغا گۇۋاھ ھەر زامان
شەرقىي دېڭىز، تەگرىتاغلىرىم.
سېنى ياخشى دېگەنلەر بۇندا
ياخشىلىقىڭنى بىلەرمۇ مەندەك؟
ئۆرۈك - ئالماڭ تېخى توك چاغدا
تېتىپ كەتكەن ئاغزىمغا قەندەك.
ئىشقى ئوتۇم دەريا مىسالى
يامراپ ئاقار باغرىڭغا سەلدەك.
ئىنسان بەختى ــ جەڭلىرى ئارا
سەركەردىلەر يوق ئىكەن سەندەك.

ئىگە دەپلا سېنى باغ ئەتكەن،
مەن ئەمەسمۇ كىچىك چاغلىرىم.
شان - شۆھرىتىڭ ئالەمگە كەتكەن
ئەزىم دەريا، تەگرىتاغلىرىم.

ئاددىي ئىدىم، ئاتاندىم ئۇلۇغ
سەۋەب بولدى سېنى سۆيگىنىم.
بۇ ئۆمرۈمدە خاتا چىقمىدى
بالاڭ بولۇپ ئۆرە يۈرگىنىم.
ئاشىقانە هارارەتكە لىق
سۇمباتىڭغا قاراپ كۈلگىنىم،
داغ چۈشۈرسەم ئەللەيلىرىڭگە
مىڭ ئۆلگىنىم، تۈمەن ئۆلگىنىم.

ئىگە دەپلا سېنى باغ ئەتكەن
مەن ئەمەسمۇ كىچىك چاغلىرىم.
سېنىڭ بىلەن جەننەتكە يەتكەن
سېرىق دېڭىز، تەڭرىتاغلىرىم.
ئەزىم دەيا، تەڭرىتاغلىرىم.

1987- يىلى 5 - ئاي، ئاۋەين

## پەرزەنتلىكىم

هىجران يۈكلەپ كەتمىدىم بۇ رەت،
قايتماقلىقىم هاياتىمدا پەرھىز.
قوزغىلىپلا بىلىندى ئەجەپ
ئاستانەڭدە بىلىنمىگەن قەرز.
ئەلچى سۆيەت ماڭدىم سەپەرگە،
ئاق يول تىلەپ قالدىڭ دىيارىم.
مەيلى بارماي قانداقلا يەرگە
مەشرىق تامان ئۇتلۇق نىگاھىم.
دەيدۇ تاشنى جايىدا ئەزىز،
سايلىرىڭدىن ئېلىۋالدىم تاش.
كىندىكىمدىن قالغان سەبىي ئىز
ئېيتىدىكىنى نەمدەيدىغان ياش.
ئانا ئىشقى پەرزەنتكە دەرمان
كۆكسۈڭ ماڭا ۋەتەن مۇقەددەس.
سېنىڭ بىلەن تۇرەلگەن بۇ جان
چەتلەردە هەم سېنىڭسىز ئەمەس.
ساڭا تالىنق يېگانە سۆيگۈ
باغلىرىڭغا كەلتۈرەر مېنى.
ئەقىدەمدە بولسا كۈلەڭگۈ
دوۋزاخلاردا كۆرەي ئۆزۈمنى.

1989 - يىل 9 - ئاي، ئۈرۈمچى

## خېرىدارىم سەن دىيار

سېنىڭ ئىشقىڭدا مەن ئۇيقۇدىن بىدار،
مېنىڭ ئىشقىمغا بىر سەنلا خېرىدار.
خۇش دەپ پېشانەڭدىن سۆيە - سۆيمەيلا
ئۆتتۇلمىگەن قەدرىڭ ئۆتتۇلدى دىلدار.
كۆڭلۈمنى يېنىڭدا قالدۇردۇم بۇدەم،
ئۇ ئاپئاق سۇتتۇڭگە هامان قەرزدار.
جىسمىم ياقا يۇرتتا يۈرگىنىدە هەم
كۆڭلۈم كۆڭلۈڭ بىلەن كۆرۈشتى دىدار.
تىرىلمىك ئىچىدە ئاددىي ئىنسانمەن،
ئۆمۈر مەنزىلىمگە ئۆزۈڭلا سەردار.
تۇغۇلۇپلا ساڭا تەئەللۇق بۇ تەن
لەۋزىمدە تۇرمىسام قەدەمدە بىر دار.

1989 - يىل 9- ئاي، ئۈرۈمچى

## سېغىنغۇدەك نىگار بولسىلا

ئايرىلىش ئازاب دەپ يازدى شائىرلار
ۋىسال دەملىرىگە يوقىتىپ ئىشەنچ.
لېكىن مېنىڭ جىسمىم يىراق جايلاردا
بۆشۈكۈڭدە كەبى ئۆتىدۇ هەر كەچ.
خۇرسىنىشلىرىمغا ئەسلەش مەدەتكار
يوشۇرۇن پىراقىم هەسەلدىن تاتلىق.
سېغىنىپ يۈرۈشكە بولسىلا نىگار
تەنها كۆنلەرىمۇ قاپلايدۇ شادلىق.
دەرگۇمان بولماستىن مېنى كۈتتۈۋەر،
تەلپۈنۈشلىرىمدە تەسەددۇق بۇ جان.
ئاشىقلىق ئىلكىدە كۆيگەن ۋۇجۇدۇم
سېنى كۆرگەندە ياش، ئايرىلغاندا قان...

1989 - يىل 9 -ئاي، ئۈرۈمچى

## سەنسىز چاغلار

مۇساپىر بولۇپ باقتىم بىر سائەت،
مېنى كۈتمەككە چىقمىدى تونۇش.
قاراپ‌ھەر يانغا تۈگىمىدى تاقەت،
بولدۇم قانىتى سۇنۇپ كەتكەن قۇش.
شۇ مىسكىن ھالەت، شۇ چىرايىمنى
تىرىك ئۆلۈككە قىياس ئەتكۈلۈك.
ساڭا تەلمۈرۈپ تارتقان ئاھىمنى
سۆيگۈ دەپ تارىخقا دەرھال پۈتكۈلۈك.
بىر قەدەم مېڭىشىمۇ توختىدى تەسكە
ئېسىپ قويغاندەك پۇتلىرىمغا تاش.
ئېيتقىنا سەندە يۈرگەن چاغلاردا،
ئېزىقىپ يوللاردا تۆككەنىمدىم ياش؟

1989 - يىل 30 - سېنتەبىر، ئالمۇتا

## زېمىن باھارى

زېمىنغا كېلىدۇ ھەر يىلى باھار،
ماڭا ئۆمۈر بويى بىر باھار نېسىپ.
گۈلخان ئىچىدىمەن ياغقاندىمۇ قار،
شۇڭا ياشىمىدىم بوينۇمنى قىسىپ.
ئەمدى ئىزغىرىنىدىن سۆزلىمە زىنھار،
ئۇرۇنما قىلىشقا باھارىمنى قىش.
بىر يالقۇن ئۆيۈمگە مەڭگۈ بەر قارار
توكلاپتۇ دېگەن سۆز ھامانە مىش - مىش...
ياق دېسەڭ يېقىن كەل قولۇڭ ئۈزىتىپ،
كۆكرىكىم تەكتىنى سىلىغىن بىر رەت.
ئۇ يەردە ۋاپالىق ئوتقا پۈركىنىپ،
ياتىدۇ دىيارىم بەرگەن مۇھەببەت...

1989 - يىل ئۆكتەبىر، فرۇنزې

**مەريەم سەپەربايېۋا**

## ئالىي مۇكاپات

ئاتونۇش ئۆيلەردە مېھمان بولغىنىم
شەخسىي ئالىيلىقىم، شۆھرىتىم ئەمەس.
مەشرەپلەردە گاھى سۇلتان بولغىنىم
سەلتەنەت ئەمەسۇ، سۆلتىم ئەمەس.
دۇرۇس، تەزىم قىلدى يوللاردا ماڭسام،
ياپيېشىل ياپراقلار، تالى مەجنۇنلار.
غۇرۇر سەھنىسىدە پادىشاھ بولغان
كەبى ئەقىدەمگە يېپىلدى تونلار.
ئۇرۇلغان قەدەھلەر، تۈگەپ تۇرغان مەي
ھۆرمەت كۆزى بىلەن باقتى بېشىمغا.
چېكىلگەن تەمبۇرلار، ياڭراۋاتقان نەي،
جۆر بولدى توختىماي ئاققان يېشىمغا.
ساڭا ئىدى بۇلار، ساڭا ئىدى گەپ،
ساڭا ئىدى ئالقىش، ھەر نە ئېھتىرام.
شۇ ۋەج مېنى تونۇپ بوپتۇ جاھان دەپ،
دۆڭلەرگە ئات چېپىپ چىقارمىدىم نام.
دېيىلسە ئۆمرۈمدە باردۇر پۇشايمان،
ئۇ پەقەت كىملىكىمنى بىلمەي قالغىنىم.
ئەگەر بار دېيىلسە ئادەمگە ئۇنۋان،
جۇڭگولۇق ئىدىم دەپ ئۇنۋان ئالغىنىم.
شۇ دەقىق قامىتىم تاغلاردىن ئېگىز،
شۇ دەقىق ئېپتىخار تاقاشتى كۆككە.
جۇڭگولۇق دېگەن سۆز نەقەدەر لەزىز،
مەن ئەلۋەتتە تۇلپار بۇ ئېغىر يۈككە.

1989 - يىل ئۆكتەبىر، ئالمۇتا

## قۇتلۇقلايمەن شانلىق توييۇڭنى

كوممۇنىستىك پارتىيە دېسەم،
تاڭ ئۈزىدىن بېرىدۇ دېرەك.
ئاشماقتىمىز كونىسېرى داۋان،
سەن بولغاچقا قۇدرەتلىك تىرەك.

سوۋغا سۇندۇم شانلىق تويۇڭغا
كۆڭلۈمنىڭ شوخ چېچەكلىرىدىن.
چاچقۇ چاچتىم گىگانت بويۇڭغا،
دىلىنىڭ يۈكسەك تىلەكلىرىدىن.

تۆرەلگەندە بىر تامچە بولساڭ
ئەمدى بولدۇڭ مىسلى بىر دېڭىز.
يالتىرايدۇ يەتمىش قۇياشتەك،
ئارتتا قالغان يەتمىش يىللىق ئىز.

سەن ئۆگەتتىڭ بىزگە يېڭىشنى
چىلبىشلاردا، كەسكىن جەڭلەردە.
ئالدانمىدۇق مەنزىللەر ئارا،
مىكىرلەرگە، تىلىسىم رەڭلەرگە.

سەن ياڭغان نۇر، سەن ئالتۇن ئاپتاپ،
سەن شاپائەت، مېھرۇ-مۇھەببەت.
سەن كۆمۈكتىن ئالدىڭ ئاۋايلاپ،
كۆلۈپ كەتتى ئەلدە ھەقىقەت.

قارا بۇلۇت سۈرۈلدى كۆكتىن،
تاراپ كەتتى قارىغۇ تۇمانلار.

ئۈيناپ ئاقتى دەريايۇ ئەنھار،
گىرداپ ئۇردى چەكسىز ئۇكيانلار.

چېچەكلىدى زېمىن زىيادە،
پورەك يېرىپ چېچىپ خۇش پۇراق.
باغجانلىدى ھايات چىنارى،
گۈللەپ كەتتى بۇ ئانا تۇپراق.

ئىشلىگەنلەر چىشلەيدۇ بىزدە
قان-تەرىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ.
بەخت تاپتۇق، بەختىيار ئىنسان
ياشار پارلاق ئەتىنى كۆرۈپ.

مېھنەت بىزدە ئالىي بىر مەزمۇن،
خىسلەت ئىچرە ئالىي بىر خىسلەت.
شۇڭا تاپتۇق يۈكسىلىشلەردە
بورانقۇشتەك ئۇچقۇر بىر سۈرئەت.

ساڭا خەلقىم مېھرى بىر گۈلخان،
سەن بىر يۈرەك ئەل ئۈچۈن ياڭغان.
سەن بارسەنكى بىز ھەم باردۇرمىز،
قىزىل نۇرغا پۈركىنەر جاھان.

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن

## قەلب خىتابى

ئاڭلا جاھان،
غۇرۇر بىلەن
ياڭراپ چىققان ناخشامنى،
مەزمۇنىدىن
ئاقار كۆي بوپ
بەختىمىزنىڭ داستانى.
كۆرگەنمۇ سەن
جۇڭخۇادەك

كۆرەشلەردە شان قۇچۇپ،
يەر يۈزىدە قۇدرىتى
چاقماق كەبى تېز ئاشقاننى.
سۆيۈنۈشتىن خەلقىمنىڭ
ئىپتىخارى، خوشلۇقى
دىللىرىدا جۇش ئۇرۇپ
سەلدەك يامراپ تاشقاننى.
تولۇن ئاينى ھۇسىندە

مەپتۇن قىلغان يۇرتۇمنىڭ
زېمىندە، كۆكىدە
ئۈز گۈللەرنىڭ رېڭى بار.
بۇ مۇقەددەس
كۆركەم رەڭدە
سانسىزلىغان مەردلەرنىڭ
تۆككەن ئەجرى، قېنى بار.
بۇنى ئالتۇن بەتلىرىگە
نەقىشلىگەن تارىخنىڭ
نۇردەك چاقناپ ھەر قۇرى
تۇرار مانا ئالدىمدا.
ۋاراقلىسام ئۇنى مەن
كۆرەش يولى خەلقىمنىڭ
كېلەر بىر - بىر تىزىلىپ
سۈرەت بولۇپ ئالدىمغا:
ئەلمىساقتىن ئېلىمىز
ئاسارەتتە دەرد تارتقان،
دىلى قارا ياتلاردىن
«شەرق كېسەلمىنى» دەپ
ھاقارەتلىك نام ئالغان.
قانچە - قانچە ئەسىرلەپ
ئازادلىققا تەلپۈنۈپ
خەلقىمىزنىڭ كۆزىدىن
دەريا - دەريا
قان تامغان.
بۇ ئاھ - دەردلەر تېگىگە
يېتىپ پەقەت پارتىيە،
سۈنۇق،
مىسكىن دىللارنى
يېڭى ئاڭدا يورۇتتى؛
ئەمگەكچىلەر ئارزۇسى،
ئارمانىنى مىزان قىپ،
جاھالەتنىڭ - كۈلپەتنىڭ،
يىلتىزىنى قۇرۇتتى.
شۇندىن تارتىپ خەلقىنىڭ
قەددى ئۆسۈپ، رۇسلىنىپ،
كەلگۈسىگە ئىشەنچى
بولدى گويا
يالقۇن - چوغ.
ئورۇن ئالدى دىللاردىن
چۈنكى بىزدە كۈندە توي،
كىيىم پۈتۈن،
قورساق توق.
شانلىق، ئۇلۇغ پارتىيە
دادىل باشلاپ ماڭماقتا
ئېلىمىزنى تېخىمۇ
گۈزەل، پارلاق ئىقبالغا.
خەلقىم كۈلۈپ،
سۆيۈنگەن
سوتسىيالىزم يولىدىن
قىلچە تايماي،
داجىماي،
ئالغا بارار ئىلگىرىلەپ،
پارتىيىگە دىلىدىن
ئېيتىپ چەكسىز ھەشقاللا.

تۇرغان شاۋۇدۇن

## پارتىيىگە مەدھىيە

ئالەمگە يورۇقلۇق پۈتكەن قۇياشتەك، لەۋدىكى كۈلكىلەر ئەكسىدۇر ،سېنىڭ،
قەلبىمىز تەكتىدە تۇرسەن چاقناپ. تەپتىڭدىن ئاقار قان تومۇردا يامراپ.

قۇياشقا تەلپۈنگەن رەڭدار چېچەكتەك،
تەلپۈنەر خەلقىمىز ساڭا ھەر زامان.
بېغىشلاپ خەلققە سەن بەخت، شادلىق،
باشلايسەن يۈكسەكتىن يۈكسەككە ھامان.
پۈتۈلگەن دانالىق، سەزگۈرلۈك ساڭا،
كۆرىدۇ ھەمىشەم يىراقنى كۆزۈڭ.
پارلاق بىر مەنزىلگە باشلايسەن بىزنى،
غەلىبە كاپالىتى ھەر ئېيتقان سۆزۈڭ.
باتۇرسەن، قەيسەرسەن، جاسارەتلىكسەن،
تۇرىسەن ھەر زامان پرىنسىپتا چىڭ.
قاباھەت مەپتۇنى شۇم نىيەتلەرنىڭ،
كۆكسىنى قان قىلسا ئۇرغان كاكىڭ؛

دوستلارغا بېغىشلاپ ئىلھام، جاسارەت.
چاقىرار كۈرەشكە يۈكسەك خىسلىتىڭ.
ئورىلىپ ئېلىمىز شۇڭا شۆھرەتكە،
جاي ئالدى ئىنسانلار قەلبىدىن بېيجىڭ.
سەن گويا دەست تۇرغان گىگانت بىر ئادەم
شەرق ئاسمىنىنى تۇرىسەن يۆلەپ.
باقماقتا كەڭ جاھان ساڭا ھەيۋەتتە،
ھەۋەستە، ھەسەتتە پاھ، ياكى ئاھ، دەپ.
سەن بىزنىڭ بەختىمىز، غورۇرىمىز سەن،
تەندىكى بىھساب ھۇزۇرىمىز سەن.
چامدايمىز بىز ساڭا ئەگىشىپ مەڭگۈ،
سەن بىزنىڭ رولچىمىز، كۆز نۇرىمىز سەن.

ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن

# پارتىيە ھەققىدە شېئىرلار

## ھەقىقەت

ئۇلۇغ كومپارتىيەم شەنىڭ تۇمەن داستانغا پاتمايدۇ،
ئۇزۇن تارىخقا كۆز سالساق ئىزىڭدىن نۇرلار چاقنايدۇ.
پاچاقلاپ كونا دەۋراننى، ياراتتىڭ يېپيېڭى دۇنيا،
سېنىڭ ھەر بىر سۆزۈڭ بىزنى ھامان غەلىبىگە باشلايدۇ!

## ئەسلەش

تولۇغ ماۋ جۇشى، جۇ ئىنلەي، جۇدېنى ئەسكە ئالغاندا،
غۇلار دىللار ھاياجانغا، تۆكىمەس كۆچكە ـ دەرمانغا.
ئۇلارنىڭ سۆز ـ خىتابلىرى چېچىپ نۇر قەلبىگە ئەلنىڭ،
ئاجايىپ زور شەرەپ ـ شانلار بەخش ئەتمەكتە دەۋرانغا!

## شەپقەتچى

ئۇلۇغ كومپارتىيەم بىزگە ئۈزۈڭ تاتلىق ھايات بەردىڭ،
قىلىپ توققۇزىمىزنى تەل، يېپىشكە قەنت ـ ناۋات بەردىڭ.

ئۆزۈڭ بولغاچقا دۆلدۆللار چاپار بەيگىدە بەس - بەستە،
قىلىشقا كەڭتاشا پەرۋاز تولۇق ئىمكان - قانات بەردىڭ.

## يولباشچى

ئۇلۇغ كومپارتىيەم دائىم ئۆزۈڭ يولباشچى بۇ سەپكە،
ئۆزەڭ بولغاچقا تولدۇق بىز شىجائەت بىرلە سۈرئەتكە.
ئىجاد ھەم كەشپىيات بىرلە ياشايمىز بىرلىشىپ مەڭگۈ،
قۇچقان شان - شەرەپ مەنسۇپ ۋەتەندە بارچە مىللەتكە.

## مەشئەل

ئۇلۇغ كومپارتىيەم سەندە ئۈمىدى بارچە خەلقىمنىڭ،
ئۆزۈڭ بولغاچ يۈرەكلەر توق، كېيىل سەن مەڭگۈ بەختىمنىڭ.
جىمى مىللەت ئۇتىشىپ قول، قەدەم تاشلايمىز مەنزىلگە،
سەپەردە سەن ئۆزۈڭ مەشئەل، چىراغى ھەمدە قەلبىمنىڭ.

## سالام دەيمەن

ئۇلۇغ كومپارتىيەم مىنى ئۆزۈڭ ئەزىز بالام دەيسەن،
قىنىپ مىھرىڭگە چوڭ بولدۇم، سىنى مەن ئۆز ئانام دەيمەن.
ئاقار دولقۇن ياساپ دائىم تىنىمدە شەپقىتىڭ چەكسىز،
شۇڭا يەتمىش يېشىڭغا چىن دىلدىن مىڭ سالام دەيمەن.

مامۇت زايىت

## تەرىپىڭنى كۈيلىمەك بەختىم مېنىڭ

(تەرجىئىبەند)

1

پارتىيەم، بولدۇڭ چىۋەر، باتۇر قوماندانىم مېنىڭ،
سەن بىلەن كەلدى بۈگۈن ئۆرلەشكە ئىمكانىم مېنىڭ.

تاپتى دىل ئازادلىك ئادىل بۇ دەۋرانىم مېنىڭ،
تۆھپىكار ئەمگەكچى ئەھلى يېڭى ئۇنۋانىم مېنىڭ،
قۇچتى ھۆرمەت كۆيچى ھەم باغۋەن دېگەن نامىم مېنىڭ.
تەرىپىڭنى كۆيلىمەكلىك شەۋكىتىم - شانىم مېنىڭ،
توختىماس فونتان ئېتىشتىن ناخشا - داستانىم مېنىڭ.

جۇمۇلاڭما چوققىسىدەك ئۆستى مەزمۇت قامىتىڭ،
پۈركىنىپ توي - بەزمىگە، كەلدى تۇغۇلغان سائىتىڭ،
باستى جەڭلەردە سەپەرنى توختىماس تۇلپار ئېتىڭ.
قىلدى دوستلارنى خۇشال قۇچقان زەپەر ھەم سۈرئىتىڭ،
گۈللىنىش كەلتۈردى ئەلگە يېڭى غەيرەت، قۇدرىتىڭ.
تەرىپىڭنى كۆيلىمەكلىك شەۋكىتىم - شانىم مېنىڭ،
توختىماس فونتان ئېتىشتىن ناخشا - داستانىم مېنىڭ.

سەن قۇرۇلغان چاغدا ئەلنىڭ قەلبىدە پارلاپ قۇياش،
ئاپىرىن ئېيتتى زېمىن، ھۆرمەتتە تاغلار ئەگدى باش.
ۋەتىنىم تاپتى ئىنجادلىق، ئازىيىپ كۆزلەردە ياش،
يېشىلىپ مۈشكۈل سوئال، سىرلىق تۈگۈنلەر بولدى پاش.
قەھرىمان ئوغلانلىرىڭ جەڭ كارۋىنىغا بولدى باش.
تەرىپىڭنى كۆيلىمەكلىك شەۋكىتىم - شانىم مېنىڭ،
توختىماس فونتان ئېتىشتىن ناخشا - داستانىم مېنىڭ.

تۇغۇلۇپلا كېمىدە، كۆردۈڭ كېلىچەك - ئەتىنى.
جەڭدە ئۆتكۈزدۈڭ بېشىڭدىن كۆپ مۇشەققەت پەيتىنى،
رۇدىپايلاردىن ئېلىپ بەردىڭ خەلقىنىڭ ئەنتىنى.
بىز يېڭىپ ئالۋاستىلارنىڭ ھىيلىسىنى - پەنتىنى،
سەن بىلەن چاقتۇق بەختىنىڭ، ھۆر ھاياتنىڭ قەنتىنى،
تەرىپىڭنى كۆيلىمەكلىك شەۋكىتىم - شانىم مېنىڭ.
توختىماس فونتان ئېتىشتىن ناخشا - داستانىم مېنىڭ

سەن ئۆزۈڭ يول باشلىغاچ، بولدى ئاسان مۈشكۈل - خەتەر،
لەرزىگە كەلتۈردى ئالەمنى ئۇزۇن يوللۇق سەپەر.
ئۆرلىدىڭ چامدامدا - جەڭدە يارىتىپ نۇسرەت - زەپەر،
بەردى قۇربانلار قېنى ئىقبال - سائادەتتىن خەۋەر،
كەلدى ۋەتەننىڭ تۇپرىقىدا پارلىدى سۈبھى - سەھەر.
تەرىپىڭنى كۆيلىمەكلىك شەۋكىتىم - شانىم مېنىڭ،
توختىماس فونتان ئېتىشتىن ناخشا - داستانىم مېنىڭ.

سەن بىلەن ئاشتى ئەمەلگە بارچە يوقسۇل ئارمىنى،
سەن بىلەن شادىيانىغا چالدۇق سۇناي ھەم ناغرىنى،
سەن بىلەن قۇدرەتكە تولدى ئىنقىلابنىڭ كارۋىنى.
سەن بىلەن سىلجىتتۇق ئالغا جەڭدە غالىپ ھارۋىنى،
سەن بىلەن قىلدۇق چىمەن ئانا ۋەتەننىڭ باغرىنى.
تەرىپىڭنى كۈيلىمەكلىك شەۋكىتىم ـ شانىم مېنىڭ،
توختىماس فونتان ئېتىشتىن ناخشا ـ داستانىم مېنىڭ.

چۈشتى ھۆرلۈك ئاپتىپى تاغ، چۆل، ئېدىرغا سەن بىلەن،
يەتتى مېھنەت ـ ئەجرىمىز ھۆرمەت ـ قەدىرگە سەن بىلەن،
قوندى قۇت ـ ئامەت قۇشى يېتىم ـ يېسىرغا سەن بىلەن،
چىقتى خەلقىم گەمىدىن يۈكسەك قەسىرگە سەن بىلەن،
ئەل ئېرىشتى يېڭى بىر پارلاق دەۋرگە سەن بىلەن.
تەرىپىڭنى كۈيلىمەكلىك شەۋكىتىم ـ شانىم مېنىڭ،
توختىماس فونتان ئېتىشتىن ناخشا ـ داستانىم مېنىڭ.

سەن بىلەن گۈللەپ زېمىن، كۈلدى ۋەتەندە ھۆر ھايات،
سەن بىلەن بولدى ئۆمۈرنىڭ تەمى شېرىن بال ـ ناۋات،
سەن بىلەن ھىجران تۈگەپ، قىز ھەم يىگىت تاپتى مۇرات،
سەن بىلەن دەريا ۋە تاغلار رەتلىنىپ، بولدى ئاۋات،
مەردلىرىڭ يەتتى كامالغا، توختىماي قاقتى قانات.
تەرىپىڭنى كۈيلىمەكلىك شەۋكىتىم ـ شانىم مېنىڭ،
توختىماس فونتان ئېتىشتىن ناخشا ـ داستانىم مېنىڭ...

2

كەلمىدى نۇسرەت ئوڭاي، تىركەشتى مەلئۇنلار خېلى،
بولدى توسماقچى يولۇڭنى كونا دۇنيا داڭگىلى.
سېنى بوغماققا سوزۇلدى جىن ـ شاياتۇن چاڭگىلى،
بەرمىدى تەن دۈشمىنىڭ، سەكراتتىمۇ ئۈزىراپ تىلى،
تەۋرىمەس گىگانت بولۇپ تۇردۇڭ كۆرەشلەر مەزگىلى.
تەرىپىڭنى كۈيلىمەكلىك شەۋكىتىم ـ شانىم مېنىڭ،
توختىماس فونتان ئېتىشتىن ناخشا ـ داستانىم مېنىڭ.

ئاشۇ ئاپەت يىللىرىدا سەنمۇ چەكتىڭ كۆپ جاپا،
قالدى چاڭدا ھەق - ئادالەت، توغرا ئىش بولدى خاتا.
خار بولۇپ پەن ئەھلى، سۇردى دۆت - نادانلار كەيپ - ساپا
ئاتىلىپ تۆھپە جىنايەت، بولمىدى ئىشتا ساپا،
سەن چىنىقتىڭ جوت - بوراندا، ساقلىدىڭ ئەلگە ۋاپا.
تەرىپىڭنى كۆيلىمەكلىك شەۋكىتىم - شانىم مېنىڭ،
توختىماس فونتان ئېتىشتىن ناخشا - داستانىم مېنىڭ.

ئەل تىكلىدى چوڭ ئۈمىدتە ئەي بۈيۈك رەھبەر ساڭا،
جەڭدە ئەگەشتۇق تۆمەنلەپ تاغ يۈرەك قەيسەر ساڭا،
سەن قورقۇتتۇڭ جۇد - قۇيۇننى، قايتتى ئەنگۈشتەر ساڭا،
ئوقۇدى ئالقىش - تەشەككۇر ئاي، قوياش ھەم يەر ساڭا،
سۇندى خەلقىم بارىكاللا ياغدۇرۇپ، گۈللەر ساڭا.
تەرىپىڭنى كۆيلىمەكلىك شەۋكىتىم - شانىم مېنىڭ،
توختىماس فونتان ئېتىشتىن ناخشا - داستانىم مېنىڭ.

سەن بولۇپ ئەلگە، ۋەتەنگە رەھنەما نۇر - ئاپتاپ،
«سول» ئىقابىلىق جادىگەرنى سوتلىدىڭ، ئالدىڭ ھېساب،
گۈللىتىشكە ئېلىمىزنى قايتىدىن قىلدىڭ خىتاب،
ھەپسىدىن چىقتى ھەقىقەت، پەن - بىلىم، سەنئەت، كىتاب،
باشلىدۇق ئىش ئۆمرىمىزنى غايە - ئىقبالغا ئاتاپ.
تەرىپىڭنى كۆيلىمەكلىك شەۋكىتىم - شانىم مېنىڭ،
توختىماس فونتان ئېتىشتىن ناخشا - داستانىم مېنىڭ.

پەخرىمىز سەن، بەختىمىز سەن ئەي شەرەپلىك پارتىيەم،
بولدى ئىستىقبال گۈزەل، تۇتقاچقا سەن بايراق - ئەلەم،
بايرىمىڭ كەلدى ۋەتەن كۆلگەندە ياشناپ ئۇشبۇ دەم،
ئوينىدى ئەل بەزمە - توي، زەپ قىزىدى مەشرەپ - سەنەم،
يازدى ئوغلانىڭ قەسىدە، سەن ئاڭا بەردىڭ قەلەم.
تەرىپىڭنى كۆيلىمەكلىك شەۋكىتىم - شانىم مېنىڭ،
توختىماس فونتان ئېتىشتىن ناخشا - داستانىم مېنىڭ..

تۇرسۇن قۇربان

# پارتىيە ھەققىدە داخشا

## چەكسىز ئۇلۇغ ئېقىن

دەريا سۈيى تاشقىنلىغان چاغدا مەن،
تۇردۇم ئۇلۇغ ئاققان تارىم بويىدا.
نەزەر سالدىم قۇدرىتى زور دولقۇنغا،
بالقىپ كەتتىم ھاياجاننىڭ قوينىدا.

دېدىم شۇندا: بۇ دەريا زور نېمانچە
ھەيۋەتلىك ـ ھە، ئۇنىڭ قاينام ئۇركىشى،
بىلەلمەيمەن، بۇ يۇرتىمىزارا بارمىكىن
ئاشۇ ئۇلۇغ ئېقىننىڭ بىر تەڭدىشى؟

كومپارتىيە مېھرى يامراپ ئاقماقتا
بارچە مىللەت خەلقى يۈرەك ـ باغرىدا.
بولالمىغاي كىچىككىنە بىر ئېقىن
ئاشۇ ئەزىم دەريا ئۇنىڭ ئالدىدا.

## ئۆچمەس قۇياش

يەر ـ زېمىنغا چېچىپ ئالتۇن نۇرىنى
قۇياش كۈلۈپ چىققىنىدا ئۆيىدىن.
كەڭرى ئالەم يورۇپ كېتەر يوپـيورۇق
بارچە شەيئى بەھرى ئېلىپ نۇرىدىن.

ھەر سەھەردە قۇياش چىققان تەرەپكە
تەلپۈنىمەن قاراپ راسا زوقلىنىپ.
قۇياش ئەكسى جىلۋىلىنەر يۈزۈمدە
سۆزۈك قەلبىم ئاسمانى بەك نۇرلىنىپ.

ھاياجاندا دەيمەن: قۇياش ــ سەن جەمئىي
ھاياتلىقنىڭ كېپىلىسەن، مەنبەئى.
سەنسىز يوقتۇر بۇ جاھاندا تىرىكلىك
ھەم سېنىڭسىز نىجادلىق يوق ئەبەدىي.

ۋەتىنىمنىڭ قۇياشىدۇر ــ قۇياشى
ئۇلۇغ، شانلىق ھەمدە توغرا پارتىيە.
ئاشۇ پارلاق قۇياشىمىز شەنىگە
ياڭراپ تۇرار يۈرەكلەردە مەدھىيە.

## ئۇلۇغ تارىخ،

## نۇرلۇق كىتاب

ــ«ج ك پ تارىخى» نى ئوقۇغاندا

ئۆستىلىمدە تۇرار دائىم بىر كىتاب،
مەن ئوقۇيمەن،
ۋاراقلىرى ئېچىقلىق.
ئوقۇپ، ئوقۇپ زېرىكمەيمەن ئۇنىڭدىن،
ھەر جۈملىسى چىن ھەقىقەت، يېقىملىق.

مۇقاۋىسى چوغدەك قىزىل شۇ كىتاب،
ئۇلۇغ غالىپ كومپارتىيەم تارىخى.
خېسلەتكە باي باتۇر يىللار ئىزناسى
ھەر بىر ماۋزۇ،
ھەر بىر بېتى ــ ۋارىقى.

ھەر ئوقۇسام كېلىدۇ كۆز ئالدىمغا
شۇ كورەشچان يىللارنىڭ جەڭ قاينىمى.
ئەڭ خەتەرلىك سەپەرلەرنىڭ غەلبىسى
تەبرىكلەنگەن خەلق تويى ـ بايرىمى.

ئالدىمدا ھەم گەۋدىلىنەر تاغلاردەك
داھىي، سەردار ـ ئەجدادلارنىڭ ئوبرازى.
ياڭراپ كېتەر قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە
ئاشۇ قەيسەر شېھىتلەرنىڭ ئاۋازى.

ھەر ئۇقۇسام تۇرار كۆڭلۈمدە كۆرۈنۈپ
كېلەچەكنىڭ مەنزىرىسى چىرايلىق.
ئىھە، نېمانچە پارلاق بىزنىڭ ئەتىمىز،
ۋۇجۇدۇمنى قۇچار چەكسىز خۇشاللىق.

شۇ كىتابكى بىر نۇرانە شەجەرە،
كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ قامۇسى.
ئۇندا ئايان پارتىيىنىڭ يۈرىكى،
ئەقلى-ھوشى،
ۋىجدانى،
ئار-نومۇسى.

ئۇندا ئايان: ماۋزېدۇڭ ۋە ليۇ شاۋچى،
جۇ ئېنلەي ۋە جۇ دېلارنىڭ سىيماسى.
ئۇندا ياڭراق «ئىنتېرناتسىئونال» نىڭ
گۈلدۈرما ئاۋازىدەك ساداسى.
ئۇندا ئايان مىليارد يۈرەك-خەلقنىڭ
كېلەچىكى، ئارزۇسى ھەم ئۈمىدى.
شۇڭلاشقا بۇ قۇتلۇق كىتاب بىز ئۈچۈن
قەدىرلىكتۇر،
تەۋەررۈكتۇر ئەبەدىي،
دەيمەن ئۇنى سۆرتۈپ تۇرۇپ كۆزۈمگە:
كومپارتىيە — ئەڭ ئۇلۇغ بۇ دۇنيادا.
ئۇنىڭ قەلبى ئەل قەلبىگە چىڭ تۇتاش،
ئۇ شان-شەرەپ، ئۇ قۇياشتۇر دۇنياغا.

## تۇزىماس گۈل

— كوممۇنىست ئەجدادلارنى ئەسلەپ

تۇرىمەن چىرايلىق گۈلزار يېنىدا
ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈللەرگە قاراپ.
ئەسلەيمەن كوممۇنىست ئەجدادلارنى مەن
تۆكۈلەر كۆز يېشىم تارام-تاراملاپ.
ئۇ گۈلنى بۇ گۈلنى، ئۈزىمەن شۇدەم
پۇرايمەن زادىلا قانماي پۇراققا.
بىر چاغدا توختىدىم گۈلنى ئۈزۈشتىن
چۆمۈلدۈم شېرىن ئوي—چوڭقۇر خىيالغا.
ھەر ئېسىل گۈللەر ھەم پەسلى ئۆتكەندە
توزۇيدۇ سولىشىپ بەرگى-ياپرىقى.
توزىغان، سولاشقان گۈللەرنىڭ ئەسلا
بولمىغاي گۈزەللىك، خۇش بۇي پۇرىقى،
ۋە لېكىن كۆڭۈللەر بېغىدا چوغدەك
ئېچىلغان گۈل ئەسلا توزىماس مەڭگۈ،
شۇ گۈلكى قىپقىزىل لەئلى-ياقۇتتەك-
جۇلالىق،
يۈرەكتە نۇرانە بەلگە.
قەدىردان كوممۇنىست ئەجدادلار روھى
ئېچىلغان گۈل بولۇپ كۆڭۈل بېغىدا.
چاقنايدۇ پاك مېھىر-مۇھەببەت نۇرى
شۇ گۈلنىڭ ھەر ياپراق، ھەربىر شېخىدا.
تۆت پەسىل ئوپئوخشاش تۇرىدۇ شۇ گۈل،
ھەر ياققا چېچىپ زەر، پۇراقلىرىنى.
زىننەتلەپ تۇرار ھەم بۇ گۈل ئەبەدىي
ۋەتەننىڭ يېقىن ۋە يىراقلىرىنى.
ليۇ خۇلەن، دۇڭسۈنرۇي، لېي فېڭ، ئوۋ
ياڭخەي،
ئىسمائىل مەمەتلەر توزىماس گۈللەر.
شېھىتلەر قانلىرى شەپەققە رەڭداش،
تىنماستىن تارىتار ھارارەت، ھۆللەر.

## ئەڭ سۆيۈملۈك ئۇستازىم

— شىنجاڭ داشۆسىدىكى بىر پېشقەدەم
ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەسلىمىسىدىن

ئەللىك نەچچە يىل بۇرۇنقى بىر ۋەقە
ھازىرقىدەك تۇرىدۇ كۆز ئالدىمدا.
بىر سۆيۈملۈك كىشىنىڭ نۇر سىيماسى
نۇرىن چېچىپ ياتار يۈرەك-باغرىمدا.

مەن ئۇقۇيتتىم شۇ چاغلاردا بوغدىنىڭ
باغرىدىكى چوغدەك قىزىل بىناسىدا. ①
شاد ئۇچرىشىپ قالاتتىم مەن ھەر كۈنى
ئۇنىڭ بىلەن گاھ سىنىپ، گاھ ياتاقتا.

باش ـ كۆزۈمنى سىيلاپ دايىم شۇ كىشى
ئوغلۇم دەيتتى دىلىدىن شۇنچە كۆيۈنۈپ.
دەيتتىم مەنمۇ «سۆيۈملۈك جان ئۇستازىم»
شۇنچە يۈكسەك ھۆرمەت بىلەن سۆيۈنۈپ.

شۇ مېھرىبان ئۇستازىمتى لىن جىلۇ
قىزىل شىتاب ② ئەلچىسى — چىن مەرد كىشى.

داستان ئىدى مەكتەپ ئىچى ـ تېشىدا،
ئۇنىڭ پارلاق ئىنقىلابىي ئىش ـ ئىزى.

ھەر قارىسام شۇ تەۋەررۈك بىناغا
كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنەر ئوبرازى،
ياڭراپ كېتەر قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە
ئۇنىڭ ئوتلۇق خىتابى — گاڭ ئاۋازى.

تارىخىمدىن پەخىرلىنىپ ئېيتىمەن:
لىن جىلۇ — ئەڭ سۆيۈملۈك جان ئۇستازىم.
ئۇنىڭ ئۆچمەس تۆھپىسىنى مەدھىيىلەپ
تۇرار ياڭراپ گۈزەل ناخشام ـ ئاۋازىم.

ۋاھاب مۇقىيۇ (قازاق)

## پارتىيە شەنىگە

سەن تاۋلىنىپ نۇر چاچقان گىگانت مۇنار شەرقتە،
ئالەم ئارا ئاقتۇرسام يوقتۇر سېنىڭ تەڭدىشىڭ.
جاسارەتكە ئۇندەيدۇ ئەجداد روھى، مۇساپەڭ،
كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ پارلاق تارىخ ـ كەچمىشىڭ.

ياۋۇز ياۋلار ئالدىدا باش ئەگمىدىڭ ھېچقاچان،
كوممۇنىستىك ئەقىدە مەدەت بېرىپ، كۈچ بېرىپ.
ئۈمىد بالقىپ ئىزىڭدىن مېھىر تۆكتۈڭ، نۇر تۆكتۈڭ،
ئاۋام كۈلدى، يۇرت كۈلدى، ھىممىتىڭدىن يۈكسىلىپ.

«كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگو بولمايتتى»
دەر ھەقىقەت بۇ ھېكمەت، بۇلار يازسام مىڭ داستان.
ئاسايىشلىق ئەپ كەلدىڭ زامانىمگە، خەلقىمگە،
كۈيلەر ئېقىپ ئۆركەشلەپ ئىلى، تارىم، زىدرەپشان.

توغرا دېگەن نام پەقەت ساڭا مەنسۇپ، ساڭا خاس،
توغرا بولغاچ يۈكسەلدىڭ ئىسلاھاتتا ھەر قەدەم.
جاكارلايمەن جاھانغا بار ئاۋازدا ھەر ئەسنا،
ئىقبالسېرى چامدىغىن، ئەتەڭ گۈزەل پارتىيەم!

① قىزىل بىنا — شىنجاڭ داشۆدىكى قىزىل بىنانى كۆرسىتىدۇ.
② قىزىل شىتاب — ئەينى ۋاقىتتىكى مەركىزىي كومىتېت ئورگىنى تۇرغان جاي يەنئەننى كۆرسىتىدۇ.

مالىك كېۋىر

# ئۆچمەس يۇلتۇز

(ھېكايە)

قىش كۈنلىرى سۇ ئىشلىرى كادىرلىرى ئىدارىغا جەم بولۇپ، ئىشخانىلارغا سولىنىپ بىر يىللىق خىزمەتلەردىن يەكۈن چىقىرىش، ئىلغارلارنى باھالاش، پىلان تۈزۈش، ئۆگىنىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىمىز. بىز ئولتۇرغان ئىسسىق ئىشخانىدىكى مۇزاكىرىلەردە شامال يالاپ قارىداپ كەتكەن پېشانىمىزدىن تەر چىقىپ كېتىدۇ.

پىلان توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئىككىنچى ھەپتىگە قەدەم قويدى، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇ بىر پىكىرگە كەلگىلى بولمىدى. مەن ئىدارىگە يېڭىدىن باشلىق بولغان، ۋاچ - ۋۇچ گەپ قىلىپ، ئۈردىكى بىلەن غېزىنى ئايرىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالمايتتىم. بىر دانىشمەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئەقىل كۆرسەتكەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟ يىغىن ئەھلىنى ئوغرىلىقچە كۆزەتتىم، بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان پېنسىيىگە ھەيدەۋېرىپ، ئېڭىكىگە ئاق سانچىلغان تۈزۈككىنە ئادەم قالماپتۇ. ھەممىسىلا پىيلەكنىڭ ئۈچىدا تۇرغان خەمەكتەك كۆرۈندى. مېنىڭ ئېسىمگە يەنىلا ئايۇپكام كەلدى.

ئايۇپكام مەندىن ئىلگىرى ئۇزۇن يىل سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان ۋە يېقىندىلا پېنسىيىگە چىققانىدى. شۇ قېتىم ناھىيىمىزدىن خېلى كۆپ ئادەملەر پېنسىيىگە چىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆيىگە سوقۇنۇۋالغاچقا، نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى؛ بەزىلىرى سودىگەرچىلىك قىلىپ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە كەتتى، دۇكان ئېچىۋالدى؛ يەنە بەزىلىرى بولسا، بىردىنلا ئۈستىگە مەللە چەكمەن كىيىپ، بېشىغا سەللە يۆگەپ ئىمام، مەزىن بولۇۋالدى، دۇرت ئوقۇپ، تەسۋى سىيرىپ، مەسچىتتىن چىقمايدىغان بولدى. پەقەت بىر ئايۇپكاملا گويا ھاياتىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغاندەك ئۆزىنى ھەمىشە بىر خىل تۇتۇپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا ھېلىھەم قىزغىن ئىدى. شۇڭا مۇنداق چىگىش مەسىلىلەرگە ئايۇپكاملا مەسلىھەت بېرەلىشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتىم. بۇنىڭغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولغانىدى.

بىر كۈنى قىيىن بىر ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئىشخانىدا يالغۇز ئولتۇراتتىم. كاتىپ كىرىپ بىر ماتېرىيالنى ئالدىمغا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. قولۇمغا ئېلىپ قارىسام،

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش يىغى-
نىدا ئوتتۇرىغا چۈشكەن سۇ ئىنشائاتى
ئەسلىھەلىرىنى ئاسراش ـ قوغداشقا ئائىت
پىكىر، تەلەپلەر ئىكەن. ماتېرىيالنىڭ
باش تەرىپىگە ناھىيىنىڭ ھاكىمى «ھەم-
مىسى بولىدىغان گەپلەر، ياخشى مۇزاكىرە
قىلىڭلار» دەپ تەستىق ساپتۇ. ئەستايى-
دىل ئوقۇپ چىقتىم ـ دە، بۇ چوقۇم ئايۇپ-
كامنىڭ تەكلىپلىرى دەپ ئويلىدىم. ئايۇپ-
كام پېنسىيىگە چىققىنىغا يىلى ناھىيە-
لىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا ساي-
لانغانىدى. ئۇ ئىدارىگە ئارىلاپ كەلگەن
چاغلىرىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەرنى
قىلغانىدى. ناھىيىمىزدە سۇ ئىشلىرىنى
ئايۇپكامغا ئوخشاش چوڭقۇر چۈشىنىدىغان
ئىككىنچى بىر ئادەم يوق. مۇنداق گەپ-
لەر بىر ئايۇپكامنىڭلا ئاغزىدىن چىقىدۇ.
ئالىي مەكتەپ ئوقۇغان دېگەن
سالاھىيىتىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەن
ئايۇپكامغا يىپ ئېشىپ بېرىشكىمۇ يارىماي-
مەن. يېشى ئاتمىشقا توشقاندا پېنسىيىگە
چىقىدۇ، دېگەن ماددىنى نېمە ئۈچۈن
ئۆلۈك ئىشلىتىدىغاندىمىز ـ ھە؟! ئايۇپكام
تېنى ساغلام، بىزگە يەنە بىرنەچچە
يىل كۆچ بېرىدىغان كېرەكلىك ئادەم
ئىدىغۇ!

يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ مېڭىپ، بىر-
دەمدىلا ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەپتى-
مەن، ئايۇپكامنىڭ ئۆيى بازارنىڭ شىمالى-
دىن بىر كىلومېتىرچە نېرىدىكى يېڭى
مەھەللىدە ئىدى. بازار ئاشخانىسىنىڭ
ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئايۇپكام
بىلەن مۇشۇ ئاشخانىدا مېھمان بولغانلىقىم
خىيالىمدىن كەچتى. بىز يەنە پات ـ پات
ئۇلپەتچىلىك قىلىپ تۇرۇشاتتۇق. مېنى
كۆرۈپ بىر كىلومېتىر يەردىن بازارغا
يۈگۈرەيدىغان ئىش بولمىسۇن دەپ ئوي-
لاپ دۇكاندىن بىر بوتۇلكىنى ئېلىپ،
پەلتۇيىمنىڭ ئىچ يانچۇقىغا سېلىۋالدىم.

مېنىڭ ھويلىغا كىرىپ بىرىنچى بو-
لۇپ ئۇچراتقىنىم ئايۇپكامنىڭ ئايالى پاشا
ھەدە بولدى. ئۇ ياغاچ كۈرەك بىلەن
ھويلىدىكى قارنى ئادالاۋاتاتتى.

ــ قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى
سىنى، قەدىمىڭگە مۇبارەك بولسۇن، ــ ئا-
يالنىڭ ئىنچىكە قورۇق چۈشكەن چىرايى-
دا يىللىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى.

ــ ئا جۇيجاڭ...يوق ئوخشىمامدۇ؟

ــ قايسى ئاجۇيجاڭنى سورايسەن؟ ــ
ئۇ قاشلىرىنى سوئال نەزەرىدە ئېگىز كۆ-
تۈردى. ئايۇپكامنىڭ جۇيجاڭلىقتىن پېن-
سىيىگە چىققانلىقى دەرھال ئېسىمدىن يەت-
تى .ۋە ئاشۇنداق ئاتاپ ئادەت بولۇپ
قالغانلىقىنى ئىزاھلىدىم.

ــ مەن ئۇنىڭغا جۇيجاڭلىقىنى ئۇنتۇل-
دۇرالماي ھەلەك، سەن پات ـ پات كېلىپ
ئېسىغا سېلىپ ھەلەك. ئۇمۇ ئۇستىدىن جۇي-
جاڭلىق ئېگەر ـ توقۇمى ئېلىنمىغان ئات-
تەك يۈگرىگىنى يۈگۈرگەن، بۇ ئادەم قا-
چانغىچە يۈگرەيدىغاندۇ ـ ھە؟! ئۆلگەندە
پېنسىيىگە چىقامدىغاندۇ. ھەي ئايۇپ،
مېھمان كەلدى.

پاشا ھەدە ئۆي ئىچىگە قاراپ ئۈن-
لۈك ۋارقىرىدى. ھايال ئۆتمەي ئىشىك-
نىڭ بوسۇغىسىدا ئايۇپكامنىڭ ئۆزى
پەيدا بولدى. ئەمدى مېنىڭ كۆز ئالدىمدا
كاپكازچە بۆرۈتىنىڭ ئاقلىرى كۈمۈشتەك
يالتىراپ تۇرغان، يۈزلىرى ئىسسىق ـ سو-
غۇقتا پۇچۇلۇپ قارىدىغان، يىللىق چىراي،
يوغان كۆز ئادەم يەڭلىرىنى شىمايلاپ،

بىر قولىدا پىچاق تۇتقان ھالدا تۇراتتى.
ئۇ مېنى كۆرۈپ باللارچە يايراپ كەتتى.
ـ نېمە قاراپ تۇرۇسەن، قېنى ئۆيگە
كىر، ـ دېدى ئۇ ۋە كۈننىڭ سوغۇقلۇ-
قىغا قارىماي ئىشىكنىڭ ھەر ئىككىلا قانى-
تىنى ئېچىۋەتتى، ـ قېنى يۇقىرىغا ئۆت،
ھېلى قولۇم بوشايدۇ، ئۈزۈمىنگەمۇ ئىچى
پۇشۇپ تۇراتتى، ئوبدان ۋاقتىدا كەپسەن،
پىغاندىن چىققۇچە مۇڭدىشىمىز.
ئايۇپكام بىر تاغ ئۆچكىسىنىڭ ياغاچتەك
قېتىپ كەتكەن شىراقلىرىنى تىزىنىڭ
ئارىسىغا ئېلىپ قىسىپ تۇتۇپ، قولى-
دىكى قان يۇقى پىچاق بىلەن ئۇنىڭ
تېرىسىنى گۆشدىن ئاجرىتىشقا كىرىشتى.
ـ بۆرە قېرىنىمۇ بىر قويلىقى
ر، دەپ توغرا ئېيىتىپتىكەن ئايۇپكا،
بوش كەلمەپسىز ـ دە؟
ـ بۇمۇ سېنىڭ تەلىيىڭ، تاغ ئۆچكى-
سىنىڭ گۆشى ئېسىل زاكۇسكا جۇمۇ،
راسا بىر قاينايلى.
مەن تۆرگە ئۆتۈپ، پەلتۇنىڭ ئىچ
يانچۇقىدىكى ھاراقنى چىقىرىپ:
ـ ئۇنداق بولسا بۇگۈن ھاراق
مەندىن، ـ دېدىم.
ئايۇپكام بېشىنى ئىتتىك كۆتۈر-
دى ـ دە:
ـ ھوي، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ـ دېدى
كۆزىنى چەكچەيتىپ.
ـ زاكۇسكىنى سىز چىقىرىدىغان
بولدىڭىز...
ـ بۇ دېگەن مېنىڭ ئۆيۈم، بوتۇل-
كاڭنى يوقاتمىساڭ، بېغىردىن ئىككى زىق
كاۋاپ قىلىمەن ـ دە، يولغان سالىمەن،
گۆشتىن زىيان تارتىسەن.
بىر ئۈلپەتچىلىك قىلغاندا بىرىمىز-

گىلا قاراپ تۇرمايتتۇق، بىرىمىز ھاراق
ئالساق، بىرىمىز زاكۇسكىغا يۈگۈرەيتتۇق.
بۇ ئادىتىمىز ھەزىل ـ چاقچاقتا سەۋەب
بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئايۇپكام
بوتۇلكىنى كۆرۈپ قاتتىق كۈلۈپ كەتتى.
قاتتىق كۈلكىنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈپ تالا-
دىن كىرگەن پاشا ھەدە ئۈستەلنىڭ ئۈستى-
دە تۇرغان بوتۇلكىغا كۆزىنىڭ قىرىدا قا-
راپ قويۇپ:
ـ ھىم ... بۈگۈن كونا سارالڭ
بىلەن يېڭى سارالڭ بىرلىشىپ قايىنغۇدەك-
سىلەردە، ـ دېدى ۋە ئۇمۇ كۈلۈپ كەتتى.
پاشا ھەدە «ساراڭلار» نىڭ ھۆرمى-
تى ئۈچۈن ئۆچكىنىڭ تۆش، يانپاشلىرىنى
قوشۇپ بىر قازان گۆش سالدى. گۆش
پىشىپ يوغان لېگەندە ئالدىمىزغا كەلتۈ-
رۈلگەندە، مەن دەرھال بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى
ئاچتىم. ئارقا ـ ئارقىدىن بىر ـ ئىككى
رومكا كەلتۈرۈۋەتتۇق. ئايۇپكام: «قېنى،
چوڭ ـ چوڭ ئال» دەپ مېنى گۆشكە
تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، گەپكە چۈشتى.
ئۆزىنىڭ گۆرسايغا كىرىپ تاغ ئۆچكىسىنى
قانداق ئېتىپ چۈشۈرگەنلىكىنى ھېكايە
قىلىپ بەردى، ئۇنىڭ ھېكايىسىنى
ئاڭلاپ، ئۆزۈم گۆرسايدا تۇنجى قېتىم بول-
غان چاغلاردىكى ئىشلارنى ئىختىيارسىز
ئەسلەپ قالدىم.
يىراقتىن قارىغاندا گۆرساي تاغ
ئېتىكىدىكى يېزا، مەھەللىلەرگە شالىنى ئې-
قىتىپ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان رى-
ۋايەتلەردىكى يالماۋۇزنى ئەسلەتەتتى. مې-
نىڭ خىيالىمدىن بىرىنچى بولۇپ كەچكىنى
ساينىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تىغدەك تىك
تاغلار، دېڭىز ئۆركەشلىرىنى ئەسلىتىپ
بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ تۇرغان ئوتتۇرىسەدىكى

ئېگىز - پەس، ئەگرى - بۈگرى دۆڭلەر،
چوڭقۇر ئېقىن ئىزنالىرى ئىدى. ئېگىز-
دىن تۇرۇپ قارىغاندا، بۇ ئالامەتلەر
ھۆررەك بېسىپ كەتكەن قېرى چىرايغا
ئوخشايتتى.

— ئەڭ كۆپ بولغاندا ئاشۇ ئېقىندا
قانچە كۈب مېتىر سۇ ئاقىدۇ؟ — دېدى
ئايۇپكام سايىنىڭ ئۈستىدە ئالا ئاياغ
جىرەنىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ. ئۇ بىزنى بۇ
يەرگە باشلاپ چىققانىدى.

ھېچقايسىمىز جاۋاب بېرەلمىدۇق.
تاغ كەلكۈنلىرىنى يۈگەنلەشنى تەتقىق
قىلىش ئۈچۈن ئىدارە باشلىقى ئايۇپكام-
نىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ يەرگە ئون نەچ-
چە كىشى چىققانىدۇق. بۇ مېنىڭ ئالىي
مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ ئىدارىگە تەق-
سىم قىلىنغان يىلىم ئىدى. ئالدىمىدىن
ئۆتكەن ئىش بولمىغانلىقتىن، نېمە دېيىش-
نى بىلمەي كۆزۈمنى يوغان ئېچىپ قاراپ
تۇرۇپلا قالدىم. ئېقىن مىقدارى، ئېقىن
ئورنىنىڭ يانتۇلۇق گرادۇسى، كەلكۈننىڭ
ئۇرۇش كۈچى توغرىسىدا سانلىق مەلۇمات
تۇرغۇزماي يۈگەنلەش ئۈستىدە گەپ
ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ ئەسنادا
كۆز ئالدىمدىكى بوشلۇقتىن بىر نېمە لىپ
قىلىپ ئۆتتى. يۈرىكىم قارتتىدا قىلىپ قالدى،
قىردا تۇرغان ھەمراھلىرىم ئارقا - ئارقىدىن
چۇقۇرىشىپ كەتتى.

— ھوي ئايۇپكا، كەينىڭىزگە قايتىڭ،
ئات بىلەن چۈشكىلى بولمايدۇ، خەۋپلىك.

ئايۇپكام ھەش - پەش دېگۈچە
قىردىن ئاتلاپ چۈشۈپ، پەستىكى بىرىنچى
دۆڭنىڭ ئۈستىگە بېرىپ توختىدى. يەنە
ئۈچ - تۆت دۆڭنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەندە
ئېقىنغا يەتكىلى، كەڭلىكى، ئېگىزلىكى، بۇ
يەردىن ئۆتىدىغان ئېقىن مىقدارىنى ئۆل-
چىگىلى بولاتتى. ئايۇپكام ئىككىنچى دۆڭ-
دىن ئۆتكەندە ئالا ئاياغ جىرەن ئۈشتۈم-
تۇت مۆدۈرۈپ كەتتى. ئاتنىڭ ئىزىدىكى
ئاستىدىكى قىرنىڭ يانتۇلۇقى ئاتمىش -
يەتمىش گرادۇس كېلەتتى. ئايۇپكام
راۋاقتىن قاڭقىغاندەك ئاتنىڭ ئۈستىدىن
ئۇچۇپ چۈشتى. پەسكە قاراپ دومىلىغاندا
ئالا كالتىكى قولىدىن چىقىپ كەتتى. بىز
ئاتلىرىمىزنى سايىنىڭ قىرىدا قالدۇرۇپ،
ئۆزىمىزنى پەسكە قاراپ ئاتتۇق. لېكىن
بىز يېتىپ چۈشكىچە ئايۇپكام بىر قۇرام
تاشقا چىڭگىدە يېپىشىپ دۆڭگە
چىقىۋالدى.

گۆرسايىنىڭ ئىچى ۋە چىقىش ئې-
غىزىدا مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كەل-
كۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەسلىھەلىرىگە
ئايۇپكامنىڭ ئەنە شۇنداق ئەجرى سىڭ-
گەنىدى. بۇ ئايۇپكامنىڭ قىران چاغلىرى
ئىدى. ئۇ سىزىش، ئۆلچەش، قۇرۇشنىڭ
پۈتۈن جەريانىدا ئىش ئورنىدىن ئايرىل-
مىدى. لېكىن گۆرساي توغرىسىدا گەپ
بولسىلا مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن بۇ يەردىكى
قايناق ئەمگەك بەزمىسى ئەمەس،
ئايۇپكام ئىككى پۇتىنى ساڭگىلىتىپ قۇرام
تاشقا چىڭگىدە ئېسىلىپ تۇرغان قورقۇنچ-
لۇق كۆرۈنۈش — ئايۇپكام يىقىلغان
يەردىن قۇرام تاشقىچە يىلان ئىزىدەك
ئەۋرىشىم سوزۇلغان قان ئىزى كەتمەيتتى.
ئايۇپكام ئەنە شۇنداق ئادەم ئىدى. ياش-
نىپ قالغانلىقىغا قارىماي قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا
يەنە تاغقا چىقىپ، ئۆچكە ئېتىپ
يۈرگىنىنى قارىمامدىغان...

مەن ئەنە شۇلارنى ئويلىدىم - دە،
ئالدىمدا تۇرغان رومكىنى قولۇمغا ئېلىپ

كۆپ قىلىپ كۆتۈردىم.

— گۆرسايىنى كۆزۈپلا ئالا ئاياغ جىرەندىن دومىلىغانلىقىڭىز ئېسىڭىزگە كېلىپ، يۈرەكلىرىڭىز ئويناپ كەتكەندۇر-ھە، ئايۇپكا؟

— قار قېلىن، گۆرسايىنىڭ ئويمان-چوڭقۇرلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاياقتەك قېتىپ كېتىپتۇ. ئۆچكىنى يۈدۈپ ماڭغاندىمۇ پۇتۇم قارغا چۆكمىدى.

— قار قانداقراقكەن؟ قېلىنلىقى بىرەر مېتىر كېلەمدىكەن؟

— ئۈچ مېتىردىن ئاشىدۇ، ئېھتىمال، شىۋىرغان قېلىنلاشتۇرۇۋەتكەندۇ، ھاۋا ئىسسىپ كەتسە، چاتاق چىقىدىغاندەكلا تۇرىدۇ، — ئۇ ئەمدى گەپنى خىزمەت ئۈستىگە يۆتكىدى، — ئەسلى بار ئەسلىھەلەرنى ئاسراش، رېمونتنى چىڭ تۇتۇش كېرەك، ئۈشتۈمتۇت كەلگۈن كېلىپ قالسا، خەتەرلىك بولارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

بىز ئەمدى ئالدىمىزدىكى ئىشلار توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشتۇق. بىر پەستە پاشا ھەدە پەيدا بولدى-دە، ئايۇپكامغا كايىپ:

— قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىپ، مېھماننى گۆش يېگىلى قويسىچۇ، سىلى پېنسىيىگە چىقتىلا، ئەقىل ئۆگەتمىسىلىمۇ يېڭى باشلىق نېمە قىلىشنى ئۆزى بىلىدۇ، — دەپ گېپىمىزنىڭ شېخىغا قاقتى.

— بىزنىڭ كەسپىمىزدە ئايۇپكامنى بېسىپ چۈشىدىغان دانىشمەن تېخى تۇغۇلمىدى، — مەن گەپ قىستۇردۇم، — بىز ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە داۋاملىق موھتاج.

— پېنسىيىگە چىققانلارنىڭ ھەممىسى ئەھلى جامائەتكە ئايلىنىپ بولدى. ئايۇپكاڭ تېخى پېچىتنى بۇزغىنى يوق. مەسچىتىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلمەيدۇ. دانىشمەن ئىدىمىش، تۆت-بەش كۈنلۈكى قالدى، نېمە ئۈچۈن ئۆلىدىغانلىقىنى ئويلىمايدۇ.

— سەن مېنىڭ خۇدا قوشقان ھەمراھىم، — دېدى ئايۇپكام پاشا ھەدىگە چاقچاق قىلىپ، — بۇ كەمگىچە نامازنى قازا قىلمىدىڭ؟ مېنى دوزاخقا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۆزۈڭ جەننەتكە كىرىۋالمايدىغانسەن، ئوقۇغان نامازلىرىڭنىڭ ساۋابىنى تەڭ كۆرەرمىز، خوتۇن؟

قىش چىقتى، ياز يورۇش بىلا ئۆيدىكى پىلان بازارغا توغرا كەلمەپتۇ دېگەندەك ئىش بولدى. بىر مىليون مودىن ئارتۇق يەرنى سۇغىرىدىغان ئانا ئۆستەڭنىڭ لاتقىسىنى تازىلاشقا ئادەمنى سەپەرۋەر قىلىپ تۇرۇشىمىزغا شىمالىي تەرەپتىكى تاغ بۆكتۈرلىرىدىن قار سۈيى ئېقىپ چۈشتى. ھاۋانىڭ شۇ قەدەر تېز ئىللىشىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمىز. ئادەتتە چېچەك مەزگىلىدە تاغدىن سۇ كېلەتتى. لاتقا تازىلاش ئەمەس، كەلگۈنىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆستەڭنى قوغداش بىر مەسىلىگە ئايلاندى. ئۆستەڭنىڭ ناھىيىمىز دائىرىسىدىن ئۆتىدىغان ئۇزۇنلۇقى ئەللىك كىلومېتىر كېلەتتى. مەن تەمتىرەپ قالدىم-دە، يەنە ئايۇپكامنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردۈم.

بۇ قېتىم ئۆيدە ھېچكىم يوق بولۇپ چىقتى، ئەمما قورۇنىڭ دەرۋازىسىمۇ، ئۆينىڭ ئىشىكلىرىمۇ ئوچۇق تۇراتتى. بىر پەستە پاشا ھەدە بىر قولىدا بىر نېمىنى كۆتۈرگەن ھالدا بازار تەرەپتىن پىيادە چىقىپ كەلدى، دەرۋازىنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئۇنىڭ قولىدىكى بىر تاۋاق بېدە ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئايۇپكامنىڭ باش ئەتىيازدا

بېدە كۆكى چۆچۈرىسىنى ئىشتەي بىلەن
يەيدىغان ئادىتى خىيالىمدىن كەچتى.
— ئايۇپكامىنىڭ قورسىقىدىكى قۇرۇق
ئىسسىقنى بىر ھەيدەي دەپسىز - دە، ئايۇپ-
كام باردۇ؟
— ئۆيدە قالغانتىغۇ، يۈر، سەنمۇ بېدە
چۆچۈرىسىگە ئېغىز تەگكىن، — دېدى پاشا
ھەدە.
شۇ تاپتا چۆچۈرە يېيىشكە ۋاقتىم
بولمىسىمۇ، لېكىن ئايۇپكام بىلەن كۆرۈ-
شۈش زۆرۈرىيىتىدىن پاشا ھەدىسگە ئەگى-
شىپ ھويلىغا كىردىم. ئەمما ئايۇپكام ئۆي-
دە يوق بولۇپ چىقتى. ئالائاياغ جىرەن
ئوقۇردا تۇراتتى، ئۇنى كۆرۈپ ئايۇپكامنى
يىراققا كەتمىگەن چېغى دەپ، پاشا ھەدە
ھويلا - ئارامنى ئىزدىدى، لېكىن ھېچيەردە
ئايۇپكامنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. بىر كەم-
دە ئۈستەلدىكى خەتكە كۆزۈم چۈشۈپ
قالدى:
«پاشا!
چۆچۈرىگە ساقلىيالمىدىم، خاپا بول-
ما، كۈننىڭ ئىسسىپ كەتكىنىنى كۆرۈۋات-
قانسەن، ناھىيىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، گۆر-
ساي ئاپەت ئېغىزى. قىشنىڭ ئوتتۇرىسى-
دىن باشلاپ ئۈستى - ئۈستىلەپ ياغقان قار
مېنى ئەندىشىگە سالدى. گۆرسايغا كەلكۈن
كېلىشىدىن قايغۇردۇم. كۆزدىن يىراق،
كۆڭۈلدىن يىراق دېگەندەك، سۇ ئىشلىرى
تارماقلىرىمىز بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان
گۆرسايدىكى ئەسلىھەلىرىمىزنى ئېسىدىن
چىقىرىپ قويدى. بەزىلىرى كونىردى، بۇ-
زۇلدى، بەزىلىرى كەلكۈننى تۇتۇپ قېلىش
ئىقتىدارىدىن بىراقلا مەھرۇم بولدى. گۆر-
سايدا مېنىڭ تەرىم، قېنىم قالغان، كۆزۈم
بىلەن كۆرۈپ دەگسەپ باقمىغۇچە خاتىر-
جەم بولالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى.
سېنىڭ بۇ ئويلىرىمنى ماقۇل كۆرمەيدىغان-
لىقىڭنى بىلىپ، يالغان گەپ قىلىشقا مەج-
بۇر بولدۇم.
بۇ قېتىم بۇرنۇمغا بېدە كۆكى چۆ-
چۈرىسى پۇراۋاتىدۇ، بېدە كۆكى سېتىپ
ئەكىلىپ چۆچۈرە تۈگۈپ بەر دەپ سېنى
بازارغا يولغا سېلىشىمۇ يالغانچىلىق، دۇ-
رۇس، مەن بېدە كۆكى چۆچۈرىسىنى ياخ-
شى كۆرىمەن، ئەمما بۇرنۇمغا يەنە گۆر-
ساي پۇرىدى. مەن ئۆچكە ئاتقىلى چىق-
قاندا، گۆرسايدىكى قارنىڭ قېلىنلىقىنىڭ
ئۈچ مېتىر كېلىدىغانلىقىنى كۆرگەن. كۈن
ئۇشتۇمتۇت قىزىپ كەتتى. ئېتىز - قىرلار-
غا، چەت ياقىدىكى مەھەللىلەرگە سۇ ئېقىپ
كەلدى. ئەگەر كۈن داۋاملىق قىزدۇرۇپ،
گۆرسايدىكى ئۈچ مېتىر قېلىنلىقتىكى قار
لۆمۈلدىگەن سۇغا ئايلىنىپ ئېغىزدىن بىراق-
لا ئېقىپ چىقسا، جاھاننىڭ ئىچى نېمە بو-
لۇپ كېتەر دېگەن خىيال كاللامغا كىرى-
ۋالدى. شۇڭا سېنى بازارغا كىرگۈزۋېتىپ
كوچىغا چىقسام، ئاشۇ تەرەپكە ماڭغان بىر
تراكتور ئۇچراپ قالدى، شۇنىڭدا كەت-
تىم، بەلكىم بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قېلى-
شىم مۇمكىن. قونغان ئۆيگە ئاۋارىچىلىق
تېپىپ بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئالائاياغ جىرەن-
نى مىنمىدىم. بازاردىن سېتىپ ئەكەلگەن
بېدە كۆكىنى ئۆزۈڭ يېيىشنى خالىمىساڭ
ئالائاياغ جىرەننىڭ ئوقۇرىغا سېلىپ بەر-
گىن، مېنىڭ ئورنىمدا جانىۋارىم بىر يايراپ
قالسۇن.
پاشا!
يۇقىرىقىلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن مەن-
دىن رەنجىشىڭ، پېنسىيىگە چىققان يال-
غۇز سەنلىمىدىڭ، باشقىلار نېمە قىلىپ

يۈرىدۇ، سەن نېمە قىلىپ يۈرىسەن دەپ ئەيىبلىشىڭ مۇمكىن. جەزمەن شۇنداق قىلىسەن. قانداق يولغا مېڭىش ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىختىيارى، خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايمەن. ئىلگىرىدىن باسقان يولۇمنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىشنى خالىمايمەن. تۇرمۇشتا كاپالەتكە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق سودىگەرچىلىك قىلىش پەسەنتىمگە سىغمىدى. بۇنى نېمە ئۈچۈندۇر ۋىجدانىم ماقۇل كۆرمىدى. دۇرۇس، مەسچىتكە چىقالمىدىم، لېكىن پېشانىسىگە توپا يۇقتۇرۇۋېلىپلا ئەۋلىيا بولۇۋالغانلاردىن يامان ئىش قىلىۋېتىپتىمەنمۇ، مۆمىن بەندىلەرنىڭ تەشنالىقىنى سۇغا قاندۇرۇش، كەلكۈننىڭ يالاپ-يالماپ يۇتۇپ كېتىشىدىن ئۇلارنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ساۋابى بولمامدىكەن؟! خۇدانىڭ كۆزى روشەن، نەزەر تارازىسى ئادىل، باقىي ئالەمدە يامان كۈنگە قويمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

— مەن گۆرسايغا كەتتىم. سۇچىلىق ئاتا مىراس كەسپىم. زامانە ئاۋۋالدا دادام مىراپ بولغانىكەن. مەن سۇ ئىشلىرى بويىچە ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېر بولۇپ يېتىلدىم. بۇ كەسىپ قېنىمغا سىڭىپ قاپتۇ. ئۆزۈم پېنسىيىگە چىققان بىلەن سۇ ئىنژېنېرىنىڭ قېنى تېنىمدىن چىقمىدى. مېنىڭ ئىش ئورنىمدىلا ئۆزگىرىش بولدى. مەن سۇ ئىنژېنېرىنىڭ قېنى ئارقىلىق خەلقىمگە ئۆمۈر بويى ياخشى ئىش قىلىپ بېرەلەيمەن...»

ئايۇپكامنىڭ خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھاياجان كەلكۈنى ۋۇجۇدۇمغا بېسىپ كىردى. مەن پاشا ھەدىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ ئىدارىسىگە يۈگۈردۈم ۋە ماشىنىنى ئېلىپ گۆرسايغا يۈرۈپ كەتتىم.

مەھەللىدىن ئۈزۈلۈپ چىقىشىمىزغا چوققىلىرى ئالماستەك يالتىراپ تۇرغان قارلىق ئېگىز تاغلار كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى. كىشىلەر تاغ ئېتەكلىرىنى قاپلاپ كەلكۈنگە قارشى كۆرەش قىلماقتا ئىدى، يېقىن ئەتراپتىن كەتمەن، گۈرجەكنىڭ، لوم تۆمۈرنىڭ جاراڭلىشى ئاڭلانسا، يىراقلاردىن كۆڭۈلنى شادلىققا تولدۇرۇپ لەرزان ناخشا ئاۋازى كېلەتتى.

ماشىنىمىز تاغقا قاراپ تېز ئىلگىرىلىمەكتە. گۆرساي ئېغىزىغا يېقىنلاشقانسېرى تۈنجى قېتىم چىققان چاغدىكى قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشلەر — ئايۇپكامنىڭ پۇتىنى ساڭگىلىتىپ قورام تاشقا ئېسىلىپ تۇرۇشى، قان ئىزى خىيالىمدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. مەن بۇلارنى ئويلىماسلىققا تىرىشاتتىم. لېكىن بۇلار خىيال ئېكرانىمدىن نېرى كەتمەيتتى. يەنە بىرئاز يۈرگەندىن كېيىن مېنى تېخىمۇ قاتتىق قورقۇنچ باستى. كۈننىڭ قىزدۇرۇشى گۆرساي ئېغىزىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۈچ مېتىر قېلىنلىقتىكى قار سۇغا ئايلىنىپ بولغان چېغى، ساي ئېغىزىدىن بوراندەك گۈركىرەپ كەلكۈن ئېقىپ چىقىۋاتاتتى. بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئوت پۈركىۋاتقان ئەجدىھانىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغاندەك يۈرەكلىرىم ئويناپ كەتتى. ساي ئېغىزىدا ئىشلەۋاتقان دېھقانلار ئۆزىنى ئوتتىن ئۇياق-بۇياققا قاچۇرۇپ يۈگۈرۈپ يۈرگەندەك بىلىنەتتى.

ئايۇپكامنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولدۇم. ئۇ ئالدىمىزدا ئىشلەۋاتقان مۇنۇ ئادەملەر ئىچىدە نېمە ئۈچۈن كۆرۈنمەيدۇ؟ ئۇنەدە يۈرىدىغاندۇ؟ ئالدىمىزدا، سۇنىڭ ئىچىدە بىر يوقاپ، بىر كۆرۈنۈپ

چىقىپ تۇرغان قورام تاشمىدۇ ياكى ئايۇپ-كامنىڭ بېشىمىدۇ؟!

ماشىنىدىن چۈشۈپ دېھقانلار بىلەن سۆزلەشتىم. كەلكۈن ئەسلىدە بار بولغان ئەسلىھەلەرنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، ئېتىزلارغا قاراپ ئاققانىكەن. ئۇلار ئايۇپكامنىڭ مەسلەھەتى بويىچە بۇقا باغلاپ، تاش دۆۋىلەپ، ئېتىزدىن چىققان كەلكۈننى بىرنەچچە پارچىگە بۆلۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كەلكۈننىڭ تىغ ئۇچى تېرىلغۇ ئېتىزلىرىدىن ياز بويى قاغجىراپ ياتىدىغان ساي - داللارغا بۇرۇلۇپتۇ.

بىز دەرھال ئۆستەڭگە قاراپ كەتتۇق. شۇنچە ئۇزۇن ئۆستەڭنىڭ ھەممىلا قىرىدا ئادەم بار ئىدى، قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە توختاشنى بىلمەيتتۇق. ئايۇپكامنىڭ بېدە كۆكى چۆچۈرىسىگە ئامراقلىقى، بېدە كۆكەرگەن بۇنداق چاغلاردا دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ چۆچۈرە تۈگىدۈرۈپ يەيدىغانلىقى خىيالىمدىن كەچتى. ئۆستەڭ ئاستىدا ئايۇپكام تولا كىرىدىغان بىر ئۆي بولىدىغان، ماشىنىنى ئۇدۇل ئاشۇ ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغىچە ھەيدەپ باردۇق. بېشىغا قىزىل ياغلىق تاڭغان، پومىنانىدەك گۆشلۈك يۈزلىرى ياغلىقىغا ئوخشاش قىزىرىپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلار چامىسىدا بىر ئايال چېلەك كۆتۈرۈپ ئالدىمىزغا چىقىپ كەلدى.

— بېدە كۆكى چۆچۈرىسى تەييار بولدىمۇ؟ — چاقچاق قىلدىم ئۇنىڭغا.

مەن بۇ يەردە ئايۇپكام بىلەن جەزمەن كۆرۈشىدىغانلىقىمغا گۇمان قىلمىغانىدىم. بەختكە قارشى ئۇ بۇ يەردىمۇ يوق بولۇپ چىقتى. ئۇ، بېدە كۆكى چۆچۈرىسىنى ئاخشام زاكاز قىلىپ قويۇپ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا كېلىپ باش بۇرنىدىن بىر تەخسە يەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئايۇپكامنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. ئۆستەڭ بويلاپ ئۇنى ئىزدەپ ماڭدۇق. راست، شۇنداق ئىكەن، قاچقان سۇلارنى بولجۇتماي ئۆستەڭگە چۈشۈرۈۋالىدىغان بىر قورۇلۇش ئورنىغا بارغاندا ئۇنى شۇ يەردە دېھقانلار ئارىسىدا ئۇچراتتۇق. ئۇ، گۆرساي ئېغىزىدىن چىققان كەلكۈننى بىرنەچچىگە بۆلۈۋەتكەندىن كېيىن پەسكە چۈشۈپ، ئۆستەڭنىڭ تاغ تەرەپ قىرىغا ئارىلىق تاشلاپ قاچقان سۇلارنى ئېقىتىش چۈشۈرگىلىرى ياساشقا كىرىشىپتۇ. بۇنداق قىلغاندا ئۆستەڭ قىرىنى كەلكۈننىڭ بۇزۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالغىلى بولاتتى. مۇشۇلارنى ئويلاپ، ئايۇپكامغا بولغان ھۆرمىتىم تېخىمۇ كۈچەيدى.

ئايۇپكامنىڭ ئۈستىبېشى چاڭ، يۈزىگە لاي چاپلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنە ماڭغا چوڭ سۈپەت، پاكىز كىيىنگەن ئادەمگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. بۇرۇتىنىڭ ئاقلىرى قولىدىكى كەتمەننىڭ يۈزىدە ئەكس ئەتكەن قۇياش نۇرىدەك جىلۋە قىلاتتى. يوغان كۆزلىرى چاراسلاپ يېنىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا ئوخشاش نۇرلۇق ئىدى.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل**

دىلدار
جۇ گۇاڭخۇا

# خەلقنىڭ قەلبىدىكى ئادەم



(ئەدەبىي ئاخبارات)

— ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان كومپارتىيە ئەزاسى
شىن ۋېيۋېن توغرىسىدا

باھار پەسلىنىڭ يىللىق بىر كۈنى ئىدى. بىز قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە يامانيار يېزىسىنىڭ چارشەنبە بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ دەل بازار كۈنى بولۇپ، سودا ـ سېتىق قىزىپ كەتكەنىدى. مانتىپەزلەر، سامسىپەزلەر، كاۋاپچىلار، ناۋايلار، سۈت ـ قېتىق ساتقۇچىلار ھەممىسى ئۆز مېلىنى ماختاپ ۋە خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىرايتتى.

تۇساتتىن بازارنىڭ ئېغىزى تەرەپتە ئېگىز بويلۇق بىر كىشى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئاپتاپتا قارايغان، پېشانىسى ۋە كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى تىلىم ـ تىلىم قورۇقلار بىلەن تولغان بولۇپ، چېكە چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە پاتەمخان ئىسىملىك ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىردىنلا ھاياجانلىنىپ:

— ۋاي خالايىق، شىن شۇجى كەپتۇ، شىن شۇجى كەپتۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئەتراپنى بىر دەقىقە جىمجىتلىق باستى. ئارقىدىنلا كىشىلەر ئۇپۇر ـ توپۇر قىلىشىپ، شۇ ئېگىز بويلۇق كىشى تەرەپكە يۈگۈرۈشتى.

— ۋاي شىن شۇجى، سىلە بىزنىڭ بېشىمىزنى سىيىلىغان غەمخورىمىز، — دېدى بايىقى ئوتتۇرا ياشلىق پاتەمخان ئىسىملىك ئايال ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلغىنىچە ھۆكۈرەپ يىغلاپ تۇرۇپ.

— ۋاي شىن شۇجى، مەن سىلىنى كۆرەلمەي ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالامەنمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم. مانا، خۇدايىم سىلە بىلەن كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلدى، شۈكرى، — دېدى 80 ياشلىق ئوسمان داموللا ھاسىراپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە. ئوسمان داموللا شۇ كۈنى شىن شۇجى مۇشۇ بازارغا كېلىدىكەن، دەپ ئاڭلاپ، بىرلەچچە سائەت پىيادە يول يۈرۈپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى.

— ھوي قېرىنداشلىرىم، مېنى شىن شۇجىنىڭ يېنىغا ئۆتكىلى قويۇڭلار! — دېدى ماموت ئاخۇن ھاردۇقكەش، ئۇ 50 ياشلار چامىسىدىكى كۆسا، كۆك كۆز ئادەم بولۇپ، كەتمەن دەستىسىنى ھاسا قىلىپ تايىنىۋالغانىدى، بىراق ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلمىدى. ھەممە ئادەم كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ قاراموتۇق، ئېگىز كىشى بىلەن بىر كۆرۈشۇۋېلىشقا، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى ئېغىز پاراڭلىشىۋېلىشقا ئالدىرايتتى. بۇ چاغدا پاكار، سېمىز ئاشپەز بىلەن شاپ بۇرۇتلۇق مانتىپەر ھاسىرىشىپ پىخىلدىشىپ كىشىلەر توپىنى يېرىپ ئۆتۈشتى - دە، ئاشۇ شىن شۇجى دېيىلگەن كىشىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىشتى. ئۇلار شىن فامىلىلىك بۇ كىشىنى ئاشخانىلىرىغا تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلماقچى، ئۇنىڭ قىيىنچىلىق يىللىرىدا قىلغان ياردىمى ئۈچۈن مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكچى ئىدى. بىراق ئۇنى كۆرگەندە كۆزلىرىگە ياش تىقىلىپ، لەۋلىرى تىترەپ، ئېغىزلىرى گەپكە كەلمەي قالدى.

مەن ئالدىغا پايپاق ۋە گەزلىمە رەختلەرنى تىزىۋالغان بىر ياش يىگىتنىڭ ئۆزى بىلەن سودىلىشىۋاتقان خېرىدارنىڭمۇ ئاشۇ ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىپ غودۇڭشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— خۇدايىم توۋا، ئادەتتىكى بىر خەنزۇكەنغۇ تايىنلىق. خۇددى ھەرەمدىن كەلگەن ھاجىم بىلەن كۆرۈشكىلى ئالدىرىغاندەك شاپاشلىشىپ كېتىشكىنىنى...

— شۇنى دېمەمسىلە، — دېدى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر خېرىدار ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ، — بۇ خەنزۇ پۈتۈن يېزىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ ئىسمىنى بىلىدىكەن ئەمەسما! ئۇيغۇرچە گەپنىمۇ خۇددى بىزدەك سۆزلەيدىكەنيا، توۋا، خۇدايىم توۋا.

— ھوي بالام، — دېدى باياتىن بېرى شىن فامىلىلىك كىشىنىڭ يېنىغا ئۆتەلمەي تۇرۇپ قالغان 50 ياشلار چامىسىدىكى ئۆچكە ساقاللىق دېھقان، — تازىمۇ تۇزكور ئادەم بوپ قالدىڭمۇ نېمە، سەن ئۇ كىشىنى تونۇمىدىڭما؟ ئەگەر شۇ چاغدا مۇشۇ شىن شۇجى بېشىڭدىكى تەمرەتكىنى ساقايتمىغان بولسا، ساڭا بوگۇنكى كۈندە خوتۇنمۇ تەگمەيتتى، — بوۋاينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يىگىت پوكاندەك قىزارغىنىچە يەرگە قارىۋالدى.

مەن شۇنچە، كۆپ دېھقاننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە، چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈشىگە نائىل بولغان بۇ زاتنىڭ ئاددىي ئادەم ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، نەق مەيداندىلا كىشىلەردىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۈم. ئۇنىڭ ئىسمى شىن ۋېيۋېن ئىكەن.

ئۇ كىشى بىردىنلا بازارنىڭ ئىچكىرى تەرىپىگە قاراپ ماڭدى. ئۇنى قورشاپ تۇرغان كىشىلەرمۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتى. مەن ئۇ كىشى توغرىسىدا تەپسىلىرەك مەلۇماتقا ئېرىشىش نىيىتىدە دېھقانلار توپىغا قوشۇلۇپ بىللە ماڭدىم.

شىن ۋېيۋېن نەچچە يۈزلىگەن دېھقاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئالغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزىگە ئۇزىتىلغان يوغان، قاداق باسقان ۋە يېرىلغان قوللارنى بىرمۇ بىر تۇتۇپ كۆرۈشەتتى.

— داۋۇتاخۇن، قوي قانچە بولدى، ئىنەكچۇ؟

— سەمىتاخۇن، بالا قانچە بولدى؟ ئۇچـىما! شۇ يېتەر، بالا كۆپ بولـسا ياخشى باققىلى بولمايدۇ. باي بولغىلى بولمايدۇ.

— ماقۇل شىن شۇجى، دېگەنلىرىدەك قىلىلى.

— مەمىتاخۇن، سىزنىڭ پۇتىڭىز ئاغرىيتتى، ساقايـدىمۇ؟ قىشتا ئايشەمخان ئاچا پاختىلىق ئىشتان تىكىپ بەرسۇن، پۇتىڭىزنى ئىسسىق تۇتسىڭىز تېز ساقىيىدۇ.

— توختاخۇن، سىلىنىڭ بالىنىڭ باش تەمرەتكىسى ساقايدىمۇ؟...

شىن ۋېيۋېن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ چۆرىسىگە ئولاشقان كىشىلەر بارغانـسېرى كۆپەيدى. كىمـدۇر بىرى شىن ۋېيۋېنـنىڭ كۆپچىلىكـكە ئىككى كەلىمە سۆزلەپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنى بىر سۇپىنىڭ ئۈستىگە چىقاردى.

— يولداشلار، ئاداشلار، مەن سىلەر بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىم، سىلەرنى سېغىنىپ كەلدىم...

ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلدى، كۆزلىرىگە ياش تىقىلدى. تۆۋەندە بولسا، ئاياللار ۋە دىلى يۇمشاق بوۋاي - مومايلار يېنىك ئىسەدەپ يىغلىشاتتى.

— قېرىنداشلار، ئاداشلار! — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى شىن ۋېيۋېن، — مەن بۇ نۆۋەت سىلەرنىڭ زادى قانچىلىك باي بولغىنىڭلارنى كۆرگىلى كەلدىم. قارىسام ھەممىڭلارنىڭ مەگزىڭلارغا قان يۈگۈرۈپتۇ، يۈزۈڭلاردىن نۇر يېغىپ تۇرۇپتۇ، دېمەك، يېمەك - ئىچمەك غېمىدىن قۇتۇلغان ئوخشايسـىلەر، بىراق يانچۇقۇڭلار قۇرۇق ئىكەن. يانچۇقـىدا پۇلى بارلار جىق ئەمەسكەن، ھازىر بازاردا مال شۇنـچە كۆپ، لېكـىن يانچۇق قۇرۇق بولغاندىكىن ئۇنى ئالغىـلى بولمايـدۇ - دە، سىلەر نامراتلىقـتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، باي بولۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلدىڭـلار... مانا ئەمدى سىـلەرنىڭ ھەقىقـىي باي بولىدىغان ۋاقتىڭلار كەلدى. پارتىيە سىلەرنىڭ باي بولۇشۇڭلارغا يار - يۆلەك بولۇۋاتىدۇ. مانا شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ باي بولالمىساڭلار، سىلەر ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - بوۋاڭلارغا يۈز كېلەلمەيسىلەر، ئۇلارنىڭ روھى ئالدىدا ۋىجدانىڭلار ئازابلىنىپ قالىدۇ.

بۇ ھېچقانداق سىياسىي تەشۋىقات ئەمەس، ئۇ خەلقتىن ئۆگەنگەن تىل ئارقىلىق خەلقنىڭ يۈرىكىدىكى سۆزلەرنى قىلىۋاتاتتى. شىن ۋېيۋېننىڭ سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن كىشىلەر قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ، شىن ۋېيۋېنغا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە سالامەتلىك تىلەپ دۇئا قىلىشتى.

شىن ۋېيۋېن ئارقىسىغا قايتتى. ئۇ بازارنىڭ چىقىش ئېغىزىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئادەملەر توپى ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سۆيگەن كىشىسىنى ئۇزىتىۋاتاتتى.

مەن ئەسلى شىن ۋېيۋېن توغرىسىـدا قەلەم تەۋرىتىشنـى ئويلىمىغانىدىم. بىراق شىن ۋېيۋېن توغرىسىدىكى ھېكايىلارنى ئاڭلىغانسېرى ھاياجانلىنىـپ كەتتىم. شۇنىڭـدىن كېيىن مەندە ئۆزىنىڭ ئاپتاپتەك يىللىق مېھرى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا مىللىـي دوستلۇقنىڭ ئۇرۇقىنى چاچقان، پاك ۋىجدانى بىلەن قەلبـلەردە ھەقىقـىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئۇلۇغۋار ئوبرازىنى تىكلىگەن بۇ ئاجايىپ قەيسەر ئادەم توغرىسىـدا قەلەم تەۋرىتىپ، ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى جەمئىيەتكە تونۇتۇش ئىستىكى تۇغۇلدى.

1960 - يىلى قىش پەسلىدە شىن ۋېيۋېن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ، ئازادلىق ھارپىسىدا ۋاڭ ئېنماۋ، زۇ چېنلارنىڭ غەربىي يۈنىلىش قىسىملىرى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، قەشقەردە ھەربىي كومىتېت ۋەكىلى بولغان، نۇرغۇنلىغان ئاممىۋى ھەرىكەتلەرگە قاتنىشىپ ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىسىگە ئىگە بولغان ياش، قابىلىيەتلىك كادىر ئىدى. شۇ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يىغىن چاقىرىپ ئۇرگان خادىملىرىنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ 1 - سېپىگە بېرىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈۋىدى، شىن ۋېيۋېن ئۆزىنىڭ پايدا - مەنپەئىتىنى قىلچە ئويلاپ ئولتۇرماستىن، دەرھال ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. بىراق پارتكومدىكى بىر مۇئاۋىن شۇجى ئۇنىڭ پارتكوم ئىشخانىسىدا قېلىپ داۋاملىق ئىشلەۋېرىشىگە مەسلىھەت بەردى. شىن ۋېيۋېن قايتا - قايتا ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن رەھبەرلەر ئاخىرى ئۇنىڭ يېزىغا بېرىشىغا قوشۇلدى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى مىڭ شۇلىن ئۇنىڭغا:

— ئەمىسە، يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە بېرىشقا تەييارلان، ئۈچ يىلدا قايتىپ كېلىسەن، — دېدى.

شىن ۋېيۋېن ئۇنىڭغا ۋەدە بەردى:

— بولىدۇ، بىراق ئۆزۈم تۇرغان يېزىنىڭ قىياپىتىنى ئۈچ يىلدا ئۆزگەرتەلمىسەم قايتىپ كەلمەيمەن.

ئۇنى يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم ياندۇما گۇڭشېسىغا پارتكوم شۇجىسى قىلىپ ئەۋەتتى.

2 - كۈنى ئۇ يوتقان - كۆرپىسىنى ئات ھارۋىسىغا بېسىپ ياندۇما گۇڭشېسىغا يېتىپ كەلدى.

ياندۇما گۇڭشېسى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ناھىيە بازىرىغا 15 كىلومېتىر كېلەتتى. شىن ۋېيۋېن ئاددىغىنە يېپىنچىسىنى ئۆشنىسىگە تېڭىپ سومكىسىغا نانلىرىنى سېلىپ، ئۆزىگە قوشۇپ بېرىلگەن ياش تەرجىمان بىلەن بىللە بەش كۈن ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن گۇڭشېنىڭ ھەممە دادۈيلىرىنى ئايلىنىپ چىقتى. بۇ گۇڭشېدىكى ئازغىنە تېرىلغۇ يەرنى 600 مو سازلىق كۆل، 40 مىڭ مو شورلۇق يەر قورشاپ تۇراتتى. دېھقانلار دۆلەتتىن سېتىۋېلىنغان ئاشلىق بىلەن كۈن كەچۈرەتتى.

مەن ئۆزۈمنىڭ قابىلىيىتىمنى ئانچە مۇۋاپىق مۆلچەرلىيەلمىدىممۇ قانداق؟ ئۆزۈم بىلەن تىل، ئۆرپ - ئادەت ئورتاقلىقى بولمىغان مۇشۇ كىشىلەرگە تايىنىپ، مۇشۇ قاقاسلىقتا ئۆز ۋەدەمنى ئىشقا ئاشۇرالايمەنمۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ 30 يىللىق ھايات مۇساپىسىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئۇ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەن، كېيىن دادىسىمۇ ۋاپات بولغان. ئۇ كىچىككىنە بالا ۋاقتىدىن باشلاپلا ئېغىر دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە قاتناشقان. جاپالىق تۇرمۇش ئۇنى چىداملىق بىر ئەزىمەت قىلىپ يېتىلدۈرگەن. شۇڭا كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلار ئۇنى ئانچە قورقىتالمىدى. ئۇ ياندۇما گۇڭشېسىدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمى، تۇرمۇش شارائىتى ۋە ئارزۇسى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇرراق تونۇشماقچى بولۇپ

تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى. ئۇ ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى ئۇچراتتى. يول بويلىرىدىكى بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالغان كونا ئۆيلەردىن ئېچىنىشلىق يىغا - زارە ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. بەزى ئۆيلەردە ئۇنىڭغا سوزۇلۇپ يېتىشقان جەسەتلەر ئۇچرايتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەر خىل كېسەل سەۋەبىدىن، بەزىلىرى ئاچارچىلىقتىن ئۆلگەنىدى (كىتابخانلارنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويايلىكى، 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا مەملىكىتىمىز ئۇدا ئۈچ يىل تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچراپ، دېھقانلار ئاچارچىلىققا دۇچار بولغان). بەزى دېھقانلار جان قايغۇسىغا چۈشۈپ، بالا - چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ياقا يۇرتلارغا كېتىشكە باشلىغانىدى.

كىشىلەرنى ھالاكەت چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇش كېرەك. شىن ۋېيۋېن تەكشۈرۈشنى توختىتىپ گۇڭشېغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن دەرھال دېھقانلارغا قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، قۇتقۇزۇش سوممىسى، قۇتقۇزۇش كىيىمى تارقىتىپ بەردى. دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلدى. بۇ چاغلاردا ياندۇما گۇڭشېسىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىنمۇ - يوق، قانداق قىلغاندا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، دېگەن خىيال شىن ۋېيۋېننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىگىلىۋالغانىدى. ئۇ، قايتا - قايتا تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، دېھقانلارنىڭ نامراتلىق قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەندىلا ياندۇما گۇڭشېسىنىڭ تەبىئىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ، دېھقانلارنى كوللېكتىپنىڭ يېرىنى ياخشى تېرىش بىلەن بىللە قالدۇرۇق يەرنىمۇ ياخشى تېرىشقا، ئائىلىلەردە توخۇ، قوي، كالا بېقىپ قوشۇمچە كىرىمنى كۆپەيتىشكە ئىلھاملاندۇردى. دۆلەتتىن بېرىلگەن قۇتقۇزۇش پۇلىغا نامرات دېھقانلارغا توخۇ، قوي، كالا ئېلىپ بەردى. 60 - يىللاردىكى سول ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان شارائىتتا بۇنداق تەشەببۇسنى چوڭ يىغىندا ئوچۇق تەشۋىق قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا شىن ۋېيۋېن دېھقانلار بىلەن ئوچاق ئالدىدا، ئېتىز بېشىدا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشاتتى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ياندۇما گۇڭشېدىكى ئېگىز - پەس، پارچە - پۇرات يەرلەر كۆز يەتكۈسىز سالالاشقان ئېتىزلارغا ئايلاندى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىدە خورازلار چىللاپ، كالىلار مۆرىدى. خەلق تۇرمۇشىدىمۇ خېلى چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى. شۇ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا يەتتە گۇڭشې ئىلغار بولۇپ باھالاندى. ياندۇما گۇڭشېسى شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

شىن ۋېيۋېن ئۈچ يىللىق خىزمەت ۋەزىپىسىنى شەرەپ بىلەن تاماملىغانىدى. ئۇنى پارلاق ئىستىقبال كۈتۈپ تۇراتتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشخانىسىغا قايتىپ بارسا خېلى يۇقىرى ئەمەل - مەنسەپلەرگە كۆتۈرۈلۈشى مۇمكىنىدى. بىراق ئۇ قايتىپ كەتمىدى. يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئەسلىدىكى ئورنىدا داۋاملىق ئىشلەش قارارىغا كەلدى. چۈنكى ئۇ ئۈچ يىللىق جاپالىق كۈرەش جەريانىدا ئۇ جايدىكى خەلق بىلەن دوست بولغان، ئاشۇ تۇپراققا مېھرىنى بەرگەنىدى. ئەڭ مۇھىمى ياندۇما خەلقىنى تېخى بېيىتىپ بولالمىغانىدى. ئۇنىڭ ياندۇمىدا قىلىدىغان ئىشلىرى تېخى ئەمدىلا باشلىنىۋاتاتتى. ئۇ يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملىرى ۋە يېزا

ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇزۇن يىللىق يېزا قۇرۇلۇشى پىلانىنى تۈزۈۋالدى.

ياندۇما گۇڭشېسىدا، چوڭ يول ئۈستىدە 600 مو كېلىدىغان بىر سېسىق كۆل بار ئىدى. كۆلنىڭ تېگىدە ئۇزاق يىللاردىن بېرى كۆمۈلۈپ ياتقان لاي - لاتقىلار بۇ جاينىڭ مۇھىتىنى زور دەرىجىدە بۇلغىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كۆل ناھىيە بازىرىغا كىرىدىغان دېھقانلارنىڭ يولىنى توسۇپ، ئۇلارنى بىرنەچچە كىلومېتىر يولنى ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر قىلاتتى. شىن ۋېيۋېن سېسىق كۆلنى بېلىق كۆلى قىلىپ ئۆزگەرتىشكە، كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىغا يول ياساپ قاتناشنى راۋانلاشتۇرۇشقا بەل باغلىدى. ئۇ ئىسلام دىنىدىكى يول ياساش ساۋاب، يىلدا بىر نۆۋەت بېلىق گۆشى يېيىش پەرھىز، دېگەن ئەقىدىنى ئاساس قىلىپ، پۈتۈن يېزا خەلقىنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈردى. ئۇنىڭ تەشەببۇسى دىنىي ئەقىدىگە ئۇيغۇن، يېزا قۇرۇلۇشىغىمۇ پايدىلىق بولغاچقا، خەلقنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ بىر مەيدان جاپالىق جەڭ باشلىنىپ كەتتى. شىن ۋېيۋېن چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر كېلىدىغان لاي - لاتقىلىق سېسىق سۇ ئىچىدە باشلامچىلىق بىلەن لاي توشۇدى. ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى كۆرگەن گۇڭشې ئەزالىرى ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى. تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، سېسىق كۆلنى ئۆزگەرتىش كۈرىشىنى باشلىۋەتتى.

شۇ چاغلاردا گۇڭشې ئەزالىرى كۈنىگە بىرنەچچە يۈز گرام تاماق يېيەلەيتتى. شۈبھىسىزكى، يېرىم ئاچ ھالەتتە ئىشلەۋاتقان دېھقانلارنىڭ غەيرىتى ئۇزاققا بارماي سۇسلىشىشى مۇمكىنىدى. شىن ۋېيۋېن بۇ مەسىلىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن گۇڭشې تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇللىرىغا ئەمگەكچىلەرنى ئاشلىق ۋە ماي بىلەن تەمىنلەشنى بۇيرىدى. ئەمگەكچىلەرنىڭ قورسىقى تويغاندىن كېيىن غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشتى.

شىن ۋېيۋېن نەچچە مىڭ ئەمگەكچى بىلەن بىللە قارا لاي - پاتقاققا مىلىنىپ، بېلىگىچە سۇ كېچىپ ئىشلەيتتى. باشلامچى بولغان كىشى ئاشۇنداق جان پىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتسا دېھقانلار قانداقمۇ سۇسلۇق قىلىشقا پېتىنالىسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىش دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىگە باغلانغان بولغاچقا ھەممە كىشى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيتتى.

ئۇزاق ئۆتمەي بۇ سېسىق سۇ كۆلى نەچچە ئونلىغان بېلىق كۆلىگە ئايلاندى. كېيىنكى يىلى مۇشۇ كۆلنىڭ بېلىقلىرى قەشقەر بازىرىغا سېلىندى. كۆلنىڭ قاق ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتكەن تاشيول يىراقلارغا سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. كۆل ئىچىدە شوخ بېلىقلار پىلتىڭلىشاتتى.

بىرىنچى قېتىملىق جاپالىق جەڭ ئاخىرلاشتى. ئەمدى شىن ۋېيۋېن ئۆزىنىڭ 2- پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلىدى.

ياندۇما گۇڭشېسىغا قاراشلىق يامانيار يېزىسىنى شور ئاپىتى ۋەيران قىلىۋەتكەن بولۇپ، پۈتۈن يېزىدىن قامچىغا دەستە قىلغۇدەكمۇ تاياق تېپىلمايتتى. يېقىلغۇ قىسىنچىلىقى دېھقانلارنىڭ مادارىنى قۇرۇتقانىدى. شىن ۋېيۋېن ئەمدى جىرىم تىكىپ

شورلۇق يېزىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەكچى بولدى. ئۇ بۇ پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن بۇرۇن يەنىلا تەرجىمانىنىڭ ياردىمى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەيدىغان دىنىي ئەقىدىگە مۇراجىئەت قىلدى. قۇرئاندا جىرىم تىكىش ساۋاب، دېيىلگەن. شورلۇقتا جىرىم تىكىلسە، يېقىلغۇ مەسىلىسىنى مەلۇم نىسبەتتە ھەل قىلغىلى بولاتتى. بۇ دېھقانلارغا ئەمەلىي پايدا يەتكۈزىدىغان ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭ پىلانى تېزلا كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. ئۇ پېشقەدەم يېزا تېخنىك خادىمى ياۋ گۈيچۈننىڭ لايىھىسى بويىچە دېھقانلارنى باشلاپ دەسلەپتە مىڭ مو شورلۇق يەرگە جىگدە كۆچىتى تىكتى. جىگدە كۆچىتى يەردىكى نەملىكنى سۈمۈرۈپ، يوپۇرمىقى ئارقىلىق پارغا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيتتى. شىن ۋېيژېن ئىشقا كىرىشىپ كەتكەندىن كېيىن دېھقانلار بىلەن بىللە ئىش مەيدانىدا يېتىپ قوپۇپ، ئېرىق سۈيىگە زاغرا ناننى چۆكۈرۈپ يەپ ئىشلىدى. جاپالىق ئەمگەك دېھقانلار بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مىللەت چەكلىمىسىنى، باشقۇرغۇچى بىلەن باشقۇرۇلغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، تىل ۋە ئۆرپ - ئادەت پەرقىنى تۈپتىن بۇزۇۋەتتى. ئۇ بىر ئورام موخوركىنى دېھقان يىگىتلىرى بىلەن تەڭ تالىشىپ چېكەتتى. بەزىدە بىر يوتقاننى بىللە تارتىشىپ يېپىناتتى.

60 مىڭ مو شورلۇق يەر كۆز يەتكۈسىز جىگدىزارلىققا ئايلاندۇرۇلدى. دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرى جىگدە شاخلىرى بىلەن تولۇپ تۇرىدىغان بولدى. ئەمدى يېقىلغۇ مەسىلىسى ھەل بولغانىدى. ئەسلىدىكى شورلۇق يەرلەر ئەمدى دېھقان قىز - يىگىتلىرىنىڭ سەيلىگاھىغا ئايلاندى. بۇ يەردىن دېھقانلارنىڭ خۇشال كۈلكىلىرى، مۇھەببەتتە كۈيلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بولدى.

1975 - يىلى شىن ۋېيژېن توققۇزاق ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. شىن ۋېيژېننىڭ خىزمەت ئورنى ئۆزگەرگەن، بىراق جاپالىق ئىشلەيدىغان مىجەزى، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي خىزمەت قىلىش مىزانى ئۆزگەرمىگەنىدى. ئۇ توققۇزاق ناھىيىسىگە بارغاندىن كېيىنمۇ كادىرلار ۋە ئامما بىلەن دائىم سىردىشىپ تۇردى. كادىرلار ۋە ئامما ئۇنىڭغا بۇ ناھىيىدە توك مەنبەسى يوقلۇقىنى، ۋىلايەتتىن بېرىلىدىغان توكنىڭ ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى، پات - پات توختاپ قالىدىغانلىقىنى، توك توختاپ قالسا تۇرۇبا سۈيىمۇ تەڭ توختاپ قالىدىغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى.

شىن ۋېيژېن خەلق بەك كۆڭۈل بۆلىۋاتقان بۇ ئىشنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت يىغىنىدا ئۆزىنىڭ پىكرى بىلەن قوشۇپ ئوتتۇرىغا قويدى. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت بۇ ئىشنى شىن ۋېيژېنغا تاپشۇردى.

شۇ ھامان ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى باشلىنىپ كەتتى. شىن ۋېيژېن باش قوماندان، سۇ ئىشلىرى تېخنىك خادىمى يۈي ۋېنجاۋ باش تېخنىك قىلىپ بېكىتىلدى. ئىشلار جاپالىق ھەم ئالدىراش ئىدى. بۇ ئىككەيلەن يەتتە - سەككىز تېخنىك خادىم بىلەن ئۈستەڭنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن قىسمىدا ئايلىنىپ

يۇرۇپ، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئورنىنى لايىھەلەيتتى. ئىش باشلانغاندىن كېيىن، نەچچە مىڭ دېھقان شىن ۋېيۋېن باشچىلىقىدىكى تېخنىك ۋە رەھبىرىي خادىملارنى چۆرىدەپ، مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

بىر كۈنى كېچىدە تۇساتتىن كەلكۈن كېلىپ تۇسمىنى بۆسۈۋەتتى. سۇ يېڭىلا قېزىلغان ئۆستەڭگە قاراپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۆستەڭنىڭ ئايىغىدا ئېلېكتىر ئۈسكۈنە لىرى قويۇلغان ئامبار بار ئىدى. ئەگەر كەلكۈن بۇ يېڭى قېزىلغان ئۆستەڭنى بويلاپ ئېقىۋېرىدىغان بولسا، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى ناھايىتى زور چىقىمغا ئۇچ رايتتى. مانا شۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان شىن ۋېيۋېن سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ ۋارقىرىدى:

— پارتىيە ئەزالىرى، تېز كېلىڭلار!

ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئون نەچچە ئادەم ئارقا - ئارقىدىن سۇغا سەكرىدى. كىشىلەر قولنى قولغا تۇتىشىپ مۇستەھكەم تام ھاسىل قىلىشتى. باشقىلار ئۇلارنىڭ ئال دىغا شاخ - شۇمبا، تاشلارنى تاشلاپ يار كەتكەن جاينى تېزلا ئېتىۋالدى.

بۇ كۈنلەردە شىن ۋېيۋېن كۈنىگە ئاران ئۈچ - تۆت سائەتلا ئۇخلىيالىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كۈن بويى دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە قاتتىق نان غاجاپ، ئىلمان ئۇماچ ئىچىپ يۈردى. بىر كۈنى ئۇ تۇسمىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ خىزمەت تەكشۈرۈۋاتاتتى. تۇساتتىن بېشى قېيىپ كەتتى. ئەگەر يېنىدىكى كىشى ئۇنى يۆلىۋالمىغان بولسا، ئۇ ئون نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ئازمىغا چۈشۈپ كەتكەن بولاتتى.

بىر كۈنى ئۇ ئىش مەيدانىدا قاتتىق يۆتىلىپ كېتىپ جىقىلا قان تۈكۈردى. تېخنىك خادىم لاۋجاۋ ئۇنىڭ قان تۈكۈرىدىغان كېسىلى بارلىقىنى بىلەتتى. ئۇ شىن ۋېيۋېننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، نەسىھەت قىلدى.

— لاۋشىن، مەن كېسىلىڭىزنىڭ قوزغىلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ قالدىم. دەرھال ناھىيىگە قايتىپ بېرىپ كېسىلىڭىزنى داۋالىتىڭ.

— لاۋجاۋ، — دېدى شىن ۋېيۋېن ئۇنىڭغا يېلىنىپ، — مەن ھازىر يولۋاسقا مىنىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈشمىكىم تەس، ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇ ئىشنى باشقىلارغا دې مىسىڭىز. سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى پۈتكەندىن كېيىن مەن چوقۇم بالنىتسىدا يېتىپ داۋالىنىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ تېنىم ناھايىتى مەزمۇت، بۇنداق كېسەللەر مېنى ھېچ نېمە قىلالمايدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ.

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى. ئەمدى ئۇنى يۇقىرى ئورگانلار تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋالسىلا بولاتتى. بىراق، بېسىمغا چىدامىلىق تۇرۇبىغا مۇز كەپلىشىۋالغانلىقى ئۈچۈن قاپقاقنى ئاچقىلى بولمىدى. بۇ چاغدا شىن ۋېيۋېن سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ مۇز پارچىلىرىنى سېۋەتلەپ سىرتقا توشۇشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ قول قوشتۇرۇپ تۇرالمىدى. بىرقانچىسىلەن سۇغا سەكرىدى. ئۇلار ئەمدىلا قاپقاقنىڭ ئاستىدىكى مۇزلارنى ئېلىپ تۇرۇشىغا تۇساتتىن ئۇنىڭ ئۈس تىدىكى مۇزلار پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىپ، خۇددى تۇسالغۇسىز كەلكۈندەك

مۇز سۇزۇۋاتقانلارنىمۇ قوشۇپ ئېقىتىپ كەتتى. كىشىلەر ئالدىراش ھالدا ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا نۇرغۇن كادىرلار تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىندى. بۇ قىسمەت شىن ۋېيۋېننىڭ بېشىغىمۇ كەلدى. ئىسيانچىلار ئۇنى تارتىپ چىقىرىپ كۆرەش قىلدى. لېكىن دېھقانلار ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى خالىمايتتى.

بىر قېتىملىق كۆرەش قىلىش يىغىنىدا بىر كادىر شىن ۋېيۋېننىڭ يۈزىگە بىر تەستەك سالدى. سەھنىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرغان ئاياللار بۇنى كۆرۈپ چىرقىراپ يىغلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن يىغىن تەرتىپى بۇزۇلدى. ھېلىقى كادىر ئۆزىنىڭ شۇنچە كۆپ خەلقنىڭ غەزەب-نەپرىتىنى قوزغاپ قويىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نەگىلا بارسا كىشىلەرنىڭ تاپا-تەنىسىگە ئۇچراپ، باش كۆتۈرەلمەس ھالەتكە كېلىپ قالدى.

كېيىنكى چاغلاردا كۆرەش قىلىش يىغىنى ئېچىلسا، ھېچكىم شىن ۋېيۋېننىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلمايدىغان بولدى. بۇ ئەھۋال ئىسيانچىلار باشلىقىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گوڭشېنىڭ ھارۋىكىشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنىڭغا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىدى. ھارۋىكەش شۇ كۈنى كەچتىكى كۆرەش قىلىش يىغىنىدا شىن ۋېيۋېننىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى.

— يولداشلار، شىن ۋېيۋېن دېگەن بۇ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار مېنىڭ ھېرىپ-چارچىشىم بىلەن قىلچە كارى بولمىدى. ئەتىگەندىن كەچكىچە قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ياردەم قىلغۇزدى. ئاتقىمۇ، ھارۋىغىمۇ ئارام بەرمىدى. بىردەم بەشتە كاپالەتلىك ئائىلىلەرگە ئوتۇن-كۆمۈر ئاپىرىپ بەر دەۋاتقان، بىردەم ئېغىر ئاياغ ئاياللارنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قوي دەۋاتقان، ئىشقىلىپ ئۇ ماڭا بەكمۇ زۇلۇم قىلدى...

ئۇ گېپىنى ئاخىرلاشتۇرالمىدى. ئىسيانچىلار نېمىندۇر ھېس قىلىشىپ، ئۇنى سەھنىدىن چۈشۈرۈۋەتتى.

كۆرەش يىغىنى داۋاملاشماقتا. كىشىلەر ئىسيانكارلارغا ئەگىشىپ مۇشتۇملىرىنى كۆتۈرۈپ «يوقىتايلى! كۆرەش قىلىپ سېسىتىۋېتەيلى!» دەپ ۋارقىرىشاتتى. لېكىن كۆڭلىدە شىن ۋېيۋېنغا ئېچىناتتى. شىن ۋېيۋېننى كۆرەش، پىپەن قىلىش يىغىنىغا قاتناشقان دېھقانلار ئۆيلىرىگە قايتقان ھامان بالىلىرىغا بېرىشكە ۋە ئۆزلىرى يېيىشكە قىيمىغان ئاق نان، ياغلىق توغاچ... دېگەندەك نەرسىلەرنى يېرىم كېچىدە، كىشىلەرنىڭ ئايىغى بېسىققان چاغدا شىن ۋېيۋېنغا ئاپىرىپ بېرەتتى. بۇنىمۇ تېخى ئىسيانچىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، شىن ۋېيۋېن قامالغان ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئاستاغىنا سۇنۇپ بېرىشەتتى. شىن ۋېيۋېن شۇ كۈنلەرنى ھازىرغىچە ئېسىدىن چىقارغىنى يوق.

بىر قېتىملىق پىپەن، كۆرەش قىلىش يىغىنىدا بىرەيلەن شىن ۋېيۋېننى ئۇرماقچى بولغاندەك قىياپەتتە دېۋەيلەپ كېلىپ ئىسيانچىلارنىڭ ئەتە ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى پىچىرلاپ ئېيتىپ قويدى. بۇ خەۋەرنى ئۇنىڭ تەرجىمانى تاھىرمۇ ئاڭلىغانىدى.

تاھىر كېچىچە ئۇخلىماي ئىككى يۈزگە يېقىن ئادەمنى تەشكىللىدى. 2 ـ كۈنىدىكى كۆرەش، يېڭى ئەن قىلىش يېغىنى ۋاقتىدا ئۇلار يەڭلىرىگە بىردىن كالتەكنى تىقىپ، ئىسيانكارلار ئارىسىغا قىسىلىپ كىردى ۋە ئۇلارغا ئۈنسىز ھەيۋە قىلدى. ئىسيانكارلارنىڭ پىلانى ئەمەلگە ئاشمىدى.

شىن ۋېيۋېننىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەۋاتقان، ئۇنىڭ غېمىنى يەۋاتقانلار يالغۇز تاھىرلا ئەمەس ئىدى.

بىر كۈنى يامانيارلىق يۈز نەچچە ئادەم بىلىكىگە قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقاپ، ياندۇما كۆڭشېسىغا كەلدى. ئۇلار ياندۇما كۆڭشېسىدىكى ئىسيانكارلارنىڭ شىن ۋېيۋېنغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى قۇتقۇزۇشقا كەلگەنىدى.

ــ شىن ۋېيۋېن دېگەن بۇ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار، ــ دېدى يامانياردىن كەلگەن ئىسيانكارلارنىڭ باشلىقى، ــ بىزنىڭ يامانياردىمۇ چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، خېلى يامان تەسىر پەيدا قىلغان. بىزمۇ ئۇنى كۆرەش، يېڭى ئەن قىلماسلىق بولمايدۇ... ئۇنى بىزگە بېرىڭلار، ئېلىپ كېتەيلى.

ــ بۇ، بۇنداق قىلساق بولماسمىكىن، ئۇنى تېخى كۆرەش قىلىپ بولمىغاندۇق.

ــ ئا سىلىڭ، شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى بۇ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنى كۆرەش قىلىپ ئۆزگەرتەلمەپسىلەر، سىلەر ئۆزگەرتەلمىگەندىكىن، بىزگە بېرىڭلار، بىز ئۆزگەرتىمىز. شىن ۋېيۋېننى ياخشىلىقچە بىزگە بېرىڭلار، بولمىسا بىز ئەلەم كۆرسىتىپ قىلىپ ئېلىپ كېتىۋېرىمىز، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا، ئۆزۈڭلار مەسئۇل بولىسىلەر.

ئۇلار ئامالسىز قېلىپ شىن ۋېيۋېننى يامانيارلىقلارغا بېرىۋەتتى. يامانيارلىقلار شىن ۋېيۋېننى ئېلىپ كېتىپ يامانيار 5 ـ دادۈيىدىكى داۋۇت ئاخۇن ئاكىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇردى. داۋۇت ئاخۇن ئاكا بىلەن غۇنچىخان ئاچا 60 ياشلارغا كىرىپ قالغان كىشىلەر ئىدى. شىن ۋېيۋېن ئىشىكتىن كىرىپلا ساپ ئۇيغۇر تىلىدا ئۇلارنى «ئانا، دادا!» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ مۇشۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدى.

شىن ۋېيۋېن ئۆزىنىڭ ھەر ئايلىق ئاق ئاش نورمىسىنى بوۋاي بىلەن مومايغا يېگۈزۈپ، ئۆزى مۇشۇ ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە زاغرا يەپ، ئوماچ ئىچتى. بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ئۇلارمۇ شىن ۋېيۋېننى خۇددى ئۆز پەرزەنتىدەك ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى.

كۈندۈزدە شىن ۋېيۋېن قوتاندا ئەمگەك قىلاتتى. دەم ئالغان چاغلىرىدا ئانچە ـ مۇنچە گېزىت، ژۇرنال كۆرۈپ قوياتتى. بىر كۈنى ئۇ «شەرق قىزىل» ناملىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنالدىن باش تەمرەتكىسىنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلى تونۇشتۇرۇلغان بىر پارچە ماقالىنى كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دورا تېپىپ ئەكىلىپ، باش تەمرەتكىسىگە گىرىپتار بولغان دېھقان پەرزەنتلىرىنى داۋالاشقا باشلىدى. ئۇ داۋۇت ئاخۇننىڭ ھويلىسىغا مەخسۇس دۇكان ئېچىپ ئىش باشلىۋەتتى. ئۇ ھېچكىمدىن پۇل ئالمايتتى. ئۇ باش تەمرەتكىسىگە گىرىپتار بولغان باللارنىڭ باشلىرىنى يۇيۇپ، يىرىڭلارنى تازىلىدى. بۇ خەۋەر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ، يىراق جايلارغىچە تارقالدى. داۋالانغىلى

كېلىدىغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپەيدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ 180 بالىنىڭ بېشىنى داۋالىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پۈتۈنلەي ساقايغانلىرى 60 تىن ئاشىدۇ.

ياندۇما يېزىسىدا ئىسلام كېرىم ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇ شىن ۋېيۋېن كۈرەش قىلىنغاندا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇنى ئۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئىككى پەرزەنتى ئېغىر باش تەمرەتكىسىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئۇ بالىلىرىنى شىن ۋېيۋېننىڭ ئالدىغا ئاپىرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، خىجىل بولۇپ بارالمىغانىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان شىن ۋېيۋېن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، خۇددى ئۆتكەن ئىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى داۋالاشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن ئىسلام كېرىم خىجىللىقتىن يىغلاپ كەتتى.

1969 - يىلى 7 - ئايدا سېرىق توغراق توسمىسىنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى. بۇ دەريانى توسۇپ تۇرىدىغان 80 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى توسما ئىدى. كەلكۈن توسمىنى 30 — 40 مېتىر كەڭلىكتە بۆسۈۋەتكەنىدى. ئەسلىدە مۇشۇ سۇ ئارقىلىق ئون نەچچە مىڭ مو تېرىلغۇ يەر سۇغىرىلاتتى. كەلكۈن يىگىرمە نەچچە تۈگمەننى ئېقىتىپ كەتتى. ئاياغ تەرەپتىكى بىرنەچچە دادۇيمۇ كەلكۈننىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا ئىدى. يەنە بىرنەچچە دادۇيدە ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەن بولۇپ، نەچچە مىڭ مو قوناق ۋە پاختا قۇرۇپ قېلىش ئالدىدا تۇراتتى. گۇڭشېدىكى ئارمىيە ۋەكىلى ۋە ئىسيانكارلار ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ بىر يېرىم ئايدەك ھەپىلەشكەن بولسىمۇ توسمىنى ئېتەلمىدى. دېھقانلارنىڭ قان - تەرى زايا بولۇپ كەتتى. كەلكۈننى توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ماددىي ئەشيالار ئېقىپ كېتىۋەردى. كىشىلەر ئۈمىدسىزلەندى، بەزىلەر بارلىق تەئەللۇقاتىنى ئېشەكلەرگە ئارتىشىپ، بالا - چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ياقا يۇرتلارغا كېتىپ قالدى.

بۇ ئىش ناھىيىنىڭ، ۋىلايەتنىڭ رەھبەرلىرىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. بىر كۈنى ناھىيىنىڭ بىر رەھبىرى نەق مەيدانغا كېلىپ كىشىلەردىن:

— ئاراڭلاردا توسمىنى ئېتەلىگۇدەك ئادەم يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شىن شۇجى ئېتەلەيدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى گۇڭشېنىڭ سۇ ئىشلىرى كادىرى توختى ئىگەمبەردى.

— ئەمىسە بۇ چاغقىچە نېمىشقا ئەتمىدى؟

— ھازىر ئۇنىڭ ھوقۇقى ئېلىپ تاشلاندى. 5 - دادۇيدە ئەمگەك قىلىۋاتىدۇ.

— ھە، ھوقۇقداركەن - دە. بىراق ئۇ تېخى ئازاد قىلىنماپتۇ ئەمەسمۇ!

— ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىلا شىن شۇجى ئازاد بولىدۇ ئەمەسمۇ.

— بولىدۇ، بىز مۇزاكىرىلىشىپ باقايلى.

ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت دەرھال يىغىن چاقىرىپ، توسمىنى ئېتىش رەھبەرلىك ھوقۇقىنى شىن ۋېيۋېنغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىن ۋېيۋېن ئات ئېغىلىدا ئەمگەك قىلىۋاتقان يېرىدىن چاقىرتىپ كېلىندى. شىن ۋېيۋېن ئاپەت يۈز

بەرگەن جايغا كېلىپ ئەستايىدىل كۆزەتتى. ئۇنىڭغىچە ھەربىي ۋەكىل ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— قانداقراق، تۇسمىنى ئېتەلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ھەربىي ۋەكىل تاقەتسىزلىنىپ.

— ئېتەلەيمەن! — دېدى شىن ۋېيۋېن كەسكىن ھالدا.

— ساڭا نېمە كېرەك؟

— ماڭا قوماندانلىق ھوقۇقى كېرەك.

— بۇ ئاسان گەپ، بىز بۇنى مۇزاكىرىلىشىپ بولغان، يەنە نېمە كېرەك؟

— يەنە بىرنەچچە كۈچلۈك ياردەمچى كېرەك. ئۇلارنى مەن ئۆزۈم تېپىۋالىمەن.

شىن ۋېيۋېن ياردەمچىلەرنى شۇ مەيداندىلا تاللىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن كەلگۈنى تۇسۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ماددىي ئەشيالارنى تەلەپ قىلدى.

— تۇسمىنى قانچە كۈندە ئېتىپ بولالايسەن؟

— ئۈچ كۈندە.

— ماقۇل ئەمىسە، بىز ئۈچ كۈندىن كېيىن كۆرۈشەيلى، — ھەربىي ۋەكىل شۇنداق دېگىنىچە جىپقا ئولتۇرۇپ بۇ جايدىن كېتىپ قالدى.

ئۈچىنچى كۈنى قۇياش غەربكە قىيشايغان چاغدا تۇسمىنىڭ يېنىدا جىپ ماشىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارمىيە ۋەكىلى تۇسمىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەنىدى. ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. يار كەتكەن تۇسما ئېتىلىپ، سۇ ئۆز قېنىغا چۈشۈرۈلگەنىدى. ئارمىيە ۋەكىلى ھاياجانلىنىپ يېنىدىكى سەپدىشىغا:

— شىن ۋېيۋېن دېگەن بۇ ئادەمنىڭ قولىدىن بۇنچىلىك ئىش كېلەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — دەپ قويدى.

شىن ۋېيۋېن گەۋدىلىك ئادەم بولغاچقا بىر ئولتۇرۇشتا ئۈچ-تۆت ئاۋاق ئوماچ ئىچىۋېتەتتى. ئۇ دائىم دېگۈدەك يېزىلاردا يۈرەتتى. يېزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ناچار بولغاچقا ئېغىزىغا تېتىغۇدەك تاماق يېيەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئايدا-يىلدا بىر قېتىم گۆش ئاشخانىسىغا كېلىپ ياخشىراق تاماق ئەتكۈزۈپ يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇۋالاتتى.

بىر كۈنى ئۇ تەرجىمان بىلەن بىللە ھارغىن ھالدا گۆشخانىغا يېتىپ كەلدى-دە، تەمىنات سودا كوپىراتىپىنىڭ مۇدىرىنى چاقىرىپ:

— ئاداش، ئاشپەزلىرىڭگە دېسەڭ، بىزگە ياخشىراق تاماق ئېتىپ بەرسە، — دېدى.

بىردەمدىن كېيىن ئاشپەز ئۇلارنىڭ ئالدىغا تۇخۇم قورۇمىسى، گۆش قورۇمىسى، سۇدا پىشۇرغان گۆش ۋە ئىككى تەخسە لەڭمەن ئەكەلدى. ئىككىيلەن بۇ تاماقنى ناھايىتى تېزلا يەپ تۈگەتتى. تاماقتىن كېيىن شىن ۋېيۋېن كوپىراتىپ مۇدىرىدىن:

— ئاداش، تاماققا قانچە پۇل تۆلەيمىز؟ — دەپ سورىدى.

— بىر ئادەمگە بىر يۈەن! — دەپ جاۋاب بەردى مۇدىر ھۆرمەت بىلەن.

— شۇنچە ئېسىل تاماقمۇ بىر يۈەنمۇ؟ — دەپ سورىدى شىن ۋېيۋېن قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا، — ئاداش، سەن بۇ تاماقنى دېھقانلارغىمۇ بىر يۈەنگە ساتامسەن؟

— شىن شۇجى، — دەپ چۈشەندۈرمەكچى بولدى مۇدىر، — سىز ئەتىگەندىن كەچكىچە يېزىلاردا يۈرۈپ جاپا چېكىۋاتىسىز. مەن سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا ئازراق غەمخورلۇق قىلىپ قويسام بۇمۇ مېنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغىنىم بولىدۇ-دە.

— ئاداش، سەن بەك گەپدان بولۇپ قېلىۋاتىسەن. تۆۋەنگە چۈشۈپ ئىشلەش مېنىڭ ۋەزىپەم. بۇ يەرگە كېلىپ تاماق يېگەندە سېنىڭ خېرىدارىڭ بولىمەن. شۇڭا يېگەن تاماققا لايىق پۇل تۆلىشىم كېرەك. تۈزۈك گەپ قىلغىنا، زادى قانچە پۇل تۆلەيمەن.

— بىر يۈەن.

شىن ۋېيۋېن مۇدىر بىلەن گەپ تالىشىپ تۇرمايلا يانچۇقىدىن ئون يۈەن چىقىرىپ شىرە ئۈستىگە قويدى.

— ئاداش، سېنى ئاۋارە قىلىپ قويدۇق، رەھمەت ساڭا! ياخشى كۆڭلۈڭنى مەن چۈشەندىم. بىراق سەن مېنى ئوتقا ئىتتىرمىگىن جۇمۇ.

٢

بىر كۈنى شىن ۋېيۋېن ئەترەتلەرنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن گۇڭشېغا كېلىپ ئالدىراش ھالدا ماتېرىيال يېزىشقا باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلىپ خەۋەرچى بالىنى چاقىردى.

— ئاداش، مېنىڭ ۋاقتىم يەتمىدى، سەن ماڭا بەش موچەنلىك ئۆپكە-ھېسىپ ئەكېلىپ بەرگىنە، — دېدى ئۇ خەۋەرچىگە بەش موچەننى تۇتقۇزۇپ.

ئۇ ئاداش دېگەن سۆزنى كۆپرەك قوللىناتتى. ئۆزىنىمۇ كىشىلەرنىڭ ئاداش دەپ چاقىرىشىنى ياقتۇراتتى.

خەۋەرچى بالا بىردەمدىن كېيىن لىقمۇلىق بىر قاچا ئۆپكە-ھېسىپ كۆتۈرۈپ كىردى. شىن ۋېيۋېن قاچىغا قاراپلا ھەيران قالدى.

— ئاداش، مەن ساڭا بەش موچەن بەرگەن تۇرسام، بىرمۇنچە كۆتۈرۈپ كىرىپسەنغۇ!

— ئۆپكىچى مۇشۇنداق جىق بەردى ئەمەسما.

— ئۇنداق ئەمەستۇ! سەن مېنىڭ ئېتىمنى چىقارغانسەن تايىنلىق.

— كىمگە ئاپىرىپ بېرىسەن، دەپ سوراۋەردى ئەمەسما.

— ھەي سېنى، مېنىڭ ئېتىمنى ساتما دەپ قانچە قېتىم دېدىمغۇ ساڭا.

— ئۆزىڭىز دائىم ماڭا راستچىل بولۇش كېرەك، دەيتتىڭىزغۇ.

— ماڭ، بۇنى قايتۇرۇۋەت، شىن شۇجى بۇنى يەپ بولالمايدىكەن، دەپ يېرىم چىنىلا ئەكەل.

خەۋەرچى بالا قاچىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىن كېيىن يېرىم چىنە ئۆپكە-ھېسىپ ئېلىپ كىردى.

يولداش شىن ۋېيۋېننىڭ بىر ئوغلى، بىر قىزى بار. ئۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلىشىغا زادىلا يول قويماي كەلدى. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرىنى قاتتىق باشقۇرغانلىقى ھەققىدە بىرنەچچە كىچىك ھېكايە بار.

شىن ۋېيۋېن توققۇزاق ناھىيىسىدە پارتكوم شۇجىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلاردا مۇنداق بىر ئىش يۈز بەرگەن. بىر كۈنى ئۇ تاش ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىدا دېھقانلار بىلەن بىللە تاش توشۇدى. بۇ يەردە ئۇنىڭ ئوغلى شىن چىنمۇ بار ئىدى. كەچتە ئىشتىن قايتقاندا ھەممە ئادەم ئۇدۇل كەلگەن ماشىنا، تراكتورلارغا چىقىۋېلىشتى. شىن چىن نېمىگە چىقىۋېلىشنى ئويلاپ تۇرغىنىدا شىن ۋېيۋېننىڭ شوپۇرى ئۇنى ماشىنىغا چىقىرىۋالدى. شىن ۋېيۋېن ماشىنىنىڭ يېنىغا كېچىككەنرەك كەلگەنىدى. ماشىنا ئىچىدە ئۆز ئوغلىنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئوغلىنىڭ تەگتۇشلىرى يۈك ماشىنىسى ۋە تراكتورلارغا چىقىۋېلىشقان، بىرنەچچە نەپەر ياشانغان ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى بولسا گۈرجەك، كەتمەنلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ پىيادە كېتىۋاتاتتى. شىن ۋېيۋېننىڭ غوۋزىدە ئاچچىقى كەلدى ـ دە، ئوغلىغا ۋارقىراپ كەتتى:

ــ ھەي، سەن ياپياش تۇرۇپ نېمىشقا بۇ ماشىنىغا چىقىۋالدىڭ! باشلىقنىڭ ئوغلى بولغىنىڭ ئۈچۈنمۇ؟! چۈشە ماشىنىدىن، ماڭ بېرىپ ئاۋۇ قېرىلارنى چاقىرىپ كەل. ماشىنىغا شۇلار چىقسۇن.

ئۇنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ مۇنداق ئەيىبلەشلىرىگە كۆنۈپ كەتكەچكە، يۈگۈرۈپ بېرىپ ھاجى ئىسلام قاتارلىق پېشقەدەم كادىرلارنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارنى كىچىك ماشىنىغا چىقاردى. ئۆزى بولسا يۈك ماشىنىسىدىكى تەگتۇشلىرىنىڭ ئارىسىغا قىسىلدى.

شىن ۋېيۋېن بىر كۈنى توققۇزاق ناھىيىلىك پارتكوم ئورگان خادىملىرىنىڭ يىغىنىنى ئاچتى. يىغىن زالىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا بىر قاتار كرېسلو قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا زالغا بالدۇر كىرگەن ياشلار پۇتلىرىنى سوزۇشقىنىچە ئولتۇرۇۋالغانىدى. زالغا كېيىنرەك كىرگەن پېشقەدەملەر بولسا قاتتىق ئورۇندۇقلاردا مۈكچىيىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئالدىنقى قاتاردىكى كرېسلولاردا ئولتۇرۇشقان ياشلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئوغلىنىڭمۇ بارلىقىنى كۆرۈپ شىن ۋېيۋېننىڭ سەپرايى قىرىق گەز ئۆرلىدى.

ــ ھەي بالا، سەن چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگەنمىگەنمۇ؟ سېنىڭ تاغاڭدەك، داداڭدەك ئادەملەر ئاشۇ قاتتىق ئورۇندۇقتا مۈكچىيىشىپ ئولتۇرۇشسا، سەن كرېسلودا سوزۇلۇپ ئولتۇرۇشتىن ئۇيالمامسەن؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاشۇ پېشقەدەملەردەك بولىدىغان ۋاقتىڭنى ئويلاپ كۆرسەڭ بولىدۇ.

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا كرېسلولاردا ئولتۇرۇشقان ياشلار دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئارقا رەتتىكى پېشقەدەملەرنى كرېسلولارغا ئولتۇرغۇزۇشتى.

ئۇنىڭ ئايالى ئەسلىدە ياندۇما گوڭشېسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىمۇ ياندۇما گوڭشې قورۇسىدا ئىدى. دېھقانلار شىن ۋېيۋېننى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەچكە، يېزا بازىرىغا كەلگەندە بەزىدە بىرەر سېۋەت ئالما، ئانار ياكى شاپتۇل ئالغاچ كېلىپ شىن ۋېيۋېننىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ بېرەتتى. ئەگەر شىن ۋېيۋېن ئۆيىدە بولسا چوقۇم شۇ دېھقانغا ئەكەلگەن نەرسىسىدىنمۇ ئاشۇرۇۋىراق پۇل ياكى باشقا نەرسىلەرنى

بېرىپ رەھمەت ئېيتىپ قايتۇراتتى. بىراق كېيىنكى چاغلاردا شىن ۋېيۋېن ئايالىنىڭ
سوۋغات ئەكەلگەن دېھقانلارنى قۇرۇق قول قايتۇرغانلىقىنى، ھەتتا كۆكتاتنىمۇ پۇلغا ئالماي-
دىغان بولۇۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى-دە، ئايالىنى ۋە ئۆيىنى ناھىيە بازىرىغا يۆتكەۋې-
تىپ، ئۆزى داۋاملىق ياندۇما گوڭشېسىدا ئىشلىدى.

شىن ۋېيۋېن كونىشەھەر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلە-
ۋاتقان كۈنلەردە ئۇنىڭ ئايالى قاتتىق ئاغرىپ قالدى. يەرلىك دوختۇرلار ئۇنىڭغا ئۇچەي
راكى، دەپ دىئاگنوز قويدى. شۇڭا ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ تەكشۈرتۈشكە ۋە داۋال-
تىشقا توغرا كېلەتتى. بىراق بۇ چاغدا شىن ۋېيۋېن ئۇغۇساق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى
قۇرۇلۇشىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكتىن، ئىش ئورنىدىن ئايرىلالمايتتى.
شۇڭا ئۇ ئايالىنىڭ ئالدىدا ئەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلالمىدى. ئايالىنىڭ قەلبىگە مەلھەم
بېرەلمىدى. سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ناھىيىدە
توك ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدىغان ھەر خىل ئىگىلىكلەر بەرپا قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا
زور يۈكسىلىشلەر بولدى. بىراق ئۇنىڭ ئايالى يۇقىرىدىكى سەۋەب تۈپەيلىدىن پەيدا
بولغان كۆڭۈلسىزلىكنى پات-پات كوچىلاپ ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇراتتى.

شىن ۋېيۋېن باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ياندۇما گوڭشېسى-
دىكى ئىسيانكارلارنىڭ كاتتىبېشىنى ئۆز ۋاقتىدا شىن ۋېيۋېن ئۆز قولى بىلەن تەربىيە-
لەپ گوڭشېغا كادىرلىققا ئۆستۈرگەنىدى. ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا شىن ۋېي-
ۋېننى ھە دېسە ئۇرۇپ-سوقۇپ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىغان. «مەدەنىيەت زور ئىنـ-
قىلابى» نىڭ يامان تەسىرىنى تازىلاش ۋاقتىدا كەڭ ئامما ھېلىقى كاتتىۋاشنى جازالاپ
بېرىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى. لېكىن شىن ۋېيۋېن:
— ياش ئەمەسمۇ، تەجرىبىسىز-دە، تولپارمۇ بەزىدە پۇتلىشىپ يىقىلىپ كېتىدۇ. ئۇ
ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ياخشى تونۇسىلا بولىدىغۇ، — دەپ ئۇنىڭغا يان باستى.
بۇ كاتتىۋاشنىڭ قېيىن ئاتىسى ئەسلى بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ،
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا بۇ كاتتىباش ئۇنى «جىن-شەيتان» دەپ ئۇرۇپ
سوققانىدى. كېيىن قېيىن ئاتىسى ئۇنىڭغا قارىمايدىغان بولدى. ئايالىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئاجرى-
شىپ كەتمەكچى بولدى. شىن ۋېيۋېن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېيىن ئاتىسىغا
جىق نەسىھەت قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي قېيىن ئاتا بىلەن كۈيئوغۇل بىردىن قوغۇن كۆتۈرۈپ
شىن ۋېيۋېننىڭ ئۆيىگە كەلدى ھەمدە:
— بىز يارىشىپ قالدۇق. سىزنىڭ سەممىي ياردىمىڭىزگە رەھمەت! — دېيىشتى.

شىن ۋېيۋېن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى چىن قەلبىدىن ھۆرمەتلەيتتى.
روزا ھېيت، قۇربان ھېيت ۋە توي-تۆكۈنلەردىلا ئەمەس، ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرىدىمۇ ئۇلار
بىلەن بىللە بولاتتى.
بىر كۈنى ئۇ يېزىدا خىزمەت تەكشۈرۈپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ ئالدىغا ئەبجىقى

چىقىپ كەتكەن جىنازىدا مېيىت كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر ئۇچرىدى. جىنازا ھەقىقەتەن بەك كونا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ قەدەم رىتىمىغا ئەگىشىپ غىچىرلاپ تۇراتتى. شۇنىڭدىن كېيىن شىن ۋېيۋېن دادۈي كادىرلىرىنى باشلاپ بىرنەچچە مەسچىتتىكى جىنازا ۋە ئۆلۈك يۇغاندا ئىشلىتىلىدىغان تاختايلارنى كۆرۈپ چىقتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئازادلىقتىن بۇرۇن ياسىتىلغان بولۇپ، بەك كونىراپ كەتكەنىدى. ئۇ بىرنەچچە دىنىي زاتتىن جىنازىنى ۋە تاختاينى يېڭىدىن ياساتسا بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. يېڭىدىن جىنازا ياساشنى دىنىي زاتلار قىزغىن قوللىدى. يېزا كادىرلىرىنىڭ يىغىنى ئېچىلغاندا شىن ۋېيۋېن:

— يولداشلار، بىز كۇگچەنداكىنىڭ كادىرلىرى، خەلقنىڭ غېمىنى يېمىسەك بولمايدۇ. پۇقرالارنىڭ ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىغىمۇ ئىگىدارچىلىق قىلىشىمىز كېرەك. مەن خېلى كۆپ مەسچىتلەرنى تەكشۈرۈپ كۆردۈم. جىنازا ۋە مېيىت يۇيۇش تاختايلىرى بەكمۇ كونىراپ كېتىپتۇ. ئۇنى يېڭىلىمىساق بولمىغۇدەك. ھەرقايسى دادۈيدىن كەلگەن مەسئۇل يولداشلارنىڭ مۇشۇ ئىشنى يېرىم ئاي ئىچىدە پۈتتۈرۈۋېتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ گەرچە كىچىك ئىش بولسىمۇ، خەلق بۇنى پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە قىلغان غەمخورلۇقى، دەپ چۈشىنىپ، پارتىيىدىن، ھۆكۈمەتتىن مىننەتدار بولدى.

يامانيار يېزا 4-دادۈيدىكى 70 ياشلىق دېھقان مەمەت ئوسمان قارا تەمرەتكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىدى. شىن ۋېيۋېن بىر كۈنى ئۆز پۇلىغا بەش دانە بېلىق سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەردى.

— مەمەت ئاكا، سىز كەم قۇۋۋەت بولۇپ قاپسىز. دوختۇر بېلىقنىڭ قۇۋۋەت ماددىسى يۇقىرى دېگەنىدى. بۇنى پىشۇرۇپ يەڭ.

شىن ۋېيۋېن ئۇنى پات-پات يوقلاپ تۇردى. شىن ۋېيۋېننىڭ كۆيۈنۈشى ئارقىسىدا مەمەت ئاكىنىڭ كېسىلى خېلى ساقىيىپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ يۈرەك كېسىلى تۈپەيلىدىن ۋاپات بولۇپ كەتتى. شىن ۋېيۋېن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر دادۈيدىن كېلىپ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشقا قاتناشتى.

شىن ۋېيۋېن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە ھەممىدىن بەك ئېتىبار بېرەتتى. ئۇ قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن بەش يىل جەريانىدا ھەر يىلى بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون، ھەتتا مەركەزگىچە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەن. كۆپ قېتىم ۋىلايەتلىك كادىرلار ئىدارىسىغا بېرىپ، بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىش مەسىلىسىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا كۆپرەك ئېتىبار قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. بەزى ئىدارىلار خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى ۋە خىراجەتنىڭ قىسلىقىنى باھانە قىلىپ كادىرلارنىڭ ئوقۇشقا بېرىشىغا قوشۇلمىغاندا، ئۇ شۇ ئىدارە رەھبەرلىرىگە خىزمەت ئىشلىگەن.

1982-يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇغوپۇر ئۆمەر مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا بارماقچى بولدى. شىن ۋېيۋېن مەخسۇس ئۇزىتىش يىغىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا:

— ئاشۇجى، سىز خاتىرجەم ئوقۇشقا بېرىڭ. ناھىيىنىڭ ئىشلىرىنى بىز كۆپچىلىك يورۇشتۇرۇپ كېتىمىز. ئائىلىڭىزدىكىلەر قىيىنچىلىق تارتىپ قالسا مەن ياردەملىشىمەن، — دېدى.

ئابدۇغوپۇر ئۆمەر ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن شىن ۋېيۋېن پات ـ پاتلا خەت يېزىپ ناھىيىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا دوكلاد قىلىپ تۇردى. ئۆزىنىڭ يازغان ھەر قېتىمقى خېتىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ ئىككىخىل نۇسخىنى ئۇنىڭغا ئەۋەتتى. ئابدۇغوپۇرنىڭ ياتاقداشلىرى خەتنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلىنىپ كېتىشكەن. ئابدۇغوپۇر ئۆمەرنىڭ ئايالىمۇ يازغان خەتلىرىدە شىن ۋېيۋېننىڭ دائىم ھال سوراپ تۇرغانلىقى ۋە غەمخورلۇق قىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر قىلغان. ھەر نۆۋەت ئايالىدىن ۋە شىن ۋېيۋېندىن خەت كەلگەندە ئابدۇغوپۇر ئۆمەر ھاياجانلىنىپ ياش تۆككەن. بىر يىلدىن كېيىن ئابدۇغوپۇر ئۆمەر ئوقۇشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلدى. شىن ۋېيۋېن يىغىن ئېچىپ ئۇنى قارشى ئالدى ھەمدە يىغىندا ناھىيىنىڭ بىر يىللىق ئەھۋالىنى ئۇنىڭغا دوكلات قىلدى. بۇ ئىشلار مۇئاۋىن شۇجى ئابدۇغوپۇرغا قاتتىق تەسىر قىلدى. كېيىنكى مەزگىللەردە ئابدۇغوپۇر خىزمەتنى تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلەيدىغان بولدى. ئۇ تولىسى جاپالىق ئىشلىگەچكە، بىر قېتىم ئىشخانىدىلا ھوشىدىن كەتتى. شىن ۋېيۋېن ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى ۋە پۈتۈن كېچە ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىدىن نېرى كەتمىدى.

يېڭىشەھەر ناھىيە يانـدۇما يېزىسىدا سىيىت پالتا ئىسىملىك بىر كادىر بار ئىدى. بىر يىلى يازدا ئۇ ئەڭ نامرات، ئەڭ يىراق بىر دادۈيگە بېرىپ يېگىرمە ئىككى كۈنگىچە ئۆيىگە قايتىپ كېلەلمىدى. بىر كۈنى شىن ۋېيۋېن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ، ئەتە گۇڭشېدا دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلىدۇ، كەچ سائەت 8 دىن بۇرۇن يېتىپ كەل، دەپ ئۇقتۇردى. سىيىت پالتا سائەت 8 دىن بۇرۇن گۇڭشېغا يېتىپ كەلدى، بىراق گۇڭشېدىكى مەجلىسخانىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. گۇڭشې كىنوخانىسى تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ كىشىلەردىن بۈگۈن يېڭى فىلىم قويۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كىنوخانا ئىچىدىن شىن ۋېيۋېننى ئىزدەپ تاپتى.

— شۇجى، بۈگۈنكى جىددىي يىغىن ئېچىلىپ بولدىمۇ؟

شىن ۋېيۋېن كۈلۈپ كەتتى ـ دە، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

— ئاداش، سەن بەك جاپا تارتتىڭ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى ئۆيۈڭگىمۇ قايتالمىدىڭ. بۈگۈن بۇ يەردە يېڭى كىنو قويۇلىدىكەن، سېنى كىنو كۆرگەچ بىرنەچچە كۈن دەم ئالسۇن دېگەنىدىم. مايەرگە ئولتۇرە، — دېدى ئۇ يېنىدىكى بوش ئورۇننى كۆرسىتىپ، ئاندىن كېيىن كىنوچىغا ۋارقىرىدى، — ئاداش، كىنويىڭنى باشلا!

ھە، ئەسلىدە مۇنداق ئىشكەن ـ دە، سىيىت پالتا شىن ۋېيۋېنغا قارىغىنىچە ھاياجىنىنى باسالماي يىغلاپ تاشلىدى.

سىيىت پالتا كىنو تۈگىگەندە ئۆيىگە بېرىپ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپلا شىن ۋېيۋېننىڭ ئۆيىگە خىزمەتلەردىن دوكلات قىلماقچى بولۇپ كەلدى. بىراق شىن ۋېيۋېن ئالدىقاچان سىيىت پالتا ئىشلەۋاتقان دادۈيگە كەتكەنىدى. سىيىت پالتا بالا ـ چاقىلىرى بىلەن خوشلىشىپ شۇ كېچىدىلا يەنە ئۆز ئورنىغا يۈرۈپ كەتتى.

كۆكشىنىڭ ھارۋىكەشى ماموتاخۇن ئىلگىرى بەش قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە يەنىلا بويتاق ياشاۋاتاتتى. بىر كۈنى شىن ۋېيۋېن ئۇنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ كەلدى.

— ئاداش، بۇنداق ئۆتۈۋەرسەڭ بولمايدۇ. ئۆيلىنىش كېرەك جۇمۇ! — دېدى ئۇ ئۆيدىكى قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان نەرسىلەرنى كۆرۈپ.

— مەن نۇرغۇن قېتىم خوتۇن ئېلىپ قويۇۋەتكەن ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قول ئىلكىدىمۇ ھېچنېمە يوق، بۇ ھالەتتە ماڭا كىم تېگىدۇ؟

— سەن ھەر قېتىم ئالدىراپ توي قىلسەن، يەنە ئالدىراپ ئاجرىشىسەن. بۇنداق قىلساڭ بەكمۇ سەت بولىدۇ. بەلكىم ساۋاقمۇ ئالغانسەن. بۇندىن كېيىن ئاز-تولا پۇل يىغىپ ئۆيلىنىۋال! — دېدى ئۇ ماموتقا نەسىھەت قىلىپ.

شىن ۋېيۋېن ماموت ھارۋىكەشنى ئۆيلەپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى. 1967-يىل ئەتىيازدا شىن ۋېيۋېن 7-دادۈيدە نۇقتىدا تۇرۇپ ئىشلەۋاتقاندا ئارزىگۈل ئىسىملىك بىر ئايالنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئارزىگۈل ئۇ چاغدا دادۈي ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئىدى، دادۈينىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنىمۇ قوشۇمچە ئىشلەيتتى. شىن ۋېيۋېن ئارزىگۈلنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن ماموت ھارۋىكەشنى كۈيئوغۇل قىلىشنى خالايدىغان-خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى. بىراق قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئېنىق جاۋاب بەرمىدى. شىن ۋېيۋېن كۆكشىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ماموتقا ئارزىگۈلنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈشنى بۇيرىدى. بىراق قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئەلچىلەرگە ماموتنىڭ كۆپ قېتىم خوتۇن ئېلىپ قويۇۋەتكەن ئادەم ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنىڭغا قىزىنى بېرىشتىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتقاندى. شۇنىڭدىن كېيىن شىن ۋېيۋېن ماموتنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئاداش، ئارزىگۈل قانداقراق كەن، ساڭا يارىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياردى.

— قىز ساڭا يارىغىنى بىلەن سەن قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا يارىمايدىكەنسەن ئەمەسمۇ! — دېدى شىن ۋېيۋېن، — سەن ئارزىگۈل بىلەن توي قىلساڭ ئۇنىڭدىن ئاجراشماسلىققا ۋەدە بېرەلەمسەن؟ ئۇنى ئۇرماسلىققا، ئۇنى بوزەك قىلماسلىققا تىلخەت بېرەلەمسەن؟

— تىلخەت بېرەلەيمەن، — دېدى ماموت ھەمدە شۇ يەردىلا تىلخەت يېزىپ بەردى.

شىن ۋېيۋېن تىلخەتنى كۆتۈرۈپ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىغا باردى. شۇنداق قىلىپ 1967-يىلى ئۆكتەبىر ئايلىرىدا شىن ۋېيۋېن بۇ ئىككىيلەننىڭ تويىنى قىلىپ قويدى. كېيىن ئارزىگۈل ماموتقا بىرنەچچە پەرزەنت تۇغۇپ بەردى. بۇلار ھازىر خۇشال-خۇرام ۋە ئىناق ياشىماقتا.

1990-يىلى سېنتەبىردە ماموت قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. بۇ چاغدا شىن ۋېيۋېن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ ماموتنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئۇنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا باردى ھەمدە دوختۇرلارغا:

— ماموت بىر ئۆمۈر جاپا تارتقان پېشقەدەم يولداش، ئۇنىڭ كېسىلىنى چوقۇم ساقايتىڭلار، ھەممە داۋالىنىش خىراجىتىگە مەن ئىگە، سىلەر ئۇنى بىر ئىلاجى قىلىپ ساقايتىڭلار، — دېدى.

دوختۇرلارمۇ ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىغانلىقتىن تېزلا ساقىيىپ كەتتى.

بىر يىلى كۈزدە يانىيار 1-دادۇيدىكى 60 ياشلىق ھەسىناخۇن بوۋاي ۋىلايەت-لىك پارتكومغا شىن ۋېيۋېننى يوقلاپ كەلدى.
— ئاكا، كىمنى ئىزدەيلا؟ — دەپ سورىدى قاراۋۇل.
— مەن شىن شۇجىنى ئىزدەيتتىم ، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي.
— پارتكومدا شىن فامىلىلىك شۇجى يوق.
— ياق ئۇكام، شىن شۇجىنى مۇشۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم.
قاراۋۇل ئاخىرى بوۋاي ئىزدىگەن كىشى دەل پارتكومنىڭ كاتىپى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى شىن ۋېيۋېننىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ باردى. شىن ۋېيۋېن ھەسەن بوۋاي بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.
شىن ۋېيۋېن ھەسەن بوۋاينى كرېسلوغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چاي ئەكەلدى. بوۋاي شىن ۋېيۋېنغا بىردەم تىكىلىپ قاراپ، يىغلامسىرىغان ھالدا سورىدى:
— شىن شۇجى، تېنىڭىز سالامەتمۇ؟
— ياخشى، سالامەتلىكىم ناھايىتى ياخشى!
— بەزى يۇرتداشلار سىزنى تېلېۋىزوردا كۆرۈپتىكەن. سىزنى ئورۇقلاپ، قارىداپ قاپتۇ، دېيىشىدۇ. ئاغرىپ قالمىغانسىزھە؟
— ياق، ياق، ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋاتىمەن.
بوۋاي شىن ۋېيۋېننىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىيلايتتى. كۆزلىرىدە ش ئەگىگەن ھالدا كۈلۈمسىرەيتتى.
— ھىم، ھېلىمۇ بىر چاغلاردىكىدەك مەزمۇت تۇرۇپسىز، ئەمدى كۆڭلۈم تىندى، ئەمدى كۆڭلۈم تىندى.
— ھەسەن ئاكا، سىز بازارغا سودا قىلغىلى كىرگەنمىدىڭىز؟
— ياق، سىزنى كۆرۈش ئۈچۈنلا كەلگەنىدىم.
بوۋاي قوينىدىن ئىككى ئانارنى چىقىرىپ شىن ۋېيۋېننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.
— شىن شۇجى، سىز ئانار كۆچىتى تىكىڭلار، دېگەن ئەمەسمىدىڭىز. كۆچەتلەر بۇ يىل مېۋىگە كىرگەنىدى. ئاۋۋال پىشقىنىنى سىزگە ئالغاچ كەلدىم. تېتىپ بېقىڭ.
شىن ۋېيۋېننىڭ بۇرنىنىڭ ئۇچى ئېچىشىپ كۆزلىرىگە ياش تىقىلدى-دە، بوۋاينىڭ قولىنى چىڭ سىقتى. لەۋلىرى تىترەپ، سۆزلىيەلمەي قالدى.

شىن ۋېيۋېن غۇنچىخان ئانىنى يوقلاش ئۈچۈن يانىيار 5-دادۇيىگە بارماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن. مەنمۇ ئۇنىڭ كىچىك ماشىنىسىغا چىقىۋالدىم.
مەنزىلگە يېتىپ كېلىپ ماشىنىدىن ئەمدىلا چۈشۈۋىدۇق، ئۆيدىن بىر موماي چىقتى.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئانا، — شىن ۋېيۋېن ئۆيدىن چىققان ئانىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.
— كېلىڭ بالام، كېلىڭ، سالامەت تۇرۇۋاتامسىز، بالىلىرىڭىز تىنچ-ئامان تۇرۇۋاتامدۇ؟ — غۇنچىخان ئانا شىن ۋېيۋېننىڭ ئېگىلگەن بېشىدىن تۇتۇپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆي تەرەپكە يۈرۈلۈپ توۋلىدى، — قىزىم، چاقىقان

بولۇڭ، شىنى ئاكىڭىزغا كۆرپە سېلىڭ، مەمەت بالام، شىن ئاكىڭىزغا ئاتاپ بوردىغان قوينى سويۇڭ، ـــ بىر دەمنىڭ ئىچىدە پۈتۈن ئۆيدىكىلەر ئالدىراش ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

ـــ ياق، ئانا، مەمەت ئۇكام قوينى ئۆلتۈرمىسۇن، ـ دېدى شىن ۋېيۋېن بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرىۋېتىپ.

ـــ دېمىشقا، چاغاندا سىزنى يوقلاپ بارالماي كۆڭلۈم بەك يېرىم بولغانىدى. سىزنى راسا بىر مېھمان قىلمىسام كۆڭلۈم ئارام تاپمايدۇ. سىز ئۈچۈنلا بوردىغان بىزئۇ قوينى...

ـــ ياق ئانا، قوي يېگەندەك بولدۇم، مەن بۈگۈن بەك ئالدىراش، مەكتكە بارمىسام بولمايدۇ. قوينى باشقا چاغدا كېلىپ يەي.

ـــ ۋنىيەي، قوينىڭە شۇ گېپىڭىزنى، ـــ غۇنچىخان ئانا رەنجىپ قالدى، ـــ قاچانلا كەلسىڭىز ئالدىرايمەن دەپلا تۇرىدىكەنسىز. ماۋۇ ئۆيلەردە بىرەر ھەپتە تۇرغۇدەك بولۇپ كەلسىڭىز ئازادە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋالساق بولماسمىدى؟! ـــ غۇنچىخان ئانىنىڭ سۆزىدىن يات بىر مىللەتتىن بولغان ئادەمگە ئەمەس، ئۆز ئوغلىغا كايىۋاتقاندەك بىر خىل ھېسسىيات بىلىنىپ تۇراتتى.

ـــ مەن يەنە كېلىمەن، ـــ دېدى شىن ۋېيۋېن يوغان سومكىسىنىڭ سېرتىمىسنى ئېچىپ تۇرۇپ، ـــ ماۋۇ ئالمىنى سىزنى يەپ باقارمىكىن دەپ ئالغاچ كەلدىم. ناۋادا رېماتىزىم كېسىلىڭىز قوزغىلىپ قالسا ماۋۇ دورىنى چاپلىسىڭىز تېز ئۈنۈم بېرىدۇ.

ـــ ماقۇل بالام، ماقۇل، رەھمەت، رەھمەت.

غۇنچىخان ئانا مۇئاۋىن ۋالىيلىق دەرىجىسىگە ئۆستۈرۈلگەن شىن ۋېيۋېننىڭ ئۆزىگە شۇنداق كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز كۆزلىرىگە ياش ئالدى. شىن بالام ئۆزگەرمەپتۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى ئۆزگەرمەپتۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

غۇنچىخان ئانا بىر نەچچە يىل ئىلگىرىكى ئىشلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. داۋۇت ئاكا قازا قىلىپ كەتكەن چاغدا شىن ۋېيۋېن ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كېتىپ قالغانىدى. ئارىلىق يىراق بولغاچقا غۇنچىخان ئانا شىن ۋېيۋېنغا خەۋەر قىلالمىغان. شىن ۋېيۋېن يىغىندىن قايتىپ كېلىپلا بۇ ئۆيگە كېلىپ ۋاي دادام دەپ ھازا ئاچقان ھەمدە ماڭا ئۆز ۋاقتىدا خەۋەر قىلماپسىلەر، دەپ غۇنچىخان ئانىدىن رەنجىگەنىدى، مانا شۇ چاغدىن باشلاپ شىن ۋېيۋېن غۇنچىخان ئانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلمەكتە. ھەر يىلى قۇربان ھېيت، روزى ھېيت كۈنلىرى شىن ۋېيۋېن غۇنچىخان ئانىنى يوقلاپ كېلەتتى. يېڭى يىل بايرىمى ۋە چاغانلاردا غۇنچىخان ئانا ئېشەك ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، ۋىلايەتلىك پارتكوم قورۇسىغا شىن ۋېيۋېننى يوقلاپ باراتتى. بۇ يىل چاغاندا غۇنچىخان ئانا ساقسىز بولۇپ قېلىپ ئوغلىنى يوقلاپ بارالمىغانىدى. مانا ئەمدى ئوغلى ئانىسىنى يوقلاپ كەلدى.

شىن ۋېيۋېن ئانىسى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، يېشىل رەڭلىك كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ مەكتەپ تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى. غۇنچىخان ئانا ۋە ئۇنىڭ قوشنىلىرى چاڭ ـ توزان توزۇتۇپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا تىكىلىشكىنىچە ئاشۇ ئېگىز بوي كىشىگە ئاللادىن سالامەتلىك ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ دۇئا قىلىشتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# سۈزۈك بۇلاقتىن تامچىلار

(نەسرلەر)

## قەسەم

ئۇ 50-يىللاردىلا ئاشۇ بايراق ئالدىدا قەسەم بەرگەنىدى. يىللار ئۇنىڭ قەددىنى ئەگدى، لېكىن ئەقىدىسىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئۇ ئۆز قەسىمىگە ئىزچىل سادىق بولدى. چۈنكى ئۇنىڭدا رەڭۋازلىق ھۈنىرى يوق ئىدى. ئۇ تۈلكىلىك قىلىشنىمۇ، كۆز باغلاشنىمۇ بىلمەيتتى. بىرى بېشىغا قىلىچ تەڭلەپ تۇرسىمۇ، يالغان سۆزلىيەلمەيتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ قەلب تۆرىگە تىكلىگەن غايە بايرىقى كېچە-كۈندۈز جەۋلان قىلىپ تۇردى. يىللارنىڭ شىددەتلىك بوران-چاپقۇنلىرى، تۇرمۇشنىڭ يۈگەنسىز كەلكۈنلىرى ئۇنىڭ ۋىركىدىكى ئوتلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلىيالمىدى، بەلكى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى. بۇ ئوتلار ئۇتاشقان چاغدا ئۇ تېخى نەۋقىران يىگىت ئىدى. ئەل يۇرت مۇھەببىتى بۇ ياش يىگىتنى ئورغاق-بولقىلىق بايراق ئالدىغا باشلاپ كەلگەنىدى. ئۇ ئۆزى تاللىغان بۇ يولنىڭ توغرىلىقىدىن شۈبھىلەنمەيتتى. چۈنكى بۇ يول ئۇنى پارلاق مەنزىلگە — خەلق بەختىنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىغا باشلاۋاتاتتى. شۇڭا ئورغاق-بولقىلىق بايراقنى زەھەرخەندىلىك بىلەن قارىلايدىغان گەپ-سۆزلەر ئالدىدا سۈكۈت قىلىشنى ئۇنىڭ ۋىجدانى زادىلا كۆتۈرمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى نەپسانىيەتچىلىك قۇيۇنلىرى ئىچىدە خۇدىنى يوقاتقانلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمايتتى. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا پىتنە-ئىغۋا، مەسخىرە ئوقلىرىنى توختاۋسىز ياغدۇراتتى. ئەل-يۇرتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئىزدەپ سايىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان بۇ تۆھمەتخورلار ياغدۇرغان زەھەرلىك ئوقلار ئۇنىڭ ئورغاق-بولقىلىق بايراققا بولغان ئېتىقادىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. چۈنكى رەھىمسىزلىك، ئاچكۆزلۈك بورانلىرى ھۇۋلىغان كۈنلەردە بۇ بايراق مېھىر-شەپقەت نۇرلىرىنى تۆكۈپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىللىتاتتى، كۆز ئالدىنى يورۇتاتتى...

ئۇ يېتىم-يېسىرلارنىڭ ئېتىزىغا خالىسانە تەر تۆكۈشكە باشلىۋىدى، بىر توپ تەييارتاپ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، «سەن تازىمۇ ھاماقەت ئادەم ئىكەنسەن. ھازىر ھەممەيلەن ئۆز غېمىنى يەۋاتسا، سېنىڭ بۇ يەردە بىھۇدە تەر تۆكۈپ يۈرگىنىڭ نېمىسى؟!» دەپ چالۋاقىدى. بۇ گەپلەر ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ «كىشىلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرۇش ھاماقەتلىك بولسا، ئۇلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىگە چاڭ سېلىش دانىشمەنلىك

بولامدۇ!؟ بۇ دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۆز غېمىنىلا يېسە، بىر-بىرىنىڭ
ئۆلۈپ-تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىسا، رەھىمسىزلىك بىلەن ئاچكۆزلۈك ئىنسانپەرۋەرلىك-
نىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ قالامدۇ!؟ ئۇ چاغدا بۇ ئالەم مۇھەببەتنىڭ گۈلىستانىغا
ئايلىنىپ كەتمەمدۇ؟!» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆزىنى ئەيىپلەۋاتقان بۇ تىرىـ
كتاپلارغا غەزەپ-نەپرەتكە تولغان كۆزلىرىنى مىختەك قادىۋىدى، ئۇلارنىڭ رەزىل ئەپتى
بەشىرىسى ئايان بولدى: گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان بۇ «دانىشمەن»
لەرنىڭ بەزىلىرى ئىككى يانچۇقىغا تولدۇرۇۋالغان توك ئالمىلارنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالـ
ماۋاتاتتى، بەزىلىرى يېڭىلا كېسىلگەن مېۋە كۆچەتلىرىنى يۇدۇۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆز-
لىرىدىن بىر خىل سوغۇق ئۇچقۇن چاچرايتتى. ئۇلارنى ئۇمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك،
نەپسانىيەتچىلىك ئۇيقىلىدىن ئازدۇرۇشقا ئازلا قالغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا
ئۇلارنىڭ كۆزىگە بۇ دۇنيادىكى گۈزەللىكلەرنىڭ كۆرۈنمەسلىكى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇ
ئۆزىنى ئەيىبلىگەن تىرىكتاپلارنىڭ بۇ ھالىغا قاتتىق ئېچىندى. ئۇنىڭغا شۇ تاپتا گويا
ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىكى توك ئالمىلارمۇ، نابۇت قىلىنغان كۆچەتلەرمۇ دەرد تۆكۈۋاتقاندەك
تۇيۇلدى. ئۇنىڭ قەلبى پۇچىلاندى. چۈنكى يۇرتداشلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگەك مېۋىسى
ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا خارلىنىۋاتاتتى. بۇنداق زوراۋانلىققا يول قويغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ
قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە بىر چاغلاردا بەرگەن قەسىمى قايتىدىن جاراڭلىغاندەك بولدى. شۇڭلاشقا
ئۇ مەجبۇرىيەت كەمىرىنى تېخىمۇ چىڭگىتىپ، كۆكرىكىنى ئەل-يۇرتىنىڭ ئېتىز-ئېرىق،
باغ-ۋارانلىرىنى نەپسانىيەتچىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغدايدىغان مۇستەھكەم قالقانغا
ئايلاندۇردى. غايىسىز كىشىلەر ئۇنىڭ بۇ خىل پىداكارلىقىدىن كۈلۈشتى. چىرىكلەشـ
كەن ئەمەلدارلاردىن جاق تويغان بەزى ئادەملەر ئۇنىڭ يۇرتداشلىرىغا بولغان سادىقلىقىـ
دىن گۇمانلاندى. ئېزىتقۇ نەزەرىيىلەرنىڭ كەينىدە سوكۇلداپ يۈرگەن بەزى ياشلار
ئۇنىڭ ئاجىزلارنى يۆلەش روھىنىڭ تېگىگە زادىلا يېتەلمەيتتى. چۈنكى ئۇلار پۇل، مەنـ
سەپ، خۇسۇسىي نەپكە بولغان ئىنتىلىش بورىنى جېمى ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى
گۈلىستانلارنى بەرباد ئەيلىدى دەپ قارايتتى. دېمىسىمۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئور-
غاق-بولقىلىق بايراق ئالدىدا قەسەم بەرگەن بەزى كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى
غايە يۇلتۇزلىرى ئۆچۈپ قالغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ۋىجدانىنى پۇل، مەنسەپ، خۇسۇ-
سىي نەپ قاتارلىقلارغا تېگىشىۋەتكەنىدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئورغاق-
بولقىلىق بايراق ئالدىدا قەسەم بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئورۇنسىز گۇمانلىنىدىغان روـ
ھىي كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانىدى. يامان غەرەزلىك ئادەملەر قەسەمنى نەپ ئېلىش
ۋاسىتىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغانلارنىڭ ئەيىپىنى ئورغاق-بولقىلىق بايراققا چاپلاشقا ئۇرۇناتتى.
بۇنداق ناھەقچىلىكلەرگە يول قويغىلى بولمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ھاياتى شاۋقۇن-
سۈرەن بىلەن تولۇپ كەتتى. بۇ ئېلىشىش ئۇنىڭغا ئۆز قەسىمىگە ئەمەل قىلىۋاتقانلىقىنى
تېخىمۇ ئېنىق سەزدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلب كۆكىگە شادلىق قۇياشى بالقىپ
چىقتى. بۇ قۇياشنىڭ نۇرى بۇرۇنقىدىنمۇ يىللىق سېزىلەتتى...

ئۇنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىك ھايات سەپىرى قەسەم بېرىشىنىڭ ئاسان، ئۇنىڭغا

ئەمەل قىلىشنىڭ تەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىگە
مۇنۇ قۇرلارنى تىزدى: غايە مەشئىلىنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق ئۇنى تۇتاشتۇرۇشتىن تەس.
ئەقىدە بايرىقىنى يىقىتماسلىق ئۇنى تىكلەشتىن تەس. يۇلتۇزلارنىڭ ئىھىپ چۈشۈشى ئاس-
ماننىڭ گۇناھى ئەمەس. جۇت - شىۋىرغانلارنىڭ بىر مەھەل قۇتىرىشى قۇياشنىڭ ئاجىزلىقى
ئەمەس. ئاسماننىڭ قوينى كەڭ، قۇياشنىڭ قۇدرىتى چەكسىز.

## گۈل قەسىدىسى

گۈل، زېمىن — سېنىڭ ئاناڭ. سەن دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقاندا، پاك ئىدىڭ.
بولغانغان مۇھىت بەرگىلىرىڭگە پاسكىنا چاڭ - توزانلارنى قوندۇردى، لېكىن كۆيۈمچان
گۈلچىلەر، يىپەكتەك مەيىن شاماللار، كۆك پەردىسى چاچقان سۈزۈك تامچىلار ۋۇجۇدۇڭغا
قونغان پاسكىنا چاڭ - توزانلارنى بەس - بەس بىلەن تازىلاپ تۇردى. شۇڭلاشقا ھۆسن - جامالىڭ
ئالەمنى مەپتۇن ئەيلىدى. چوغدەك گۈلىستانلاردىن چاچقان خۇش پۇراقلىرىڭ دىل-
لارغا مۇھەببەت ئوتىنى ياقتى. بال ھەرىلىرى ئارقىلىق ئىنسانلارغا تەقدىم قىلىنغان
شىرنىلىرىڭ تومۇرلاردا قان بولۇپ ئاقتى. شۇڭا شائىرلار ئىشقىڭدا ئەسىرلەر بويى ئوت-
لۇق قوشاقلار قاتتى.

گۈل، سەن زېمىنغىمۇ، ئىنسانلارغىمۇ گۈزەللىك بېغىشلىدىڭ. شۇڭلاشقا ئۇلارمۇ
سېنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرىدى. ئەقىللىق ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى،
ئاجىز بوۋاي - مومايلار ئاللىقاچان قولدىن كەتكەن گۈزەل ياشلىق دەۋرىنى، ئاشىق
يىگىتلەر مەشۇقلىرىنىڭ كېلىشكەن بوي - تۇرقىنى، شېرىن لېۋىنى ساڭا ئوخشاتتى. سېنى
چېكىلىرىڭگە، قۇلاقلىرىغا قىستۇرۇلىشقان تەڭرىتاغ قىزلىرى تېخىمۇ ھۆسنگە تولۇپ، يىگىت-
لەرنى كۆيۈك ئوتىدا قاخشاتتى. كۆز چاقنىتىدىغان ئۇيغۇر دوپپىلىرى، ئوتقاشتەك خوتەن
گىلەملىرى سېنىڭدىن ئۆرنەك ئالدى. ئىنسانلار شان - شەرەپ قۇچقانلارغا، تۆھپىكار-
لارغا بولغان ئەڭ يۈكسەك ھۆرمىتىنى سەن ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

ئىنسانلار گۈلىستانلاردىن خۇش بۇي پۇراقلار تارقىتىپ ھارمايدىغان رەڭدار گۈل -
غۇنچىلارغا ئامراق. چۈنكى ئۇلارنىڭ چەكلىك ھاياتى ئىنسانلارغا گۈزەللىك تۇيغۇسى
تەقدىم قىلىش بىلەنلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. رەڭگى، پۇرىقى، بوي-تۇرقى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان
بۇ گۈل - غۇنچىلارنىڭ بەزىلىرى تاغلاردا، بەزىلىرى باغلاردا ئېچىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قۇ-
ياش نۇرىغا ئىنتىلىش، تۇپراققا يىلتىز تارتىش، ئەتراپقا خۇش پۇراق تارقىتىش، ئىنسان-
لارنىڭ قەلبىدە گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارنى ئويغىتىش ئادىتى ئوخشاش. يىللار ئۇلارنىڭ
بۇ خىل ئادىتىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئىنسانلار گۈل - غۇنچىلارنى كۆز قارىچۇ-
قىدەك ئاسرايدۇ. گۈزەللىك تەقدىم قىلىشقا خۇشتار گۈل - غۇنچىلارغا ئىنسانلارمۇ ئۆزلى-
رىنىڭ ئەڭ يۈكسەك مۇھەببىتىنى قىلچە ئىككىلەنمەستىن تەقدىم قىلىۋېتىدۇ. بۇ خىل
سۆيگۈدىن كائىناتتىكى بارچە ھاياتلىق ئۈلگە ئالىدۇ.

## سەن گويا قۇياش

سېنىڭ ئىقتىدارىڭغا، قۇدرىتىڭگە قايىلمەن. بەزىدە يۈرەكتىن يۈرەككە يول ئاچساڭ، بەزىدە كۆڭۈل ئاسمىنىغا ئىللىق نۇر چاچىسەن. سېنىڭ پېشىڭنى چىڭ تۇتقانلار بەخت دېڭىزىدا بىمالال ئۈزەلەيدۇ، سېنىڭ قەدرىڭگە يەتكەنلەر شادلىق گۈلستانىنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيدۇ. سەن سەپەر ئۈستىدە ئۇسسىغانلارنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرالايسەن، ماغدۇرسىزلارنىڭ ۋۇجۇدىنى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدۇرالايسەن. سەن دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ - ئادىتى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنى ئورتاق تىلغا ئىگە قىلالايسەن، ئۇلارنىڭ دىل رىشتىسىنى چەمبەرچەس باغلىيالايسەن. شۇڭا ئاق كۆڭۈل ئىنسانلار هامان ساڭا تەلپۈنىدۇ، سېنى ئۆزلىرىگە مەڭگۈلۈك هەمراھ قىلىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كېتەلەيسەن. ئۆزۈڭگە ۋاپاسىزلىق ياكى زىيانكەشلىك قىلغانلارنىڭ ئەدىپىنى كېلىشتۈرۈپ بېرەلەيسەن.

دوستلۇق، سېنىڭ مېھرىڭ ھەقىقەتەن ئوتلۇق!

## مەڭگۈلۈك هەمراھىم

پىتنە - ئىغۋالار بەزىدە يالىڭاچ، بەزىدە نىقابلانغان هالدا ئوق ياغدۇرۇپ، ۋۇجۇدۇمنى قاتتىق ئازابلىدى. يەر شارىدا ئىنساندىنمۇ چىدامىلىق جانلىق بولمىسا كېرەك. بۇ ئوقلار شۇقەدەر زەھەرلىك ئىدىكى، ئۇنىڭ ئالدىدا جادۇگەرلەرنىڭ زۇلمىمۇ هېچگەپ ئەمەس ئىدى. يۈرىكىمگە دەسلەپ قادالغان ئوقلار بۇ دۇنيانى كۆزۈمگە شۇقەدەر مەنىسىز، سۈرلۈك كۆرسەتكەنىدى. قەلبىمدىن ئېتىلىپ چىققان هەسرەتلىك يالقۇنلارنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئۈمىد مايسىلىرىم ۋاقىتسىز سارغىيىشقا باشلىغانىدى. هايات كېمەم تۇرمۇشنىڭ بوران - چاپقۇنلۇق دېڭىزىدا تەمتىرەپ يۈرگەن ئاشۇنداق كۈنلەردە سەن كۆڭۈل ئېكرانىمدا بىردىنلا قۇياشتەك بالقىپ، سوۋۇشقا باشلىغان جىسمىمغا قايتىدىن ئىسسىقلىق بېغىشلىدىڭ. گەجگەمدىن بېسىپ تۇرغان دەرد - ئەلەم تاغلىرىنى شەپىسىز ئېلىپ تاشلاپ، مېنى شادلىق گۈلستانىغا باشلىدىڭ. شۇڭلاشقا سېنى ئۆزۈمگە مەڭگۈلۈك هەمراھ قىلدىم. شۇندىن بۇيان پىتنە - پاسات ئوقلىرى ۋۇجۇدۇمنى زەخىملەندۈرەلمەيدىغان، قايغۇ - هەسرەت تۇمانلىرى كۆڭۈل ئاسمىنىمنى قاپلىيالمايدىغان، خۇشاللىق گۈلشىنى مېنى هەر دائىم ئۆزىگە چىللايدىغان، غايە قۇياشى ئىجادىيەت يولۇمغا ئىللىق نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكىدىغان بولدى. شۇڭلاشقا سەندىن بىر كۈنمۇ ئايرىلماسلىققا قەسەمياد قىلدىم. ھەقىقەتەن، مەن سېنىڭ ھەم دوستۇڭ، ھەم ئاشىقىڭ.

## گۈزەللىك

بۇرۇن بۇ يەر قاقاس، لېكىن باغۋەن ياش ئىدى. ھازىر قاقاسلىقىنىڭ ئورنىدا گۈزەل بىر باغ بىنا بوپتۇ، لېكىن باغۋەن يىگىت قېرىپ، مۈكچىيىپ قاپتۇ. قاۋۇل يىگىت ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىقى ئارقىلىق قاقاس يەرنى ياشنىتىپتۇ. دېمەك، گۈزەللىك ئادەمدىن زېمىنغا كۆچۈپتۇ، لېكىن شۇ تاپتا ئاشۇ جاپاكەش بوۋاينىڭ ۋۇجۇدىدا گۈزەللىك قالمىدى دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟!

قاراڭ، بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخانغا ئايلىنىپ قالغان ئاشۇ بوۋاي باغقا بىر توپ سەيلىچىنى باشلاپ كىردى، لېكىن سەيلىچىلەر باغقا كىرىپلا، باغۋەن بوۋاينى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشتى. چۈنكى باغنىڭ خۇددى چۆچەكلەردىكىدەك گۈزەل مەنزىرىسى ئۇلارنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. باغنىڭ ئىچى بىردەمدىلا گۈزەللىككە تەشنا سەيلىچىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇلار مەنزىرىلىك جاي تاللاپ، بەس ـ بەس بىلەن رەسىمگە چۈشۈشتى، رەڭدار، خۇش پۇراق گۈل ـ غۇنچىلارنى تاللاپ ئۈزۈشتى، مەي بولۇپ پىشقان شېرىن مېۋىلەرنى يېيىپ، سۇرتۇپ ئاغزىغا ياكى سومكىسىغا سېلىشتى، باغ ھۇسنىگە بېغىشلاپ قوشاقلار قېتىشتى، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يېپېڭى، ئەڭ يارىشىملىق مودا كىيىملەرنى كىيىشكەن بەزى قىز ـ يىگىتلەرنىڭ بىچارە بوۋاينىڭ تەر سىڭىپ كىرلىشىپ كەتكەن كۆڭلىكىگە، ئۆڭۈپ كەتكەن دوپپىسىغا، ئاپتاپتا قارىداپ، يېرىلىپ كەتكەن يۈز ـ كۆزلىرىگە، پۇت ـ قوللىرىغا ئەجەپلىنىپ، يىرگىنىپ قاراۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدىم، ھەتتا ئۇلارنىڭ بىرى مېھمانلاردىن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان بۇ ئاقكۆڭۈل بوۋايغا غەزەب ـ نەپرەت يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مىختەك قاداپ، ئۇنى «گۈزەللىكنى سۆيمەيدىغان، مەدەنىيەتسىز، قالاق، نادان، ئالجىغان، پاسكىنا قېرى» دەپ ھاقارەتلىدى. مەن بۇ ئىنسابسىز يىگىتكە ھەم ئەجەپلەنگەن، ھەم غەزەبلەنگەن ھالدا تىكىلدىم. ئۇ شۇ تاپتا خۇددى دۇنيادىكى بارچە گۈزەللىكنىڭ ياراتقۇچىسىدەك گىدىيىپ تۇراتتى. تاشقى گۈزەللىكنى ئىچكى گۈزەللىكتىن ئەلا كۆرىدىغان كىشىلەر ھاكاۋۇر كېلىدۇ.

مەن چەكسىز ھېسسىداشلىقتا تولغان كۆزلىرىمنى قېرى باغۋەنگە تاشلىدىم. باغقا قەدەم تاشلىغان سەيلىچىلەرنىڭ ئاغزىنى شېرىن مېۋىگە تەگكۈزگەنلىكىدىن ئالەمچە شادلىق تاپقان بوۋاينىڭ چېھرىسىدە بەخت كۈلكىسى جىلۋە قىلاتتى: قېرى باغۋەننىڭ ئاجىز كۆز ـ قۇلاقلىرى ئۇنىڭغا ھېلىقى ياشلارنىڭ ئىنسابسىزلىقلىرىنى يەتكۈزەلمەپتۇ ـ دە، دەپ ئويلاپ، كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى، لېكىن گۈزەللىك توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىپ قالدىم.

قاراڭ، ئاۋۇ كۆرۈمسىز بوۋاي گۈزەللىك توغرىسىدا بىرەر ئېغىزمۇ قۇرۇق گەپ ساتمايدىكەن، لېكىن ئۇنىڭ جاپالىق ئەجرىدىن شۇنچە كۆركەم باغ بىنا بوپتۇ ۋە بۇ باغ شۇنچە جىق ئادەمگە ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلاۋېتىپتۇ. باغ ياساپ ئەلنى رازى قىلمەن دەپ بىچارە بوۋاي ئۆزىنى تۇزەشنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپتۇ.

ھېلىقى يىگىتنىڭ قاش - كۆزى جايىدا، كىيىم - كېچەكمۇ يارىشىملىق ئىكەن، لېكىن ئۇ گۈزەللىكنى بەكمۇ تار مەنىدە چۈشىنىۋاپتۇ. شۇڭلاشقا ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى گۈزەللىك يارىتىشقا بېغىشلىغان باغۋەن بوۋاينى «گۈزەللىكنى سۆيمەيدۇ» دەپ بىھۇدە ئەيىبلەۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزى گۈزەللىك بىلەن قارشىلىشىۋاتىدۇ. مېنىڭچە، جاھاندا گۈزەللىككە ئىنتىلگۈچىلەر گۈزەللىككە ئېرىشكۈچىلەردىن ھامان كۆپ بولىدۇ. ھەقىقىي گۈزەللىك كۆكتىكى چولپانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا كۆرۈنگەنلا ئادەمنىڭ قولى يەتمەيدۇ. گۈزەللىك ئەسلىدە ئىنسانىيەتكە ئۆمۈرۋايەت نۇر تەقدىم قىلالىغان پىداكارلارنىڭ يۈرىكى بىلەن تومۇرداش. شۇڭلاشقا ئۇنى تىكلىمە ئەينەك ئالدىدىنلا ئىزدەش نادانلىقتۇر.

## يۇقىرىغا ئىنتىلىش

ئۇ، ئۆگزىگە چىقىمەن دېۋىدى، دوستلىرى ئۇنىڭغا شوتا قويۇپ بېرىشتى. ئۇ، تامدىن ئارتىلىپ چۈشىمەن دېۋىدى، دوستلىرى ئۇنىڭغا دۈمبىسىنى تۇتۇپ بېرىشتى. ئۇ، ئايروپىلاندا ئولتۇرىمەن دېۋىدى، دوستلىرى ئۇنى يۆلەپ چىقىرىپ قويۇشتى. ئۇ ئاخىرىدا ئايغا دەسسەيمەن دېۋىدى، دوستلىرى ئىلاجىسىزلىقتىن تېڭىرقاپ تۇرۇپ قېلىشتى. چۈنكى دوستلىرىنىڭ قولىدىن ئۇنى ئايغا چىقىرىش كەلمەيتتى، ئەمما يۇقىرىغا يامىشىپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ ئادەم دوستلىرىم مېنىڭ تەلىپىمنى جەزمەن ئورۇندىشى كېرەك دەپ قارايتتى. ئۇ دوستلىرىنىڭ قولىدا ئۆزىنى ئايغا يولغا سالالىغۇدەك قاتناش قورالى يوقلۇقىنى ئويلاپمۇ قويمىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بىردىنلا ئاچچىقى كەلدى. ھەتتا، دوستلىرىدىن گۇمانلاندى، ئۇلار ماڭا ھەسەتخورلۇق قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. نەتىجىدە ئۇ ئۆزىگە پايانداز سالغان دوستلىرىغا تەستەك سالغىلى تۇردى، ئۇلارنى «سىلەر پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتىڭلار، دوستلۇق بۇرچىڭلارنى ئادا قىلمايۋاتىسىلەر، سىلەردە ۋاپا يوق» دەپ ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ يولسىزلىقى دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار بىر - بىرلەپ كېتىپ قېلىشتى. يالغۇزلۇق ئۇنى پۇشايمان ئوچىقىغا تاشلىدى. ئۇ بۇ ئوچاقتا قاتتىق ئازابلاندى. ئۇنىڭدا شوتاپتا ئايغا ئەمەس، بەلكى ئۆگزىگە چىقالىغۇدەك مادارمۇ قالمىغانىدى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق پەريادىنى ئاڭلىغان دوستلىرى چىداپ تۇرالماي، يەنە ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى، ئۇنى پۇشايمان ئوچىقىنىڭ ئازابلىرىدىن قۇتۇلدۇردى، ئۇنىڭ قولىغا ئەقىل شامىنى تۇتقۇزدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ، دوستلىرىغا بىھۇدە تەلەپلەرنى قويمايدىغان، ئۇلارنى بېشىدا كۆتۈرىدىغان بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئېسىل ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا چىقىۋاتقانلىقىنىڭ روشەن ئالامىتى ئىدى.

# مۇنازىرە

ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە مۇنازىرىلىشىپ قالدى.

— سەن ھەرقانچە قۇدرەتلىك بولساڭمۇ، مەن سېنى بەزىدە كۆمۈپ تاشلىيالايمەن. ئاشۇنداق چاغلاردا خېلى جىق ئادەملەر سېنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ماڭا ئەگىشىدۇ، — دەپ كۆرەڭلىدى سەپسەتە.

— سەن مېنى ھىمالايا تېغىنىڭ ئاستىغا كۆمۈۋەتسەڭمۇ، قورقۇپ كەتمەيمەن. سېنىڭ زىيانكەشلىكىڭ مېنىڭ رەڭگىمنىمۇ، قىممىتىمنىمۇ، ئىقتىدارىمنىمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ. مېنىڭ زاۋاللىققا ئۇچرىمىغان كۆزلىرىم ھامان يورۇقلۇققا ئىنتىلىدۇ. چۈنكى مەن ئۆزۈممۇ نۇردىن تۆرەلگەن ھەمدە ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە ئۆزلۈكسىز نۇر ياغدۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا بۇ دۇنيادا مېنىڭ ئاشىقلىرىم كۆپ. ئۇلار مېنى بەربىر تېپىۋالىدۇ. مەن ئۇلار بىلەن مەڭگۈ بىللە ياشايمەن، — دېدى ھەقىقەت تەمكىنلىك بىلەن.

سەپسەتە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي ئەخمەق، — دېدى ئۇ چالۋاقاپ، — ئۇلار سېنى ئىزدەپ تاپقىچە، ھالىدىن كېتىپ بولمامدۇ؟! بۇ دۇنيادا سېنى ئىزدەپ، سېنىڭ ئوتۇڭدا كۆيۈپ، زىيان تارتقان، تۈگەشكەن كىشىلەر ئازمۇ؟! يۈزۈڭگە قارا سۈركەش ئارقىلىق تالاي ئاشىقلىرىڭنى قۇچىقىڭدىن تارتىۋالغىنىم يالغانمۇ؟! ساڭا ئۆچ ئادەملەرنىڭ ئاغزىنى پىلمۇتقا ئايلاندۇرۇپ، سېنى ئوققا تۇتقىلى تۇرسام، بۇرۇن ساڭا ئەقىدە باغلاپ يۈرگەن بىرمۇنچىلىغان كىشىلەر نېمىشقا ئەتراپىمغا ئولىشىۋالىدۇ؟ ئېيتقىنا، بۇدۇنيادا زادى قايسىمىز ئەڭ كۈچلۈك؟

نومۇسسىزلارچە ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر يۈرىكىمنى چاياندەك چاقتى. غەزىپىم بىردىنلا شىددەتلىك ئۆركەشلىدى. شۇڭا زادىلا چىداپ تۇرالماي، ئىختىيارسىز گەپكە ئارىلاشتىم:

— ھەي سەپسەتە، سېنىڭ قولۇڭدىن كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇش، ئازدۇرۇش، زەھەرلەش، نابۇت قىلىش كېلىدىغانلىقى راست، لېكىن بۇ سېنىڭ كۈچلۈكلۈكىڭنىڭ ئالامىتى ئەمەس. چۈنكى ھەقىقىي كۈچ-قۇدرەت چىنلىق، گۈزەللىك ۋە سەمىمىيلىك بىلەن تومۇرداش بولىدۇ، ھالبۇكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن، ھەقىقەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. سەن بولساڭ، ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ياقتۇرمايسەن، شۇڭا ئۇلارغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيسەن. ئەمەلىيەتنىڭ قاتتىق سىناقلىرى كەينىڭدىن سوكۇلداپ يۈرگەن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ھەقىقىي قىياپىتىڭنى قاچانلا بولمىسۇن بىر كۈنى كۆرسىتىپ قويىدۇ.

شۇ تاپتا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئوت دېڭىزىغا، كۆزلىرىم چاقماققا، ئاۋازىم گۈلدۈرماماغا ئايلانغانىدى. مەن ھەقىقەتنىڭ بوينىغا چىڭ گىرە سالدىم. ئۇنىڭ ئىشقىدا جان بېرىشكە تەييار ئىدىم. بۇ يەردە ئۆزىگە بازار قالمىغانلىقىنى سەزگەن سەپسەتە ئۆزىنى دەرھال چەتكە ئالدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

سۇڭ خەنلياڭ

# ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرايلى ۋە گۈللەندۈرەيلى

—ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(1991-يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى)

دوستلار، يولداشلار:

مەن بۈگۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى يولداشلار، دوستلار بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ، يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 49 يىللىقىنى خاتىرىلەپ، كەڭ كۇشادە سىردىشىش، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسىدە ئورتاق ئىزدىنىش، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پېشقەدەم ئەدىبلەر-سەنئەتكارلار ۋە ئوتتۇرا ياش، ياش ئەدىبلەر-سەنئەتكارلارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدىكى پىكرىنى ئاڭلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن. بۇ يەردە ئولتۇرغان يولداشلار، دوستلار ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى تايانچلار. پېشقەدەم يازغۇچىلىرىمىز، پېشقەدەم سەنئەتكارلىرىمىز كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت زېھنىي كۈچىنى تەقدىم قىلدى، ئوتتۇرا ياش، ياش يازغۇچىلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز دەسلەپكى قەدەمدە كۆزگە كۆرۈنۈپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەدەبىيات-سەنئەت سەھنىلىرىنى جانلاندۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. سىلەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئەمەلىيىتىدە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتۇڭلار. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى مۇشۇ دەرىجىگە يېتىشىنى سىلەرنىڭ

ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدىبلەر - سەنئەتكارلارنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ يەردە مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا ۋەكالىتەن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان بارلىق ئەدىبلەر - سەنئەتكارلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە ئۇلارنى چىن قەلبىمدىن تەبرىكلەيمەن.

يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ى ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى ماركسىزملىق ئىنتايىن مۇھىم تارىخىي ھۆججەت، ماركسىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى تەرەققىياتى تارىخىدىكى بىر نامايەندە، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈشىمىزنىڭ قىبلىنامىسى. ئۇ تارىختا مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن، بەلكى بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم ھۆججەت، ئۇ تۆرلۈك ھۇجۇم ۋە تۆھمەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ پارلاق نۇرىنى چاچىدۇ. بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە «نۇتۇق» نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 49 يىللىقىنى خاتىرىلىشىمىز ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى قوغداشتا بولسۇن، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە بولسۇن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز نۇتۇقنىڭ روھىغا مەڭگۈ ئەمەل قىلىپ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

يولداش ماۋ زېدۇڭ «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ يۇقىرى دولقۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، شەك - شۈبھىسىز ھالدا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى بارلىققا كېلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى يولداشلار، دوستلار ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ئۆزىنىلا كۆزىتىپ قالماستىن، بەلكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ھازىرقى زامان ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى، ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنىمۇ كۆزىتىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، بىز ئەدەبىيات - سەنئەت مەسىلىلىرىنى مەلۇم تارىخىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرەلەيمىز، ئاندىن ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدىكى بەزى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايمىز. بىز ھازىر سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋردە تۇرماقتىمىز. پارتىيىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى — سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش. پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 7 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق پىلانى ۋە 8 - بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى، مەملىكەتلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنى تەستىقلىغان «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق پىلانى ۋە 8 - بەش يىللىق پىلانى پروگراممىسى» دا ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك

قۇرۇلۇشىنىڭ 2 ـ قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شىنجاڭمۇ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئون يىللىق پىلانى ۋە 8 ـ بەش يىللىق پىلانى پروگراممىسىنى تۈزدى. بۇ ئېلىمىزنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىش، بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى، شۇنداقلا بىزنىڭ ئورتاق تونۇشىمىز ۋە ئورتاق ئىرادىمىز، ئەدىبلىرىمىز ـ سەنئەتكارلىرىمىزنىڭمۇ ئورتاق تونۇشى ۋە ئورتاق ئىرادىسى، ئەلۋەتتە. ھازىر دۆلىتىمىزدە جەمئىيەت، ئىقتىساد مۇقىم، كىشىلەر خاتىرجەم. بۇ، 2 ـ قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى. دەرۋەقە بىزدە نۇرغۇن مەسىلەلەر ۋە قىيىنچىلىقلارمۇ مەۋجۇت. داۋاملىق تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شىنجاڭنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ شۇنداق. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ قىيىنچىلىقىمىز تېخىمۇ كۆپرەك. يېقىندا مەن شىنجاڭنىڭ ئالدىدا ئۈچ تارىخىي پۇرسەت، يەنى دۆلەت سىياسىتىنىڭ مايىللىقى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت، ئاسىيا ـ ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقى كۆۋرۈكىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت، نېفىتلىكنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش يارىتىپ بەرگەن پۇرسەت تۇرماقتا، دېگەنىدىم. بىز بۇ پۇرسەتلەرنى تۇتۇپ، خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرساقلا، بىزنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىمىز كىشىگە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ. شۇڭا بىز ئالدىمىزدا تۇرغان پايدىلىق پۇرسەتلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى يازغۇچىلار، سەنئەتكارلارغىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى جەھەتتە تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەت يارىتىپ بەردى. مۇشۇنداق تارىخىي پۇرسەت كەلگەن پەيتتە، يازغۇچىلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، ئۆز ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت بەرپا قىلىشقا تۆھپە قوشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق سوتسىيالىزم ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ. شۇڭا يازغۇچىلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغان پەيتتە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى باسقۇچىنى ئاكتىپلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈتۈۋېلىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇپ ۋە گۈللەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشىشى كېرەك.

يېقىندا، يولداش جياڭ زېمىن ۋە مەركىزىي كومىتېتنىكى باشقا رەھبەرلەر سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تىرىشىپ گۈللەندۈرۈشنى تەكىتلىدى. يولداش جياڭ زېمىن سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش — ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ، ئۇمۇمىيلىقنىڭ

تەلىپى، دەپ كۆرسەتتى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت
مىنىستىرلىكى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكىمۇ «نۆۋەتتە ئەدەبىيات - سەنـ
ئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا ئون تۈرلۈك پىكىر» نى ئوتتۇرىغا قويدى.
بۇ ئون تۈرلۈك پىكىردە ھەم ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ ھازىرقى
ئەھۋالى تەھلىل قىلىنغان، ھەم ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتىكى مول تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەدە-
بىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بېرىلگەن، مەسى-
لىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ناھايىتى ئەمەلىي ھۆججەت. بۇ
پىكىر شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيە-
تىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشكىمۇ ئوخشاشلا باب كېلىدۇ. بىز ئۇنى ئەستايىدىل
ئۆگىنىشىمىز، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

تۆۋەندە مەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى
گۈللەندۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا كۆپچىلىكنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىرقانچە قارد-
شىمنى سۆزلەپ ئۆتىمەن:

**بىرىنچى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش
لازىم.** يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆز-
لىگەن نۇتۇق» ىنىڭ نەزەرىيىۋى ئەھمىيىتى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيىتى كۆپ تەرەپلىمىلىك،
لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي روھى ئەدەبىيات - سەنئەتتە پرولېتارىيات يۆنىلىشىدە چىڭ
تۇرۇشنى، ئەدەبىيات - سەنئەتنى پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى ۋە خەلق ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت. ھازىر بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىد-
لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
ئىشلىرىنى يولغا قويۇۋاتىمىز، مۇشۇنداق شارائىتتا، ئەدەبىيات - سەنئەتنى سوتسىيالىس-
تىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، 2 - قەدەمدىكى
ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.
بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىمىزدە رېئال تۇرمۇش ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈ-
لۈشى، دەۋر روھى ئىپادىلىنىشى، خەلقنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، غايىلىك، ئەخلاقلىق،
مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان يېڭى ئەۋلاد كىشىلەرنى تەربىيىلەش ۋە يېتىشتۈرۈش،
سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇلۇشى
لازىم؛ خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەربىيىلەپ ۋە ئىلھاملاندۇرۇپ، پارتىيە
رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئون
يىللىق پىلان ۋە 8 - بەش يىللىق پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش
قىلىنىشى لازىم. شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ كۆپ مىللەتلىك رايوندا ئەدەبىيات - سەنئەت
خىزمىتى يەنە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش
ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىشى كېرەك. مانا بۇ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك

يۆنىلىشى. بىزنىڭ بەرپا قىلىدىغىنىمىز — سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت، شۇڭا
سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئەدەبىيات - سەنئەت-
نىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز
ئەلۋەتتە، كۆپ خىل، مول مەزمۇنلۇق بولۇشى كېرەك، لېكىن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ
سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى ساقلاش تۈپ تەلەپ، بۇنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. بۇ،
نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت بەرپا قىلىشتىكى
تۈپ تەجرىبە، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى،
تۈپ پرىنسىپى. ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە بۇرژۇئاچە
ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدىن چەتنەش ئەھۋالى
كۆرۈلدى، بەزىلەر يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ نۇتقىنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئىنكار قىلدى،
ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت
قىلىش يۆنىلىشىنى ئىنكار قىلدى، ھەتتا ئەدەبىيات - سەنئەتتىن پايدىلىنىپ كوممۇنىس-
تىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە، سوتسىيالىزم يولىغا، ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ
ئىدىيىسىگە، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق قارشى تۇرۇپ، ئەدەبىيات-
سەنئەت خىزمىتىنى تۈيۈق يولغا باشلىدى. تۇرغۇن ئالماس يازغان «ئۇيغۇرلار»، «ھون-
لارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» قاتارلىق ئۈچ كىتابتا ئىجتىمائىي
پەن تەتقىقاتى، جۈملىدىن ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىگە خىلاپلىق
قىلىنغان، تارىخنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىشنى سۈيىئىستېمال
قىلىپ، ئىنتايىن خاتا سىياسىي قاراش ۋە تارىخىي قاراش ئوچۇقتىن - ئوچۇق تەرغىب
قىلىنىپ، جەمئىيەتتە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. بۇ ئىنتايىن ئاچچىق
ساۋاق. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېنىق سۆزلىشىمىز كېرەككى، بىز تارىخ ۋە تارىخىي ۋەقەلىك
ئىلمىي، توغرا تەھلىل قىلىنغان ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئەسەرلەرگە قارشى تۇرمايمىز،
بەلكى ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىمىز ۋە ئۇنى قوللايمىز. بۇ نۆۋەتلىك ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇ-
كاپاتىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر ئىچىدە تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرمۇ بار. ئاپتونوم رايون-
لۇق دراما ئۆمىكى يېقىندا تەييارلىغان دراما «جىي يۇ مەلىكە» مۇ تارىخىي تېمىدى-
كى ئەسەر. «ئۈچ كىتاب» تا جىي يۇ مەلىكىنىڭ غەربىي دىيارغا ياتلىق قىلىنغانلىقىدەك
تارىخىي ۋەقەلىكمۇ ئاپتور تەرىپىدىن بۇرمىلانغان. «جىي يۇ مەلىكە» دېگەن دراما تا-
رىخىي ۋەقەنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇڭا، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق قاراش بويىچە
تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى ئەينەن يېزىش ئىنتايىن زۆرۈر، بىز بۇنى تەشەببۇس قىلىمىز ۋە قوللايمىز.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ 4 - قۇرۇلتىيىدا
سۆزلىگەن تەبرىك سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىر نىيەت — بىر مەقسەتتە
تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق
بىر مەزگىل ئىچىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزىي ۋەزىپىسى، شۇنداقلا ۋەتە-
نىمىزنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئۇزۇن يىللىق چوڭ ئىش. ھەرقايسى سەپلەردىكى
ئامما ۋە كادىرلار ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىشنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرىدىن بولۇشى، تىنچ-

ئىتتىپاق بولۇشىنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرىدىن بولۇشى، ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداشنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرىدىن بولۇشى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرىدىن بولۇشى لازىم. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا پايدا يەتكۈزۈش ياكى زىيان يەتكۈزۈش بارلىق خىزمەتلەردە ھەق - ناھەقنى ئايرىيدىغان ئەڭ توپ ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى مائارىپ خادىملىرى، نەزەرىيە خادىملىرى، ئاخبارات خادىملىرى، سىياسىي خىزمەت خادىملىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا زىيان يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك ئىدىيە ۋە ئادەتلەرگە قارشى ئۇزاق مۇددەت، ئۈنۈملۈك كۈرەش ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا خاس كونىلىقا يېپىشىۋالىدىغان تار روھى ھالەتنىڭ تەسىرلىرىنى تەنقىد ئېلىپ بېرىشى، ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىكنى تەنقىد قىلىشى، بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىشى كېرەك. پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلابىي ئەنئەنىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، ياخشى ئەخلاق - پەزىلەتنى يېتىشتۈرۈپ ۋە بەرپا قىلىپ، يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپە قوشۇشى كېرەك.» شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز سوتسىيالىستىك يېڭى ئادەملەرنى تەسۋىرلەش ۋە يېتىشتۈرۈش جەھەتتە تېخىمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، تېخىمۇ مول مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئىگىلىك ياراتقۇچىلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىشى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي غايە ۋە ئىلمىي پوزىتسىيىگە، ئالىيجاناپ خىسلەتكە ۋە ئىجاد قىلىش ئىقتىدارىغا، كەڭ نەزەر دائىرىگە ۋە ئەمەلىيەتچىل روھقا ئىگە يېڭىچە قىياپىتىنى ئىپادىلىشى كېرەك. بۇ يېڭى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق، ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك». يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ يوليورۇقلىرى زامانىمىزدىكى يازغۇچىلار، سەنئەتكارلارنىڭ تىرىشىش نىشانىدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش كۆرگەندىلا، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرالايمىز، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدىكى تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئۆزىنىمۇ راۋاجلاندۇرالايمىز ۋە گۈللەندۈرەلەيمىز.

**ئىككىنچى، قوشۇننى زورايتىپ، مۇھىم [illegible] سۈپەتلىك مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، 2-قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك.** ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە كۆپ يىللاردىن بۇيان ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، ئادەممۇ ئەسەرمۇ بارلىققا كېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈنسايىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرۇلدى. لېكىن، ئومۇمىي جەھەتتىن

ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمىز بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا، خەلق ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە تېخى تازا ئۇيغۇنلىشىپ كەتكىنى يوق. ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىمىزنىڭ سانى بەك ئاز، سۈپىتى يۇقىرىلىرى بەك ئاز. بۇ ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى بىرقەدەر ئاجىز، بىرىنچىدىن، قوشۇنىمىز بەك كىچىك، ئىككىنچىدىن، قوشۇنىمىزنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس. شۇڭا بىز زور كۈچ سەرپ قىلىپ، كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىمىزنى كېڭەيتىشىمىز كېرەك. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈشىنىڭ ئاساسى. مەن بۇ يەردە دەۋاتقان ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى ئىدىيە ۋە كەسپىي سۈپىتى مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەن، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى ۋەزىپىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قوشۇننى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇ قوشۇننى زورايتىشىمىز، بولۇپمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بىر تەرەپتىن، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىختىساسلىق يازغۇچىلار، سەنئەتكارلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مەدەنىيەت جەھەتتە ئاساس سېلىشىمىز لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق ئىختىساسلىق يازغۇچىلار، سەنئەتكارلارنى بايقىشىمىز ۋە يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك. يېقىندا جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىلەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مەملىكەتلىك ياش يازغۇچىلار يىغىنى چاقىردى. بۇ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت قوشۇنىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان مۇھىم تەدبىر. ئاپتونوم رايونىمىزمۇ ھەر مىللەت ياش يازغۇچىلىرىنى بۇ ئىككى يىغىنغا ئەۋەتتى. بۇ ئىككى يىغىن مەملىكىتىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىت - ژۇرناللىرىمىز، ئەدەبىيات - سەنئەت تەشكىلاتلىرىمىز ھەر مىللەت ئىختىساسلىق يازغۇچىلار، سەنئەتكارلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە بايقاشقا ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت قوشۇنىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشمۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى گۈللەندۈرۈش، ئىجادىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسى. سۈپىتى يۇقىرى ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى سوتسىيالىستىك ئىدىيە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى. بۇنداق سۈپىتى يۇقىرى ئەسەرلەرنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن يازغۇچى، سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشىمىز لازىم. بىز يازغۇچىلار، سەنئەتكارلاردىن ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشنى، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشنى، رېئال تۇرمۇشقا، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى رېئال تۇرمۇشقا ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر چۆكۈشنى، ئامما ئارىسىغا بېرىشنى، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ 1 - سېپىدە ئىشلەۋاتقان ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ۋە زىيالىيلار ئارىسىغا بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى تازىلاش لازىم، بولۇپمۇ ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىدىغان، يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ رېئال تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىنكار قىلىدىغان خاتا سەپسەتىلەرگە قارشى تۇرۇش لازىم. سوتسىيالىستىك

ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى، ئىجادچىلىرى ماركسىزملىق، ماۋزېدۇڭ ئىدېيىسىلىك مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى ئىگىلىشى كېرەك، بۇ، زامانىمىزدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىجتىمائىي پەن نەزەرىيىسى. دەرۋەقە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى يەنىلا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن، ئەگەر ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكلىشى بولمىسا، يازغۇچى، سەنئەتكارلار دەۋرىمىزدىكى رېئال تۇرمۇشنى توغرا تونۇش ۋە تەھلىل قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشكىمۇ ئامالسىز قالىدۇ. بۇنىڭدا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىدە تەسىرات بولۇشى كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، يازغۇچىلىرىمىز، سەنئەتكارلىرىمىز يەنە ئۆزىنىڭ ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە مول تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە قىلىشى لازىم. بىلىمى كەمچىل، نەزەر دائىرىسى تار يازغۇچى، سەنئەتكارنىڭ يارامىلىق يازغۇچى، سەنئەتكار بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلار كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت تارماقلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى ساھەلەرمۇ يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن زۆرۈر ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى پۈتۈن مەملىكەتكە، دۇنياغا يۈزلەندۈرىمىز دېگىنىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالمايدۇ. يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار بىر قەدەر يۇقىرى سۈپەتكە ئىگە بولغاندىلا، ئۇلۇغ دەۋرىمىزگە مۇناسىپ بولغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى يارىتالايدۇ.

## ئۈچىنچى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئوبزورچىلىقى قوشۇنىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىلىقى خىزمىتىنى كۈچەيتىش لازىم.

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىگە تايىنىپلا قالماستىن، يەنە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىلىقىغىمۇ تايىنىش لازىم. بۇ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتىكى ئىككى چاق. بىز ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىلىقىغا تايىنىپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسىنى، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشىمىز، ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، پارتىيىنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت يۆنىلىشى ۋە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراشتىن ئىبارەت ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىشىمىز لازىم. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىلىقى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىزمغا قارشى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئىنكار قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى ئىرىشىپ گۈللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىلىقى بولمىسا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى راۋاجلاندۇرغىلى، گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ. ھازىر بىزنىڭ شىنجاڭدا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىلىقى تېخى بىر قەدەر ئاجىز. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوبزورچىلىقى قوشۇنى

كىچىك، قوشۇننىڭ سۈپىتىمۇ يۇقىرى ئەمەس. دەرۋەقە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇيۇشمىلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە ئىجادىيەتلىرىمۇ ئادەم ئېرىشمىگەن دەرىجىدە يۇقىرى ئەمەس، جۈملىدىن پۈتكۈل ئىجتىمائىي پەن ئۇيۇشمىلىرىمۇ بىرقەدەر ئاجىز. سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم ماركسىزملىق يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇيۇشمىلىرى قوشۇنى بەرپا قىلىشىمىز كېرەك. بىر تەرەپتىن، ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇيۇشمىلىرىنى يېتەرلىك بازا بىلەن تەمىنلەش لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئىختىساسلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئۇيۇشمىلىرىنى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ياش، ياش ئىختىساسلىق خادىملارنى ئەستايىدىل بايقاش ۋە يېتىشتۈرۈش لازىم. ئالاقىدار تارماقلار ئىختىساسلىق ئۇيۇشمىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىشى، جۈملىدىن ئىدىيە، نەزەرىيە، كەسپىي سەۋىيە، ئۇيۇشمىلىق قابىلىيىتى جەھەتلەردە ياردەم بېرىشى ۋە ئۆستۈرۈشى لازىم. ئىلىم جەھەتتىكى مەسىلىدە بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى مۇزاكىرە قىلىشقا يول قويۇش، كىشىلەرگە خالىغانچە قالپاق كىيدۈرمەسلىك، بولۇپمۇ سىياسىي قالپاق كىيدۈرمەسلىك لازىم. شۇنداقلا ئىلىم مەسىلىسىدە يەڭگىللىك بىلەن يەكۈن چىقارماسلىق، تەنقىد قىلىش ۋە تەنقىدكە قارشى تۇرۇشقا يول قويۇش لازىم. ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىلەرگە ياخشى نىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ھەم جىددىي تەنقىد بېرىش، ھەم قىزغىن ياردەم بېرىش كېرەك، ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدىغانلىكى كىشىلەر بىلەن ئىمكان قەدەر ئىتتىپاقلىشىش لازىم.

**تۆتىنچى، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىش لازىم.**

سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتە، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولمىسا بولمايدۇ. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر شۇنداق قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى ئەدەبىيات - سەنئەت تارماقلىرى ھەرقايسى تەرەپلەردە ياخشى ئىتتىپاقلاشقانلىقى، ياخشى ماسلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئەھۋالى بىر قەدەر ياخشى، بەزى تارماقلار ھەر قايسى تەرەپلەردە ئىتتىپاقلاشمىغانلىقى، ماسلاشمىغانلىقى، ھەتتا بىر - بىرىنى كەم سۇندۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيەت ئەھۋالىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس ياكى ياخشى ئەمەس. بۇنداق ناچار كەيپىياتنى تۈزىتىش كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمىزدە قىيىنچىلىق ناھايىتى كۆپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاق بولماسلىقى بۇلىڭدىكى بىر قىيىنچىلىق. ئىتتىپاق بولمىغاندا ئىچكى قىسىمدا خوراش بولىدۇ - دە، خىزمەتتە قىيىنچىلىق كۆپىيىپ كېتىدۇ. بۈگۈنكى بۇ سۆھبەت يىغىنىغا ھەر جەھەتتىكى مەشھۇر يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار تەكلىپ قىلىندى. ئاراڭلاردا ھەم ياشانغانلارمۇ، ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ ۋە ياشلارمۇ بار، ھەم ھەر مىللەتتىن بولغانلارمۇ بار، ئۇنىڭدىن سىرت يەنە، ئوخشاش بولمىغان تارماق ۋە ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىيات - سەنئەت تۈرلىرىدىكىلەرمۇ بار. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش. سىلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى تايانچلار، ئىتتىپاقلىقنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشىلىشىڭلار كېرەك. بۈگۈن بۇ يەردە ئولتۇرغان پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئىتتىپاقلىق مەسىلىسىدە ئۈلگە كۆرسىتىش، ئىتتىپاقلىق خىزمىتىنى كۆپرەك ئىشلەشتە تېخىمۇ مەسئۇلىيىتى بار. مەن يەنە شۇنى تەكىتلەپ قويماقچىمەنكى، مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر «ھەر يەر ـ ھەر يەردىن بولۇشنى چوقۇم ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر مىللەت ئەدىبلەر ـ سەنئەتكارلارنىڭ ئاكتىپلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. دەرۋەقە، بىز دەۋاتقان ئىتتىپاقلىق تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىق، ئۇ پرىنسىپسىز بىرلىشىۋالىدىغان، سەن ياخشى، مەن ياخشى دەيدىغان، پرىنسىپنى تەكىتلىمەيدىغان ئىتتىپاقلىق ئەمەس. مەيلى ياشانغانلار، ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولسۇن، مەيلى ھەرقايسى مىللەتتىن بولغانلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولسۇن، مەيلى ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرىدىكىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى بولسۇن ۋە ياكى شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق بولسۇن بۇنىڭ ھەممىسى بىرلىكتە سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش ئاساسىغا ئورنىتىلىشى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئاساسىغا ئورنىتىلىشى كېرەك. مۇشۇ ئاساستا بەزى خاتا ـ سۆز ھەرىكەتلەرنى تەنقىد قىلىش ئىتتىپاقلاشمىغانلىق ئەمەس، ئۇ ھەقىقىي ئىتتىپاقلىق مەقسىتىگە يېتىشنى مەقسەت قىلىدۇ، بۇنداق قىلىش سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشكە پايدىلىق. ئەگەر ھەممەيلەن مۇشۇنداق قىلىدىغانلا بولسا، شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىدە يېڭى قىياپەت بارلىققا كېلىدۇ. خىزمەتلەر تېخىمۇ ياخشى ئىشلىنىدۇ.

**بەشىنچى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.**

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى پۈتكۈل جەمئىيەتكە زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ ھەم پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تۇرمۇشىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى ۋە ئارزۇسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەم ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى پارتىيە ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىشى، شۇڭا، پۈتۈن پارتىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە گۈللىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنى قوللىشى لازىم. پۈتۈن پارتىيە، پۈتكۈل جەمئىيەت سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغاندىلا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى راۋاجلىنىدۇ ۋە گۈللىنىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى قوللاش نۇرغۇن تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ماددىي جەھەتتىن قوللاش، خىزمەت جەھەتتىن قوللاش، جامائەت پىكرى جەھەتتىن قوللاش، ھەتتا نورمال تەقدىرلەش ۋە تەنقىد قىلىشمۇ بىر خىل قوللاش ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ كۆڭۈل بۆلۈش ۋە قوللاش بولمىسا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارماقلىرىغىلا تايىنىپ راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈش

قىيىنغا چۈشىدۇ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىز ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشنى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى دەپ بىلىشى كېرەك. ئومۇمەن شەرت - شارائىتى بار ئورۇن، تارماق ۋە شەخسلەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئورۇنداشقا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى كەسپىي ئورۇنلار بىلەن، ئىشتىن سىرتقى ئورۇنلار بىلەن بىرلىكتە گۈللەندۈرىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشى لازىم. كەسپىي ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرىمۇ ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا ئاكتىپ، قىزغىن ياردەم بېرىشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى ئەدەبىيات - سەنئەت تارماقلىرى، ئالايلۇق، ئەدەبىيات، گۈزەل - سەنئەت، فوتو سۈرەت، خەتتاتلىق قاتارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئورۇنلىرى دائىم بەزى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتتى، شۇنداقلا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ زاپاس كۈچلىرىنى تەربىيىلىدى، بۇنداق ئۇسۇل تەشەببۇس قىلىشقا ۋە ئىلھام بېرىشكە ئەرزىيدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ كۆرسەتكەن «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى» دەۋرىدە ھەم كەسپىي ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى قوشۇنىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنى كۆرسىتىدۇ، ھەم ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككىسى بىرلەشكەندىلا، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى ھەقىقىي تۈردە يېتىپ كېلىدۇ. شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش كېرەككى، ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى بولمىسا، كەسپىي ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىمۇ ئۇزاققا بارالمايدۇ ۋە راۋاجلىنالمايدۇ، ئۈزۈكچىلىك يۈز بېرىدۇ. ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز قوللىغان ۋە راۋاجلاندۇرغاندىلا، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى زاپاس كۈچكە ئىگە بولالايدۇ، ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنالايدۇ ۋە زورىيالايدۇ، ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنى ئومۇمىي خەلق ئارىسىدىن ھەقىقىي چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇرۇپ، خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك، خەلق — ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى. بۇ سۆز ھەقىقەتەن توغرا.

دوستلار، يولداشلار، بىزنىڭ بۈگۈنكى يىغىنىمىز ناھايىتى ئوبدان يىغىن بولدى. بىز ئۆزئارا ئىدىيە ئالماشتۇردۇق، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇردۇق، سىرداشتۇق، شۇنداقلا دوست بولۇشتۇق. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىمۇ، مەنمۇ كۆپچىلىكنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىنى قوللايمىز. كۆپچىلىكنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق پىكىر ۋە تەلەپلىرى، ھەتتا بىزگە قارىتا ھەر قانداق تەنقىد ۋە ئۈمىدلىرى بولسا، ۋاقتىدا بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇمۇ خىزمىتىمىزگە بولغان بىر خىل قوللاش ۋە ياردەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قوللاش ۋە ياردەم ئۆزئارا بولىدۇ. بىز ئۆزئارا قوللايدىغان ۋە ياردەم بېرىدىغانلا بولساق، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىز چوقۇم راۋاجلىنىدۇ ۋە گۈللىنىدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز چوقۇم غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

يولداشلار، دوستلارنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مول، تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىنى تىلەيمەن!

ئارسلان

# ئىككى شېئىر

## تاغلارنىڭ ئىزىنى باسىدۇ تاغلار

ئۇپۇقتا رەڭمۇ رەڭ يوللارنى ياساپ،
تاڭ ئاتتى، تۈن يېرىپ، جاھاننى پاكلاپ.
قۇياشنىڭ تىنىقى ئاڭلىنىپ ئاستا
كۆرۈندى زەر كىرپىك كۆزلىرى چاقناپ.
يولۇغلار تاغلارنىڭ يولىغا ئوخشار،
ئاتىلار، قۇياشنىڭ كۆزى كۆزۈڭلار.
تاغلارنىڭ ئىزىنى باسىدۇ تاغلار،
قۇياش كۆلكىسىدەك پارلاق سۆزۈڭلار.
يۇتقاندۇ قانچە ئاھ، كۆز ياش، ئوتلارنى
كۈندۈزلەر يورۇقى، تۈنلەر زۇلمىتى.
قانلارنىڭ شولىسىدىن يورۇدى تارىخ،
بولغاچقا غېمىڭلار ئەلنىڭ كۈلپىتى.
بۇ يوللار باشلانغان ياۋا ئىرادىن،
ئەۋلادلار ئالماشتى، ئۇ قىلدى داۋام.
مۇز دەۋرى ۋە توپان بالا سۇ دەۋرى،
ۋولقان، يەر تەۋرەش كار قىلمىدى تامام.
سىلەردە يۈكسەلدى بۇ يول نۇرلىنىپ،
دانكونىڭ يۈرىكىدە يورۇغان ئورمان.
ھەر تامچە تەردە بار بىردىن گۈزەل چۈش،
ھەر جايدا يۈرىدۇ بىر تالاي داستان.
سىز داستان ئىچىدىكى داستان ئاتىلار،
سىز ھايات ئىچىدىكى ھايات ئەتىۋا.
سىز چىراغ ياققۇچى، قۇياش ياققۇچى،
سىز قالقان، سىز زېمىن ئەۋلادقا گويا.

كۆز كۆڭۈل ئەينىكى، تۇيغۇ ئېكرانى،
قارايمەن كۆزۈڭلارغا ئۇپۇقلار ئارا.
كۆزۈڭلار قارىچۇقىدا ئايان سىياقىم،
جەڭگاھلار، تىك تاغلار، ھاڭلار قاپقارا.
كۆزۈڭلار قارىچۇقىدا لەپىلدەر بايراق،
سەكرەيدۇ چاقماقلار، يامغۇر ـ بورانلار.
توشۇيدۇ بۇلۇتلار ئاينىڭ چۈشىنى،
نازلىنار شەھەرلەر، سەھرا ـ بوستانلار.
كۆزۈڭلار قارىچۇقىدا كۈلەر كېلەچەك،
ئاسمىنى، زېمىنى، قۇچاقلىرى كەڭ.
كۆزۈڭلار قارىچۇقىدا بار ئۈمىد، ئارمان،
بار قۇياش، سالمىقى ئالەم بىلەن تەڭ.

## ئۇچراشتۇق بىز داۋان ئۈستىدە

كۆپ قار كېچىپ، بوران يېرىپ ئۇچراشتۇق،
كۆتۈرگەندە بىزنى كۆككە تىك داۋان.
جەم بولۇشقا تەشنا دوستلار تېپىشتۇق،
پەستە قار ـ مۇز، پەستە ھاڭلار ۋە ئاسمان.

ئۆچكەن ئاي ـ كۈن ئەستە قايتا چاقنىدى،
ياشلىق ھەسەن ـ ھۈسەنىنى ئويىنىتىپ.
ئۆتكەن ۋاقىت ئارقىسىغا ئاقمىدى،
كەتتى ئارزۇ ۋە قايغۇنى ئويغىتىپ.

قېلىپ ئارتتا ۋاقىتنىڭ كەڭ چۆلىدە،
تالاي ھەسرەت قۇرۇپ كەتتى كۆز ياشتەك.
تالاي رەنجىش تارقاپ قارا بۇلۇتتەك،
تالاي سۆيگۈ ئۆچتى پاتقان قۇياشتەك.

سەپەر ئۇلۇغ ئوتتەك، ئۇلۇغ تاغلاردەك،
مەنزىل چىللار ئالغا كۈندۈز - كېچىدە.
ئىزدىنىمىز ھاياتلىقنىڭ سىرىنى
يەر - ئاسماننىڭ چەكسىزلىكى ئىچىدە.

يول تېيىلغاق، يول داۋانلىق، يول ھاڭلىق...
بىزگە ئايان ئۆلۈم سالغان كۆلەڭگۇ.
بىزگە راھەت ئەركىنلىكى يۈرۈشنىڭ،
بىزگە پۇرسەت چاقماق ياققان ئەلەڭگۇ.

ئەقىدىمىز ئاپتاپ بېرەر كۈندۈزدە،
ئەقىدىمىز يۇلتۇز بېرەر كېچىدە.
ھاياتنىڭ يوق، تارىخنىڭ يوق قىرغىقى،
ئەبەدىيلىك ئويغىنار نۇر ئىچىدە.

تاڭ پارلىماي پەردىسىنى يىغماس تۈن،
باھار كۈلمەي كەتمەيدۇ قىش، مۇزلۇق قار.
تۇغ كۆتۈردى قۇياش، مىزگان چالدى ئاي،
ئالغا دوستلار، تارىخ شۇنداق يارىلار.

ئۇچرىشارمىز تالاي قېتىم بىز يەنە،
ئىشقا ئاشار چۈشىمىزنىڭ بەزىسى.
ھەقىقەتنى بۇلغىغانلار خار بولار،
ئەل غەلىبىسى — ئادالەتنىڭ بەزمىسى.

بىزنىڭ زېمىن ئەجەب خۇش بۇي بىپايان،
بىزنىڭ ئىقبال ئۇپۇقلاردا چاقنىغان.
سەزدى قاراپ چەكسىز سىرلىقلىقىدا
سۆيۈشىمىز تىترىكىنى كەڭ جاھان.

پەرھات ئابدۇرېھىم

## سەبىي بولغىن سەبىيلەر يۈرىكىدەك كەڭ ئالەم

سەبىي بولغىن سەبىيلەر يۈرىكىدەك كەڭ ئالەم
ھەر ھۇجەيرەڭ پاكلىقىقا بولسۇن مىڭلاپ ھامىلدار.
سەبىيلىكتىن پەرىشتە سۈپەت ئالار ھەر ئادەم،
سەبىيلىكتە چىن ئىنسان روھى ئەبەد لاۋۇلدار.

سەبىيلىكتە سۆيگۈ بار، ياخشىلىق بار، شادلىق بار،
سەبىيلىكتىن نەيرەڭلەر مىخلىنىدۇ دوزاخقا.
سەبىي قەلب نۇر قەلب — يۇلتۇز قەلب بىغۇبار،
دۇچكەلسىمۇ كىر قونماس تۆھمەتلەرگە، سوراققا.

ئادىمىيلىك نىشانى، بەلگۇسىدۇر سەبىيلىك،
ھەممىسىدىن ئىلگىرى ئادەم بولغىن، ئادەم بول.
ئۇنىڭسىز بۇ ئالەمنى ۋەيران قىلۇر قەبىھلىك،
قەدرىڭ سېنىڭ بىر تىيىن باھادىر بول، ھاتەم بول.

سەبىيلىكتە، ئۆملۈك بار، ئىناقلىق بار، تەڭلىك بار،
ھاقارەتكە زورلۇققا، زوغۇيلۇققا خەنجەر ئۇر.

سەبىيلەرگە سەپەرداش بولغانلارغا قۇت ياغار،
تەشنالارغا چۆللەردە جان قوشقۇچى كەۋسەر ئۇ.

سەبىيلىكتە شىجائەت، هالاللىق بار، مەردلىك بار،
ئاپئاق نىيەت، قۇت تىلەك مۇجەسسەمدۇر ئۇنىڭغا.
ئالەمنى كەز تېپىلماس سەبىيلەردەك ۋاپادار،
كىرپىكىدە ئالىدۇ تىكەن ئۇنسە يولۇڭغا.

سەبىيلەردە يوق قىلچە ئالا نىيەت، قاپقانلار،
شەرەپ قۇچساڭ ئىزىدىن گۈل ئۈنسۇن دەپ تىلەيدۇ.
هەسەت ئۇچۇن جان بېرەر هەسەتتىن نەپ تاپقانلار،
سەبىيلىككە هەر قەدەم تىغلىرىنى بىلەيدۇ.

نۇر ياغىدۇ قۇياشتەك سەبىي پەرزەنت چېھرىدىن،
ۋۇجۇدىغا يات ئۇنىڭ قاۋاش، قارغاش، بوغۇشلار.
قاباهەتكە بەرمەس ئۇ ئەسلا ئورۇن جىسمىدىن،
چۇقان سالار تۈنلەردە بىلجىرلاشسا هۇقۇشلار.

هەر تىنىقتا سەبىي ئوي، سەبىي هېسلار، خىياللار،
سەبىي چۈشلەر تاڭلارنى كۈتۈۋالار قۇچاقلاپ.
قان يۇتىدۇ رەزىللىك تۆرەلدۈرگەن چايانلار،
چاقسا چاقماق سەبىيلىك چېقىن بولۇپ چاراسلاپ.

سەبىيلىككە يېقىن بول، يېقىن بولغىن يۈرىكىم،
هەتتا شاهلىق تەختىدىن سەبىيلىكنى ئۇلۇغ بىل.
زوغۇيلۇققا - زەهەرگە چېقىن بولغىن يۈرىكىم،
هالال ياشا، ئىنسانلىق مىزانىغا ئەمەل قىل.

سەبىيلەرگە تەئەللۇق بولسۇن ئەبەد كەڭ ئالەم،
دىلنى باسار زەڭ - داتلار يولىمىسۇن ئەبەدكە.
قۇياش بولۇپ سەبىيلىك نۇرغا تولسۇن كەڭ ئالەم،
يەتسۇن سەبىي قەلبلەر سەبىي ئارزۇ- تىلەككە.

مۇهەممەتياسىن ئوسمان

## شائىر دېگەن

شائىر دېگەن ئوت - يالقۇن، شائىر دېگەن مۇهەببەت،
شائىر دېگەن يۈرىكى ئەزىز يۇرتىنىڭ، زېمىنىنىڭ.

شائىر دېگەن سەمەندەر ئوت ئىچىدە تائەبەد،
دولقۇندا ياشايدۇ تۇرمۇش دېگەن ئېقىنىنىڭ.

ئەل غېمىدە شائىرنىڭ كۆزىدە ياش قىيامى،
كېچىلىرى ئۇيقۇسىز ئاتەش مىسرا تىزىدۇ.
شائىر كۆڭلى كەڭ ئاسمان، چولپان ئۇنىڭ ئىلھامى،
ئۇنىڭ دولقۇن ئاۋازى قۇياش تامان كېتىدۇ.

شېئىر ئۇنىڭ قەلبىدە دۇنيانىڭ ھەر زەررىسى،
ئۇ شېئىر بوپ ياشايدۇ ئادەملەرنىڭ قەلبىدە.
نامەرد بولساڭ چاقىدۇ، ئۇ ھەسەلنىڭ ھەرىسى،
پاكلارغىلا باغلىغان سۆيگۇ ھەمدە ئەقىدە.

شائىر دېگەن ئەڭ خالىس، بىلمەس پەقەت خۇشامەت،
ئەيىب بولسا سېنىڭدە ئىككىلەنمەي سۆكىدۇ.
شائىر دېگەن ئاجايىپ، شائىر دېگەن كارامەت،
نېمە بولسا كۆڭلىدە شۇنى ئەينەن تۆكىدۇ.

شائىر دېگەن روھشۇناس، ھېس - تۇيغۇنىڭ ئىلاھى،
سۆيگۇ ھەمدە نەپرىتى ھاياجانلىق يۈرەكتە.
مەڭگۇ ئارمان دۇنياغا ئۇنىڭ قىلغان نىدايى،
سەبى بۇۋاق تۇغۇلۇپ كۈلگەن كەبى تىلەكتە.

شېئىر دۇنيا، شېئىر قۇت، شائىر دېگەن مۆجىزە،
شائىر دېگەن دەردمەنىنىڭ كۆزىدە ياش تامچىسى.
شائىر دېگەن ئۆزىنى ئۆزگىلەرگە ئاتىغان،
شائىر دېگەن ئاشۇنداق چىن ئىنسانىنىڭ بالىسى!

**ياسىن يۈسۈپ**

## ھازىر يوللانغان خەت

— تاۋ سېلىياڭغا

كېچە تېخى كېزىت بېتىدىن
خېتىڭىزنى كۆرۈپ قالدىم مەن.

ئاڭلاندى ماڭا يىغا - زارىڭىز،
ئېچىنىشلىق شىكايىتىڭىز.
ھەقىقىي تاۋ جۇنىڭ قىزى ئىكەنسىز
بىر كۆرۈپلا تونۇپ ئالدىم مەن.

ئەنە تەكچەمدە ساقلاقلىق مېنىڭ
لاۋتاۋ يازغان شۇ ئىككى ئەسەر.
دۇنيا قارىشى «رەزىل» دېگەن كىم؟
ئەپەككۇرى، ئىدىراكى ئۇندا
تۇرسا چاقناپ يارقىن شۇقەدەر.
ئۇ قانداق ئىنسان؟
كۆز ئالدىمغا كەلمەكتە شۇئان:
نەنچاڭدا،
گۇاڭجۇدا،
قوزغىلاڭ سېپىدە چاقنىغان شەمشەر.
«يەر ئاستى» دا ئىشلەپ فۇجيەندە
ئەنجىڭ تۇرمىسىدە ئازاب چەككەندە —
قېنى تامچىلاپ،
جېنى سىيقىراپ،
خادا تاشتەك باش ئەگمىگەن قەيسەر.
خەشوي ۋادىلىرىدا باسقۇنچىلارغا
يېرىلغان بومبا، سانچىلغان نەشتەر.
ئۇ ئىدى شۇنداق
پىشقان ئىنقىلابچى،
چېۋەر تەشكىلاتچى،
ئاتالغان رەھبەر.
ۋەتەن دەپ،
خەلقىم دەپ،
كوممۇنىزم دەپ
قىرىق يىل تۆككەن ئىسسىق قانۇ - تەر.
سىزدەك قىز - ئوغۇللارغا
مېھرىبان ھەم سۆيۈملۈك پەدەر.

ئاشۇلارنى ئويلىسام شۇ تاپ،
تومۇرلىرىمدا قانلىرىم قايناپ،
ۋىندۇرخاندا كۆيگەن قوزغۇنغا،
كۆزەينەكلىك جادۇگەر يىلان،
يۈزى قارا قەلەمكەش چايان
تۆت مەلئۇنغا ئۇرغۇيدۇ نەپرەت.
بۇ رەزىللەر گويا لاۋ تاۋنىڭ
ئاياغ ئاستىدا قالغان ھاشارات،
ياكى رەزىل چۈپپەرەندە ئەخلەت.
شۇڭا ئۇلار ئۆلگۈدەك قورقتى
ئۇنىڭ دادىل ھەر قەدىمىدىن.
پارتىيىگە،
ۋەتەن - خەلققە،
سادىق بولغان ئوتلۇق قەلبىدىن.
ئەلنى ئالداپ، ئۇنى قەستلەپ،
ئۆزى تۇرۇقلۇق ئۇنى «خائىن» دەپ،
ئالدى ئۇنى ناھەق ھەپسىگە،
ئەزۋەيلىشىپ ئېشىپ ھەددىدىن.
ئۇنى بىمەھەل سىزدىن ئايرىدى،
سىزدىنلا ئەمەس بىزدىن ئايرىدى،
ئايرىدى قەدىناس يولداشلىرىدىن،
خېفېيدىلا بولدى ئۇ غايىب
دەرد - ئەلەمدىن، تۆھمەت دەستىدىن.
ئاشۇ كېچە — ئايدىڭ كېچىدە،
غەربىي شىمالنىڭ قاقاس چۆلىدە.
بىلىكىمگە قارىلىق تاقاپ،
ئاشۇ شەرقىي جەنۇبقا قاراپ،
سىز بىلەن بىللە سۆكۈتتە تۇردۇم.
ئوقۇپ ئايدىڭدا تەزىيەنامە،
ھەقىقەتنىڭ قۇربانى ئۇچۇن
گويا مەنمۇ ماتەملەر تۇتتۇم.
شۇندىن كېيىن كۈتتۇق باھارنى،
كۈتتۇق شۇنچە بولۇپ ئىنتىزار.
بەختىمىزگە بولۇپ نىجادكار،
پارتىيىمىز كەلتۈردى باھار.
پېشقەدەملەرنىڭ يۈزى يورىدى
سۈيىقەستچىلەر بولغاچقا تار - مار.
ئەي خېفېينىڭ تاغ - دەريالىرى،
ئېيتىڭلارچۇ، ھازىر قېنى ئۇ؟
دېسەم شۇندا بىر سادا كەلدى:
دېڭىزغا قاراڭ
نىلۇپەرنىڭ خۇددى ئۆزى شۇ

ئۇ تاغدا بار
پەزىلەتلىك يېشىل قارىغاي ئۇ.
ئاسماندا بار
ئاسماننىڭ قارىغاي ئۇ.
چۈنكى ئۇمۇ يورۇق بىر يۇلتۇز.
ئالغان شۇنداق خىسلەتلىك جاي ئۇ.»
مەن شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئوغلىمەن،
چەرچەن دېگەن يەردە تۇرىمەن.
بۇ خۇددى ئالەمنىڭ چېتى بولىدۇ.
شۇنداقتىمۇ مەن
تاۋجۇ دېگەن نامنى بىلىمەن.
مەنلا ئەمەس ھەممە بىلىدۇ.
ئۆلدى دېمەك شۇڭا لاۋتاۋنى
ئانا ۋەتەننىڭ ھەممە يېرىدە
بىز بىلەن بىللە،
ئاۋۋالقىدەك تىرىك ياشاپ كېلىدۇ.

كېچە كۆرۈپ گېزىت بېتىدىن
خېتىڭىزنى ئاھ، قاچتى ئۇيقۇم،
چىرمىۋالدى مېنىمۇ ھەسرەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىيىتىدە
يوقلىشىدۇ ئۆلۈم-يېتىمدە،
پەتە قىلىشقا يۇرت-كەنتىمىز چەت.
سىز ئۆلۈملۈك بولغىلى گەرچە،
ئۇزۇن بولسىمۇ ئۇقماي تېخىچە،
تېخى ھازىر يوللاندى بۇ خەت.
بۇ،
ئاڭا تەزىيە،
سىزگە تەسەللى،
ماڭا يېنىكلەش بولار بىر قەۋەت.
قوبۇل قىلىڭ خېتىمنى ھەدە،
بۇ قېرىنداشلىق مېھىر-مۇھەببەت.

1978-يىل 12-ئاي.

بۇ شېئىر 1978-يىلى 12-ئاينىڭ ئاخىرىدا يېزىلىپ، «شېئىرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئارقىلىق يولداش تاۋجۇنىڭ قىزى تاۋ سىلياڭغا ئەۋەتىلگەن.

ھۇشۇر ئىبراھىم

## بەخت قۇياشى

مەن بەختنى بىلمەيتتىم تېخى،
تەمى سۈتنىڭ كەتمىگەن تىلىدىن.
ئورۇن ئالدى يېڭى مۆجىزە،
يېڭى بىر ئىش مەسۇمە دىلىدىن.

تاڭ قۇياشى ئاجايىپ ئەلۋەك،
جىمى ياندا شەپەق جىلۋىسى.
كۆزلىرىمدە يېقىملىق سۈرەت،
ئەبەدىيتە شادلىق بەزمىسى.

سۈزۈك ئاسمان گويا كرىستال،
زەررە بۇلۇت ئىزى چۈشمىگەن.
توقايلىقتا يېقىملىق ئاۋاز،
كاككۇكلارنىڭ ئۈنى ئۆچمىگەن.

چاۋاك چالسا ياپراقلار خۇشال،
بەرگلەردە لىغىرلايدۇ ياش.
تاۋلىنىدۇ كۆزنى چاقنىتىپ
ھەر تامچىدا ئالتۇندەك قۇياش.

ئەپەسلەردىن ئۇرۇلۇپ دىلغا،
شامال كەبى ئۇچىدۇ بىر سۆز.
«كومپارتىيە كەپتۇ قەشقەرگە»
ھەيرانلىقتا چىمچىقلايدۇ كۆز.

كومپارتىيە قانداق بىر ئۇقۇم،
ئەرسىمۇ ئۇ، ياكى بىر ئادەم؟
نىمە ئۇچۇندۇر، تۇيۇلار پەقەت،
خۇشاللىقتا چۆمگەندەك ئالەم!

ھېرسمەنلىك بىلەن شۇ ئىسىم
غايىۋانە ئورنىدى دىلغا.
تەكرارلىدۇق ئارقا-ئارقىدىن،
قوغۇشۇندەك ئۇيۇدى دىلغا.

* *

ماش رەڭ كىيىم كىيگەن تاغىمىز
ئارىمىزدا غىل-پال كۆرۈندى.
يەكلىمەستىن ئېسىلدۇق پەشكە،
قېرىنداشتەك دىللار سۆيۈندى.

ئاڭلىغاندا چۆشتەك ئۇنىنى
يىغىلىشتۇق مەيدانغا رەت-رەت.
بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراقنى
تۇنجى قېتىم كۆردۇق بىز پەقەت.

ھەربىي تاغام موما يېنىدا
چىقاردى ئۇ بايراقنى كۆككە.
«كومپارتىيە ياشىسۇن» دېدۇق،
مەيدان تولدى ئېتىلغان بۆككە!

«كومپارتىيە ياشىسۇن» دېگەن،
ئاۋاز بىلەن دولقۇن يامرىدى.
مىسالى ئۇ، ئۇلۇغ گېمىندەك،
دىللاردىكى غەمنى ھەيدىدى.

ئاشۇ كۈندىن ئازادلىق نىمە،
بەخت نىمە؟
قەدرىگە يەتتىم.
كومپارتىيە شەپقىتى بىلەن
ئارزۇ-ئارمان ۋەسلىگە يەتتىم!

ھوقۇق بەردى، يەر-زېمىن بەردى،
كومپارتىيە نامرات دېھقانغا.
دېھقانلارنىڭ شادلىقى تېشىپ،
بېشى يەتتى كۆككە — ئاسمانغا.

بۈگۈن دېھقان ھەممىدىن غەمسىز،
بىر نان ئۈچۈن ھېچ بولمايدۇ خار.
بېنزىن ھىدى تولدى ئېتىزغا،
پېشايۋاندا يۇلتۇزلار بىدار.

ماتۇر گويا ناۋاكەش بۇلبۇل،
قەشقەر ئۇنىڭ ئازاد باغچىسى.
گۇدۇك ئۇنى قىلىدۇ جەۋلان،
ئۇ گوياكى غەلبە جارچىسى.

گۈلگۈن چېچەك تارايدۇ ئۇندىن
گويا يۈرەك ئۇچقۇنى بولۇپ.
ئۇستىمىزدە ياپپېشىل ئاسمان،
ئېتىزلارغا كېتىدۇ تولۇپ.

يايلاقلارمۇ ياپپېشىل دېڭىز،
قوي-پادىلار بولۇتقا ئەنداز.
چوققىلاردەك تۆگە لوككىسى،
تولپار كۆكتە قىلىدۇ پەرۋاز.

مەكتەپ گويا بىلىم بۇلىقى،
سەبىي دىللار چاقنىغان چولپان.
چاڭقاقلىقتا ئىنتىزار گۈللەر
بولدى بۈگۈن رەڭدار گۈلىستان.

ئىسلاھاتتا غەلىبە مۇجەسسەم،
ئۇ ھاياتقا بەرمەكتە زىننەت.
پاچاقلىنىپ روھى كىشەنلەر،
ھورۇنلۇققا ياغماقتا لەنەت.

بەيگەسىرى ئۇچماقتا تۇلپار،
تۇيىقىدىن يالقۇن چاچرىتىپ.
قوڭغۇراقلىق غەلىبە - ئۇچۇرلار
كىلەر پىلان سانىدىن ھالىقىپ.

ھېساب - كىتاب قىلىپ كۆر دوستۇم،
رەقەملەردىن كۆزۈڭ چاقنايدۇ.
كومپارتىيە قوماندان بىزگە،
گۈزەل ئەتە كۈندەك پارلايدۇ!

ئېھ! پارتىيە ساخاۋىتىگىدىن
بولدى ھايات ئاجايىپ گۈزەل.
ھەممە سەپتە گۈللىنىش، شادلىق،
شۇڭا جۇشقۇن ياڭرايدۇ غەزەل!

يەتمىش باھار ئۆتكەندە بۈگۈن
بولدى قايىل ساڭا يەر - جاھان.
شەرەپ، ئالقىش ياغدۇردى دىلدىن،
ئاقتى رەھمەت بولۇپ زور قىيان.

* *

گۆدەك - مەسۇم شۇ نادان ئوغلۇڭ
ئەللىك بەشكە كىردى ئۇلغىيىپ.
كوممۇنىست دەپ ئاتايدۇ ئۇنى،
ئىشلەيدۇ ئۇ، ئەلگە باش قويۇپ.

ئىجاد قىلدى ئاز كەم قىرىق يىل،
لاچىن بولۇپ يازدى كەڭ قانات.
ئىلھامىغا شەربەت تامغۇزدى
سەن ياراتقان بەختلىك ھايات.

سېنىڭ مېھرىڭ تومۇرىدا قان،
ساڭا سادىق بولۇپ ئۆتىدۇ.
كۈيگە قېتىپ سېنى ئۆمۈرلۈك،
ئۆرلەشنى ئۇ دائىم كۈتىدۇ!

چارچىدىم، دەپ زارلىمايدۇ ئۇ،
چېلىشلارنىڭ داۋانلىرىدا.
ئۆز بۇرچىنى قىلىدۇ ئادا
ئۇزۇن سەپەر كارۋانلىرىدا!

* *

بەخت نېمە؟ دېگەن سوئالغا
بېرىمەن دەل ھەققانىي جاۋاب.
بەخت بىلەن قوشكېزەك ئۆستۇم،
دىل خانەمدە پارلىدى ئاپتاپ!

ئاجايىپ پاك مۇھەببەت بىلەن
پارتىيەمنى دەيمەنكى قۇياش.
تولۇن ئايدۇر ۋەتىنىم جۇڭخۇا،
سانىسىز يۇلتۇز خەلقىمگە قىياس!

ھەسەن تىلىۋالدى

# ئىككى شېئىر

## پارتىيگە تەشەككۈر

پارتىيەم بىر ئۇلۇغ غايىنى كۆزلەپ، مىزانىڭ بولغاچقا مەڭگۈ ئادالەت،
مەنزىلگە يول ئالدىڭ بىزلەرنى باشلاپ. ئەگەشتۇق ئىزىڭدىن چوڭ قەدەم تاشلاپ.

دەھشەتلىك بوران ھەم جاپا ـ مۇشەققەت
باش ئەگدى ئالدىڭدا پۈكتى تىزىنى.
ھەر مىللەت ئاممىسى تۇتۇپ پەشىڭنى،
قوشماقتا سېپىڭگە ئوغۇل ـ قىزىنى.

پارتىيەم يىلسېرى ئۆستۈك ئۆلگىيىپ،
ئۇلۇغۋار ئوبرازىڭ چاقنار دىللاردا.
جاپالىق ئەجرىڭدىن يارىتىپ تۆھپە،
مەزمۇنلار قوشتۇڭ سەن باتۇر يىللارغا.

## ئاپباس شۇجى

قايناق سېخىنىڭ ئىچىدە،
خايى كۈندۈز ـ كېچىدە،
تىنىم تاپماس قىلچىمۇ
قىزغىن مېھنەت ئىچىدە.
ئاپباس شۇجى ھەممىدە
تۇتار ئەلنى قەلبىدە.

بىز ئىشچىلار زاۋۇتىنىڭ،
خوجايىنى ـــ باشلىقى،
دېگەن چاغدا كۆزىدىن،
چاقناپ كېتەر شادلىقى،
ئاشسىمۇ گەر ئەللىكتىن
ئۇرغۇپ تۇرار ياشلىقى.

چەكسىمۇ كۆپ مۇشەققەت،
قاقشىمايدۇ ئۇ پەقەت،
ۋۇجۇدىغا سىڭگىشقان
پەزىلەتتۇر بۇ ئادەت.
شۇڭا دەيدۇ ئىشچىلار،
بىزنىڭ شۇجى كارامەت.

يەر تىلغۇچى بورغا ئۇ،
ئىشتا ئەقلى زىيادە،
دوستلىرىغا سايىۋەن،

جۇدۇنلاردا ئىھاتە.
ئەل ـ ۋەتەنچۈن ئۇنىڭدا
باردۇر پولات ئىرادە.

گالى كەسكۈچى پىچاقنىڭ
ئالماس بىسلىق قىرى ئۇ،
ئۆز كەسپىنىڭ ماھىرى
تېخنىكىنىڭ پىرى ئۇ،
مۇشەققەتتە ئالدىدا،
مەغرۇرلۇقتىن نېرى ئۇ.

شوخ بۇلبۇلنىڭ قىممىتى
خۇش ئاۋازى، تىلىدا.
چوققىلارنىڭ ھەيۋىتى
ئۇنىڭ مەزمۇت تېنىدە.
شۇجىدا بار مۇھەببەت
پارتىيىگە دىلىدا.

ئاستىرىغۇچى پوستى بار،
ئاپتاپپەرەس ـ قوناقنىڭ.
مەنبەسى بار ئۈزۈلمەس
ئوخچۇپ ئاققان بۇلاقنىڭ.
غەمگۈزارى پارتىيەم،
ئاپباس ئۆسكەن تۇپراقنىڭ.

قۇۋۋەت ئالغاچ ۋۇجۇدى
پارتىيىنىڭ مېھرىدىن.
ئەزىم تاغدەك تەۋرىمەس،
ئىسلاھاتنىڭ يولىدىن.
چۈشەرمەيدۇ كۆتەرگەن
بايرىقنى قولىدىن.

ئىسمى لايىق جىسمىغا،
چامى يېتەر ھەممىگە.
پارتىيىنىڭ مېھرىنى
چىڭ ئورنىتىپ قەلبىگە.
كۆكتە ئۇچقان بۈركۈت ئۇ،
ئىنتىلىدۇ پەللىگە.

نۇردۇن قۇربان

## كادىر دېگەن ئەلنىڭ چاكىرى

كادىر دېگەن ئەلنىڭ چاكىرى،
كادىر بولساڭ ئەلگە ئامراق بول.
پاكىز پارلا ئاقارغان تاڭدەك،
بۇلغىنىشتىن هامان يىراق بول.

ئادالەتنى مىزان ئەيلىسەڭ،
هەممە ئادەم قىلىدۇ هۆرمەت.
دىيانەتنىڭ بايرىقى نۇرلۇق،
ئېگىلىسمۇ سۇنماس هەقىقەت.

تەكەببۇرلۇق، غادايماق خاتا،
مېۋىلىك شاخ ئېگىلەر هامان.
قۇۋلۇق ـ شۇملۇق قىلما، قۇۋ تۈلكە
تۇمشۇقىدىن ئىلىنار هامان.

هاجەتمەننىڭ يەتكىن هالىغا،
هالال ئىشلەپ، چىشلىگىن هالال.
قاقتى ـ سوقتى قىلىش رەزىللىك،
خۇدىكى يوق ياشار بىمالال.

خەلق ئۇستاز، ئۆگەن بىر ئۆمۈر،
گۆهەر تولار قەلبىمگە شۇندا.
ۋەتەن باققان، باقىدۇ بىزنى،
ۋەتەن ئۈچۈن بولسۇن جان پىدا.

ئەخمەت هاموت

## پارتىيە هەققىدە مۇخەممەس

جانىجان جۇڭخۇا ئېلىمنىڭ كۈچ ـ مادارى، پارتىيەم،
خەلقىمىزنىڭ مېھرىبانى، غەمگۈزارى، پارتىيەم،
دەۋرىمىزنىڭ شۆھرىتى سەن ئىپتىخارى، پارتىيەم،
سەن بىلەن كۆلدى ۋەتەننىڭ كەڭ دىيارى، پارتىيەم،
سەن ئۈچۈن سايرايدۇ شوق تارىم ساتارى، پارتىيەم.

ئۆيىنىغاندا بېشىمىزدا شۇم جاهالەت قامچىسى،
كۆزىمىزدىن سەل بولۇپ ئاققاندا هەسرەت تامچىسى،
سەن بولۇپ ئەلنىڭ نىجادى، بەختىمىزنىڭ تاڭچىسى،
قوغلىدىڭ تۈننى، ۋەتەن بولدى سائادەت باغچىسى،
پۈتتى سەن بولغاچقا ئەلنىڭ ئاهۇ ـ زارى، پارتىيەم.

سەن بىلەن دۇنياغا كەلدى بۇ گۈزەل دەۋرانىمىز،
بەختىمىز پارلاپ، قۇياشتەك كۆلدى دىل ئارمانىمىز،

بۇ جاھاننى قىلدى ھالڭ - تالڭ دائىمىي پەرۋازىمىز،
تېخىمۇ ئۆز بولغۇسى چىمەندىكى باھارىمىز،
بولدى چۈللەرمۇ ۋەتەنىنىڭ لەيلىزارى پارتىيەم.

باشلىدىڭ مەنزىلگە بىزنى دۆرىستىپ پارلاق نىشان،
چوڭ يۈرۈش قىلدۇق بولۇپ جۇشقۇن ئېقىم دەرياسىمان.
ئارقىمىزدا قالدى كۆرمىڭ مۇشكىلات ھالڭ، تاغ-داۋان،
زادى چىقمايمىز يولىڭدىن، باسىمىز ئالغا ھامان،
سەن بىلەن بولدۇق يېڭىشلار جەڭگىۋارى پارتىيەم.

قولىمىزدا تۇغىمىز بار، ماڭىمىز ئالغا ھامان،
سەن ئېچىپ بەرگەن بۇ يوللار ئۇپۇقسىمان پارلاق، راۋان.
مۇشكىلاتنىڭ بېلى سۇندى، ئاشىمىز يەنە داۋان،
ئەگىشىپ ماڭدۇق سېنى، چارۋباغ بولدى ياۋان،
سەن ئۆزۈڭ مىليارد يۈرەكنىڭ غەمگۇزارى پارتىيەم.

ئابلىمىت مەمتېلى

## ئانا

مەجنۇن تالدەك ئېگىلگەن قەددىڭ،
چېچىڭ ئاپئاق، كۆزلىرىڭدە ياش.
قۇچىقىڭدا ياتىدۇ ئۇخلاپ،
پاك مېھرىدىن تۆرەلگەن قۇياش.

يۈزلىرىڭدە تۈزۈلگەن دولقۇن
ئېپ كېلىدۇ تۇمانلىق تۈننى.
مېھرىڭ بىلەن قارىساڭ جاھان،
قۇچىقىڭغا باسىدۇ كۈننى.

چىراغتىكى جىمجىت كېچىدىن
ئەللەيلىرىڭ كېلىدۇ لەيلەپ،
قارا تۈنگە بولسەن ھەمراھ،
نەۋرىلەرىڭ بەختىنى تىلەپ.

كۈكۈمدىكى ئاپئاق دالىدىن
ئىزلىرىڭنى تاپىدۇ بوران.
نۇر ئېچىدە كېلىسەن ئۆزۈپ،
پاكلىقىڭنى ئىستەيدۇ ئارمان.

سەھەردىكى تاتلىق چۈشۈڭدە
سەن كېلىسەن بەختىمنى باشلاپ،
شادلىنىسەن نۇرسىز كۆزلەردىن
يۇلتۇزۇمغا نىگاھلار تاشلاپ.

سەن تاقىغان ئۈمىد يۇلتۇزى
پېشانەمدە تۇرىدۇ چاقناپ.
سەن كۆرسەتكەن قۇياشلىق يوللار
مېنى ئالغا كېتىدۇ باشلاپ...

گەر قالىسمۇ يۇلتۇزۇڭ ئۆچۈپ،
چۈشلىرىمدە ھامان سەن، ئانا!
مېھنىتىڭدىن ياسىغىن مىراس،
پاكلىقىڭنى قالدۇرغىن ماڭا.

ئابلەمەت ئىسمىن

# قارلىق تاغدا



(پوۋېست)

## يولدا

تاغ باغرىنى بويلاپ كەتكەن يىلان باغرى تاشيولدا كېتىۋاتقىنىمىزغا تۆت سائەتتىن ئاشتى. ئۈستىگە سېرىق برېزېنت يېپىلغان ھەربىي ماشىنا ئارقىسىدا قويۇق چاڭ-توپىلارنى قالدۇرۇپ تېز كېتىۋاتاتتى، ماشىنا ئېگىزلىككە ئۆرلىگەنسېرى، ماتوردىن بىر خىل بوم تىترەك ئاۋاز چىقماقتا ئىدى.

چوڭلىرىمىز يىگىرمە ياشقا، كىچىكلىرىمىز ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا تولغان ھەر مىللەتتىن بولغان 20 نەچچە جەڭچى ماشىنا ئۈستىدە سىغدىلىشىپ ئولتۇرۇپ، بىردەم ياڭراق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتساق، بىردەم ئۆزئارا چاقچاقلىشاتتۇق. ئېيتىۋاتقان ناخشىلىرىمىزنىڭ ئاھاڭى بىلەن ئۆزئارا چاقچاقلىرىمىزنىڭ ئۇرامىغا ئەندىكىش، ئەنسىرەش ۋە خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئادەملەر ھەرقاچان، ھەرقانداق چاغدا ئۆزى توغرىسىدا، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھايات كەچۈرىدىغان يېرىنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا باش قاتۇرىدۇ. مانا بۈگۈن بىز يىگىرمە نەچچە يىگىت جەڭچى ئۆزىمىزنىڭ ئەزىز يۇرتىمىز، ئاتا-ئانا، قوۋم-قېرىنداش، تونۇش-بىلىش، يارۇ-دوستلىرىمىزدىن ئايرىلىپ يېڭى بىر يەر، يېڭى ماكان، يېڭى بىر تۇرمۇشقا قەدەم تاشلاۋاتىمىز، بىز بارىدىغان يەر قانداقراق يەردۇ؟ چۆلمىدۇ، ئاۋاتمىدۇ؟ تاغ بولغاندا قانداقراق تاغدۇ؟ ياپيېشىل ئارچا-قارىغاي، گۈل-گىياھلارغا ئورالغان گۈزەل تاغلارنىڭ باغرىمىدۇ ياكى ھەر كۈنى قار-شىۋىرغان ھۇۋلاپ تۇرىدىغان، كۆك مۇز، ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان تاغلارنىڭ باغرىمىدۇ؟

مەن كېتىۋېتىپ بۇلارنى ئالدىن قىياس قىلىپ بىلىشكە تىرىشاتتىم. بارىدىغان گازارمىنىڭ ئاۋات يەردە — ھاۋاسى ئوبدان، كۆل - گىياھلىق، ياپيېشىل قارىغايلىق تاغنىڭ باغرىدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئەڭ ياخشىسى يېقىن يەردە پوچتىخانا بولسىكەن دەيتتىم، مۇنداق بولغاندا ئانام بىلەن پات - پات خەت ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشقا ئوڭايلىق تۇغۇلاتتى، گېزىت - ژۇرناللارنى ۋاقتى - ۋاقتىدا كۆرەلەيتتىم. ئۇندىن قالسا قاتنىشى قولايلىق بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئۆيۈمدە بىرەر خەۋپلىك ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسىمۇ، ئۆزۈم بىرەر جىددىي كېسەلگە تۇيۇقسىز مۇپتىلا بولۇپ قالسامۇ شەھەردىكى دوختۇرخانىلارغا بېرىشقا ئوڭايلىق بولاتتى...

مەن ماشىنا ئۈستىگە يېپىلغان سېرىق برزېنتنى قايرىپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولۇتقا باش تىرەپ تۇرغان ھەرەچىشلىق، ئۇچما چوققىلىق ئېگىز تاغلارغا ۋە تاغنىڭ باغرىغا نەزەر سالدىم. سول تەرىپىدە چوڭقۇر ھاڭ، تاشتىن تاشقا سەكرەپ ئوخچۇپ، بۇژغۇن چاچرىتىپ ھەيۋەت بىلەن شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا. دەرياغا كۆز تاشلىغىنىمدا تەنلىرىم ئىختىيارسىز جۇغۇلداپ كەتتى. ئاھ خۇدا، نېمىدېگەن خەتەرلىك يول بۇ؟ ئەگەر شوپۇر سەللا بىخەستەلىك قىلىدىغان بولسا، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئادەم ئۆزىنى ئاللانىڭ دەرگاھىدا كۆرمەكتىن باشقا ئامال يوقكەن. ماشىنا بىردەم غىڭشىپ كوچىنىپ ئېگىزگە چىقسا، بىردەم غۇرقىراپ پەسكە شۇڭغۇيتتى. دەريا قىرغىقىدىكى ھاڭنىڭ ئۈستىدە تۈگىمەس ئايلانمىلارنى ئايلىنىپ، يىلانغا ئوخشاش تولغىنىپ ماڭاتتى. مەن دەريادىن كۆزۈمنى ئېلىپ ئۇ قاتتىكى تاغلارغا نەزەر سالدىم. تاغنىڭ بېلى ۋە باغىرلىرىدا يىراق ئۆتمۈش زامانىنىڭ يادىكارلىرى ۋە شاھىدى بولۇپ ئەسلى ھالىتىنى ئانچە - مۇنچە ساقلاپ قالغان تار، خەتەرلىك ئەگرى - بۈگرى چىغىر يوللارنىڭ ئىزناسى ئۇ يەر بۇ يەردە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئىلگىرى بىرىدىن بىز كېتىۋاتقان يولنىڭ 1958 - يىللاردا ياسالغانلىقىنى ئاڭلىغان. ئەگەر 1958 - يىلى بۇ ماشىنا يولى ياسالمىغان بولسا بىز بۈگۈنكىدەك ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ماڭالماي، يوتقان - كۆرپىلىرىمىزنى يۈدۈپ، ئاشۇ تاغ باغرىدىكى يىلان باغرى يولدا پىيادە ماڭاتتۇقمىكىن؟ ياق، ئۇندىن كېيىن چوقۇم ياسىلار ئىدى، لېكىن بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تاكى 1958 - يىلىغىچە مۇشۇ يولدا ماڭغان. سودا - سېتىق بىلەن شوغۇللىنىپ مال ئالماشتۇرۇپ تۇرغان. يولنىڭ خەتىرى، جاپاسى ئۇلارنى باش ئەگدۈرەلمىگەن. بۇ يولدا قانچىلىغان سودىگەرلەر ماللىرىدىن، ھەتتا جانلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان، ھەجىگە ماڭغان قانچىلىغان ئادەم مۇشۇ يولدا خەتەرگە ئۇچراپ ئارمان بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. بۈگۈن ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

ماشىنا ئاستا تەۋرىنىپ ماڭماقتا، يول ئېگىزلىمەكتە. يىراقتىن ئۈستىنى قاپقارا تۇمان قاپلىغان قارلىق تاغلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بىز بارىدىغان گازارما زادى قەيەردە، قايسى تاغنىڭ باغرىدىدۇ؟

— بۈگۈن سەھەردە ۋىلايەتلىك قوراللىق ساقچى تارماق ئەترىتىنىڭ باشلىقى شاڭشياۋلاۋلى بىزنىڭ ئاقتاش مۇداپىئە پەيچۇسىغا بارىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرغان چاغدا

سەبداشلىرىم قاتارىدا ئۆز ئىسمىمنى ئاڭلاپ يا خۇشال بولۇشنى، يا قايغۇرۇشنى بىلمەيلا
قالغانىدىم، مەن يېڭى ئەسكەرلەر لىيەنىدە مەشقتە بىرىنچى ئىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تەشـ
ۋىقات ئىشلىرىدا كوماندىـرغا ياردەملىشـەتتىـم، خېـتىم چىـرايـلىق ئىـدى. پـەيجاڭ
ماڭا «جاسارەت، ئەقلىي - ھوشۇڭ جايىدا جۇمۇ سېنىڭ، خېتىڭ چىرايـلىق، تارماق ئەتـ
رەت سىلىڭبۇسىغا بىر ئالاقچى لازىم ئىـكەن. مەن سېـنى چوقۇم مۇشۇ يەردە قالـسۇن
دەيمەن. يا ئالاقـچى بولارسەن، يا خەت ئۇرغۇچى بولۇپ قالارسەن» دېگەنىـدى. ئۇ بۇ
گەپنى باشلىقنا دېمىگەنمۇ يا دېگەن بولسا بىزنىڭ سىلىڭبۇنىڭ مەندەك ئادەمـگە ئېھتىـ
ياجى يوقمۇ ۋە ياكى پەيجاڭ شۇنداق دەپ مېنىڭ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ قويـغانـمۇ،
بۇنىسى ماڭا نامەلۇم. مەن گازارمىغا تەقسىم قىلىندىم.

مانا كېتىۋاتىمىز، تېخىچە مەنزىلدىن دېرەك يوق، ھېلىقى ئاقتاش پەيچۇسو دېـ
گىنى قايسى دەريا، قايسى كۆل ياقىسىدا، قايسى تاغنىڭ باغرىدۇ؟ ئۇزۇن يولدا سىلكىـ
نىشتىن ھارغىنلىق يەتتىمۇ ياكى ئېگىز تاغ ھاۋاسىنىڭ تەسىرىدىنـمۇ بەزىلەرنىڭ كۆزى
ئۇيقۇغا كەتكەن، بەزىلەر ئاپتوماتلىرىنىڭ پاينىكىنى ئېگىمكىگە يۆلەپ جىمـجىـت ئولتۇرۇپ
خىيال دەرياسىغا غەرق بولغان، باياتىنقى قايناغان قازانـدەك جۇشقۇنلۇقنىڭ ئورنىـنى
خۇددى توختام سۇدەك جىم - جىتلىق ئىگىلىگەنـىدي.

ئەنە، قارشى تەرىپىمىدىكى خۇش چاقچاق ۋاڭ داگازاكۆزلىرىنى مەلۇم نۇقتىغا تىكىپ،
چوڭقۇر ئويغا چۆككەن ھالدا ئولتۇرىدۇ. ئۇ نېمىنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ بەلكى ئۇ يىراق گەنسۇدا
قالغان ئاتا - ئانىسىنى، دوست - بۇرادەرلىرىنى، ساۋاقداش، ئۇستازلىرىنى ئويلاۋاتقاندۇ. ئاۋۇ
ما يۈڭجى، ئۇ ئېگىز تاغلارغا، يول بويىدىكى چوڭقۇر جىلغا، خەتەرلىك ھاڭـلارغا قاراپ
بۇ تاغلارنى ئۆز يۇرتى يۈننەننىڭ تاغـلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتـقاندۇ. مانا مەن ئەسكەر
بولدۇم، ماش رەڭ ھەربىي كىيىم ئۇچامغا چىقتى. بۇ يېڭى تۇرمۇش، ھاياتىمنىڭ بىر يېڭى
سەھىپىسى. مەن يېڭى بىر يولغا قەدەم قويدۇم، مېنى بۇ يولدا قانداق ئىشـلار، قايسى
شادلىق، قايسى قايغۇ، قايسى تەقـدىر كۈتۈپ تۇرغاندۇ؟ شۇ تاپتا يەنە ئىلگىرىكى بەزىـ
بىر ئىشلار كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

مەن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا تىل - ئەدەبىيات دەرسىنى ياخشى كۆرەتتىم، كۆڭلۈمگە
يازغۇچى بولۇشنى پۈككەن، ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىمۇ مېنى ئالاھىدە ياخشى كۆرەتـتى.
مېنى ئىلھامـلاندۇراتـتى. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىمدا داۋامـلىق ھېـكايە ۋە شېئىر
توپلاملىرىنى، رومانلارنى كۆرەتتىم. ھەر بىر يەكشەنبىنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ
كۈتۈپخانىسىدا ئۆتكۈزەتتىم. شېئىرلارنى يادلايتتىم، ھېكايە، رومانلار، پوۋېستلار ئۈستىدە
پىكىر ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتىم. مۇنداق ھەۋەسنىڭ مەندە قاچانلاردا، نېمە سەۋەبـتىن
پەيـدا بولۇپ قالـغانـلىقـى ئـۆزۈمـگـىمۇ نامەلۇم ئىـدى. داۋامـلىق ئۆز - ئۆزۈمـگە
«جاسارەت، سەن كەلـگۈسـىدە ياخـشـى ئەسەرلەرنى ئىـجـاد قـىـلـىـپ خەلقـقە
تـەقدىم قىـلالارسەنـمۇ؟ تىـرىش، كـۆرۈنـگـەن تاغ يـىـراق ئەمەس» دەپ مەدەت
بېرەتتىم، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمـدا ئەدەبىـيات
ئوقۇتقۇچىـمىز بىزگە، ئەھمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتە بەتۇل ھەقايىق» دېـگەن گەسىرىـنى

كۇنسۇلتاتسىيە قىلىپ بېرىۋېتىپ شۇنداق دېدى: «مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مىللىتىمىز
ئىچىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقىرى، ئەھمەت يۈكنەكىگە ئوخشاش ئاتاقـ
لىق ئالىملار چىققان، بىز ھازىر ئۇلارنى ماختاۋاتىمىز. مۇشۇلارنىڭ نامى بىلەن ئۆزىمىزنى
قالتىس ھېسابلاۋاتىمىز. بۇ تارىخ، لېكىن ئۆتكەنكى تارىخ، ئۇلارغۇ بىزگە مۇشۇنداق ئۇلۇغ
ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ھازىرقى ياشلار يەنى سىلەر كەلگۈسىگە نېمە قالدۇرىسىـ
لەر؟ بىز كۈنلىرىمىزنى قەدىمكىلەرنى ماختاش بىلەنلا ئۆتكۈزەمدۇق؟ پار ماشىنىسىنىڭ
كەشپ قىلىنىشىدىن باشلاپ ھازىرغىچە 200 نەچچە يىل ئۆتتى، ھازىرقى دۇنيا ئېلېكـ
ترون دەۋرىگە قەدەم قويدى. مانا مۇشۇ 200 نەچچە يىل داۋامىدا بىزنىڭ مىللىتىمىز
نېمىنى كەشپ قىلدى؟ قېنى جاۋاب بېرىڭلار» ئوقۇتقۇچى بىزگە تەكشى كۆز تاشلىدى.
«بىزنىڭ مىللىتىمىز نېمىنى كەشپ قىلدى؟» بۇ سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىدى.
«بىزنىڭ ئۆلىما ـ ئالىملىرىمىز نېمە ئىش قىلدى؟ قۇرئاننى ھەجىلەش، يادلاش بىلەن،
ئاخىرەتنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتىمۇ؟ باشقىلار نېمە ئۈچۈن تەرەققىي قىلدى،
ئالغا باستى؟ بىزچۇ؟ بىزدە ئېغىزغا ئالغۇدەك نېمە بار؟ ھەتتا سەرەڭگىچىلىك بىر نەرسە
كەشپ قىلىپ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قىلماپتۇق، ئەگەر دۇنيادىكى
مىللەتلەر ئۆز كەشپىياتلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئالەمنى ئايلىنىپ نامايىش قىلسا بىز
قاتاردىن قالدىكەنمىز. كىم قۇرۇق قول ئۇنداق نامايىشلارغا قاتنىشالايدۇ؟ ــ ئوقۇتقۇچى
سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ بىزدە نېمە ئۈچۈن لوتۇن بار، نيوتۇن يوق؟ نېمە ئۈچۈن
زەللى بار، گالىلېي يوق؟ ساۋاقداشلار تىرىشايلى، ياشلىقتا ئىلىم ـ بىلىم ئۆگىنەيلى، ئىـ
لىم بىلەن پاراسەتنى بىرلەشتۈرەيلى. تارىخ ئۈستىدە، تارىخىمىز ئۈستىدە قايتا ئويلىـ
نايلى». مەن شۇندىن كېيىن ھەممە دەرسلەرگە ئۆزۈمنى قاتتىق ئۇردۇم، باشقىلاردىن
ئېدىسۇن، ئېينىشتېيىنگە ئوخشاش ئالەمگە مەشھۇر كەشپىياتچى، تولستوي، پۇشكىنغا
ئوخشاش يازغۇچى، شائىرلار چىققان يەردە بىزدىن چىقماسمۇ؟ مانا شۇنداق ئارزۇ، مانا
شۇنداق ھەۋەسلەر بىلەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتى. ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان
ئېلىش باشلاندى. ئارزۇيۇم بويىچە ئېيتقاندا مەن شىنجاڭ داشۆنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات
فاكۇلتېتى ياكى فىزىكا فاكۇلتېتىدا ئوقۇماقچى، مۇشۇ ئىككى پەندە ئاز ـ تولا ئارتۇقـ
چىلىقىم بار ئىدى، شۇڭلاشقا ئۆزۈمگە قاتتىق ئىشىنەتتىم.

ئىمتىھاننىڭ خۇلاسىسى چىقتى، ئارزۇلىرىم خۇددى سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك،
بىردەمنىڭ ئىچىدىلا غايىپ بولدى، تەقدىر مەندىن يۈز ئۆرۈپتۇ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇ ـ
لاشتى. ئاھ، خۇدا، قېنى مېنىڭ ئارزۇلىرىم، مەن كەلگۈسىدە چوڭ ـ چوڭ ئىشلارنى قىلىـ
لىشنى، يېڭى ـ يېڭى نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىپ، يېڭى ـ يېڭى نادىر كەشپىياتلار بىلەن
مىللىتىم، خەلقىمنى دۇنياغا تونۇتۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. مۇشۇ ئارزۇنى رېئاللىققا ئايلانـ
دۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىلىم كېرەك، بىلىم ئېلىش ئۈچۈن داشۆدە ئوقۇش كېرەك، ئەمـ
دى مېنىڭ داشۆگە كىرىش ئارزۇيۇم يوققا چىقتى. بۇنىڭغا ئەزەلدىن خۇشۇم يوق ماـ
تېماتىكىدىن كەم ئالغان بەش نومۇر سەۋەبچى بولدى. ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان
قىلىنغان كۈنى مېنىڭ مېھرىبان، كۆيۈمچان دادام كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىت

ئۇچىدە تاش يۈرەك دادىغا، شەپقەتسىز دادىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ «ھۇ قاپاقباش!» دەپ ۋارقىرىغان دەھشەتلىك ئاۋازى قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپ، تېنىمنى جۇغۇلداتتى. دادامنىڭ داۋاملىق ئىللىق نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزى سۇرلۈك تۈس ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزىدە غەزەپلىك نۇر چاقنايتتى، مەن دادامنىڭ ئاشۇ قەھرلىك كۆزلىرىگە خۇددى گۇناھكار سوراقچىنىڭ كۆزىگە قارىغاندەك ئەندىكىپ قورقۇپ، قورۇنۇپ قارايتتىم. ئازابلىناتتىم، ئۆكۈنەتتىم، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئەمدى ۋاقتى ئۆتكەن. پۇرسەتنى ئۇتتۇرۇپ قويغانىدىم، بەلكىم دادام يوللۇقتۇ، مەن ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقمىدىم. ئۇ مېنى قانداق ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئوقۇتقان بولغىيدى؟ ھەممىسى تۈگىدى. ئاشۇ كاساپەت بەش نومۇر ھەممىنى بىر تىيىن قىلدى، مەن دادامنىڭ مەقسىتىنى، ئارزۇسىنى بىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈمىدى، غايىسى مېنى بەختلىك قىلىش، مېنىڭ كەلگۈسىدە ۋەتەن، خەلق، مىللەت ئالدىدا قازانغان نەتىجىلىرىم بىلەن پەخىرلىنىش، ھۇزۇرلىنىش، شادلىنىش، مەن دادامنى ئاشۇ شادلىقتىن مەھرۇم قىلدىم، شۇنداق ئىكەن، مېنىڭ دادامدىن رەنجىشىم ھاجەتسىز. ئاچچىقى بېسىلغاندا، كۆڭلى جايىغا چۈشكەندە ئۇ مېنى يەنە باغرىغا باسىدۇ. «كەچۈرگىن بالام، ساڭا ئازار بېرىپ قويدۇم» دەيدۇ، چۈنكى مەن ئۇنىڭ يۈرەك پارىسى، پۇشتى ھەم ۋارىسى. بىر كېچە ئۇنسىز يىغلاپ چىقتىم، ئەتىسى ئەتىگەندە دادام مەن بىلەن خوشلاشمايلا ئۈرۈمچىگە يىغىنغا كەتتى.

ئاھ، خۇدا، بىر كۈن ئۆتۈپ، ئاجايىپ دەھشەتلىك بىر شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى، ھاراقنى راسا ئىچىپ خۇدىنى بىلمەي يولغا چىققان بىر تەلۋە شوپۇر ئاقسۇ بىلەن شايار ئارىلىقىدىكى يانتاققۇدۇق دېگەن جەزىرىدە دادام ماڭغان «بېيجىڭ» ماركىلىق پىكاپنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ سوقۇپتۇ، پىكاپ بىر نەچچە موللاق ئېتىپ، يولنىڭ سىرتىغا دومىلاپ چۈشۈپتۇ، ئارقىدىن ھېلىقى يۈك باسقان ماشىنا قىڭغىيىپ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، ئۆرۈلگەن پىكاپنىڭ ئۈستىگە ئۆلاپ چۈشۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن پىكاپ ئىچىدىكى تۆت كىشى، ھېلىقى تەلۋە شوپۇر قوشۇلۇپ بەش ئادەم ئۇنىسىز ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ، يىغلاپ-قاخشاپ دادامنى كۆمۈپ قويدۇق. ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىم ئۈستىگە دادامدىن مۇنداق تۇيۇقسىز ئايرىلىپ قېلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن. بۇ ئىش ماڭا قاتتىق ئەلەم قىلدى. بىرگە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدى بېيجىڭ، شاڭخەيگە، كەينى ئۈرۈمچى، قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا كەتتى. مەن ئۇلارنى ئازابلىق كۆز يېشىم بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇم. سىڭلىم ئىككىمىز ئانامغا قاراشلىق، يەنى ھۆكۈمەت دادامغا بەرگەن 120 يۈەن نەپىقە پۇلىغا قاراشلىق قالدۇق، ئانام ئائىلە ئايالى بولغان بىلەن پەم-پاراسەتلىك ئىدى. ھەر پەيشەنبە كۈنى سىڭلىم بىلەن ئىككىمىز دادامنىڭ تۇپراق بېشىدىن كەلگەندە ئانام ئىككىمىزنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كېتەتتى. بىزمۇ قوشۇلۇپ يىغلايتتۇق. ئاخىرى يەنە ئانام يىغىسىنى توختىتىپ بىزگە تەسەللى بېرەتتى.

بىر كۈنى تۇپراق بېشىدىن كەلسەم، ئانام ماڭا: «بالام، دادىڭ ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئائىلىمىزنىڭ تۈۋرۈكى سۇندى. سەن ئەمدى دادىڭنىڭ ئورنىدا تۈۋرۈك بولۇپ بۇ ئائىلە-

نىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشۈڭ كېرەك، ئەمدى تىرىكچىلىكىنىڭ بىرەر يولىنى تۇتمىساڭ بولمىدى. قېنى ئۆزۈڭ ئويلاپ باققىن. قانداق ئىشنى قىلىشنى خالايسەن، بالام؟» دېدى. مەكتەپتە فىزىكىنى خېلى ياخشى ئۆگەنگەنىدىم، شۇڭلاشقا بىر بوتكىدا ياسىتىپ رادىئو، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور رېمونت قىلىش دۇكىنىنى ئاچماقچى بولدۇم. مۇشۇنداق قىلسام مەكتەپتە ئۆگەنگەن نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈپ، رېمونتچىلىق بىلەن تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈپ، يەنىلا بىرەر نەرسە كەشىپ قىلالارمەن دېگەن ئۈمىد ئۇچقۇنى قەلبىمدە پەيدا بولغانىدەك بولدى. مانا بۇمۇ بىر تۇرمۇش يولى ئىدى. مەن بازارلارنى ئايلاندىم. بۇ كىچىك ناھىيە بازىرىدا رادىئو - تېلېۋىزور رېمونت قىلىدىغان دۇكاندىن يەتتىسى بار ئىكەن. كونىلاردا «ھۈنەرۋەننىڭ يولى بىر، رىسقى باشقا» دېگەن گەپ بار، بۇ ناھىيە بازىرىدا مەن ئاچماقچى بولغان دۇكاندەك دۇكاندىن يەتتىسى بولسىمۇ، يەنىلا مېنىڭ ئىشىممۇ ئۆز يولىدا ئېقىپ قالار دېگەن ئۈمىد بىلەن كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇردۇم. مەن رادىئو - تېلېۋىزور رېمونتچىلىقىنى مەكتەپتە ئوقۇۋېتىپلا باشلىغان. ھازىر دۇكان ئاچسام خېرىدارلىرىمنىڭ ئۆزلۈكىدىن مېنى ئىزدەپ كېلىشىگە كۆزۈم يەتتى. مەن مۇشۇلارنى ئويلاپ، بازارنىڭ ئەڭ ئاۋات رەستىلىرىنىڭ دوقمۇشىدىكى ئاۋۇت ئۇستامنىڭ دۇكىنىدا ساق يېرىم كۈن ئولتۇردۇم. ئاشۇ يېرىم كۈندە ئۇ بىر يۈەن 60 تىيىنلىق ھۈنەر قىلدى، ئاۋۇت ئۇستامدەك كونا ئۇستىلار شۇنچىلىك پۇل تاپتى، مەن قانچىلىك تاپارمەن، ئاۋۇت ئۇستام يېشى ئەللىكتىن ئاشقان ئادەم، شۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ، لېكىن مەنچۇ؟ مەن تېخى ياش، كۈچ - قۇۋۋىتىم، جاسارىتىم ئۇرغۇپ تۇرغان ياش يىگىت. قايسى تەرەپتىن بىرەر بۇزۇلغان نەرسە كېلەركىن دەپ توت كوچىغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرۇشقا چىدامدىمەن؟ رېمونتخانا ئېچىشتىن ئۈزۈل - كېسىل يالتىيىپ، بېشىمنى سالغان ھالدا ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتاتتىم، بىرى مېنى چاقىرىپ قالدى. قارىسام تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم غالىپ ماڭا قاراپ كېلىۋېتىپتۇ، ئۇ مالىيە مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ كېلىپ قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئورۇنلاشقانىدى. ئىككىمىز قىزغىن سالاملاشتۇق.

— بىرنەچچە كۈن بولدى كۆرۈنمىدىڭ، مەنمۇ ئىش بىلەن بولۇپ سېنى يوقلاپ كىرەلمىدىم. ئۆزۈم كىرىپ پەتە ئوقۇغاچ مۇڭدىشىپ چىقىش خىيالىم بار ئىدى، مانا بۈگۈن سېنى ئۇچرىتىپ قالدىم، قارىسام روھىڭ ناھايىتى چۈشكۈن تۇرىدۇ، كەل، بىردەم مۇڭدىشايلى.

ئۇ شۇنداق دەپلا مېنى يول ياقىسىدىكى مەجنۇنتالنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى. ئىككىمىز سايىدە ئولتۇرۇپ بىردەم ھال - مۇڭ قىلىشتۇق. ئۇ، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ياسىشىنى، روھىنى ئۇرغۇتۇپ، غەم - قايغۇسىنى ئۇنتۇلدۇرۇشنى بىلىدىكەن.

— جاسارەت، — دېدى ئۇ ماڭا دوستلۇق نەزەرى بىلەن تىكىلىپ، — ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن يالغۇز سەنلا ئەمەس. قېنى، دەپ باققىنە، ھازىر نېمە كويلاردا بولۇۋاتىسەن، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتاي دەۋاتامسەن؟

مەن بۈگۈنكى ئويلىرىمنى ئۇنىڭغا تولۇق سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ئەستايىدىل ئاڭلاپ بولۇپ:

— توغرا، بۇ چوڭ شەھەر ئەمەس، بۇ ھۈنەرنىڭ تاپاۋىتى دېگەندەك ياخشى بولىدۇ. ھازىر قولۇڭدا ئاز - تولا بىر نەرسە بارمۇ؟ — دېدى سەل قورۇنۇپراق.

— كۆپ ئەمەس، — دېدىمەن ئۇنىڭغا قاراپ، — دادامنىڭ ئىقتىساد قىلىپ قويغان ئاز - تولا پۇلى بار ئىكەن. ئۆلۈمىنى ئۈزىتىپ يەنە 2000 يۈەنچە قالدى. رېمونتخانا ئاچسام‌مۇ ئاشۇ پۇلنى دەسمايە قىلاتتىم، ئەمدى قايسى ئىشنى قىلسام بولاركىن - تاڭ؟ قېنى سەن بىر يول كۆرسەتكىنە؟

غالىپ بىرھازا جىم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— مۇنداق قىلايلى، سەندە نەق 2000 يۈەن باركەن، مەن كېپىل بولۇپ بانكىدىن يەنە 4000 يۈەن قەرز ئالايلى، بۇنىڭغا قول تراكتور ئالىمىز، سېنىڭ ھېلىقى مەكتەپنىڭ ئەخلەت توشۇيدىغان كونا قول تراكتورىنى ھەيدەپ يۈرگىنىڭنى كۆرگەنىدىم. بۇ يىل ناھىيىمىزدە بىرنەچچە يەردە چوڭ قۇرۇلۇش بار، ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭ مەن تونۇشتۇرۇپ قوياي، سەن قۇرۇلۇشقا قۇم - شېغىل توشۇ، تەلىيىڭ بولسا بۇ يىل قەرزىڭنى تۆلەپ، تراكتور ساڭا قالىدۇ. ئىشنىڭ ئېپى مۇشۇ!

شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن سوپىنىڭ شوپۇرى بولۇپ قالدىم. قۇرۇلۇشقا قۇم - شېغىل توشۇشقا كىرىشتىم، تاڭسەھەردىن كۈن پاتقىچە ۋە بەزى كۈنلىرى تاكى يېرىم كېچىلەرگىچە تىنىماي ئىشلەيتتىم، شېغىل - قۇمنى ئۆزۈم باساتتىم، چۈشۈرەتتىم. دەسلەپكى كۈنلەردە كەچ كىرىش بىلەن تەڭلا تاماقنى يەپ بولۇپ، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ، تاكى ئانام تاماقنى پىشۇرۇپ ئويغاتقىچە ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كېتەتتىم، كېيىن كۆنۈپ كەتتىم، زادىلا ھارغىنلىق ھېس قىلمايدىغان بولدۇم، دېمەك مەن چېنىققانىدىم. خۇددى «قوشتىن چىقىرىپ سۆرەمگە سالغاندەك» بىر كۈن قۇم توشۇسام، بىر كۈن شېغىل توشۇيتتىم. بىكار بولسام تراكتورنى ئوڭشايتتىم. شۇنداق قاتتىق ئىشلەش نەتىجىسىدە 4 - ئايدىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، بولغان ئالتە ئاي ئىچىدە بانكىدىن ئالغان قەرزىم تۈگىگەندىن سىرت تراكتور بىلەن 5000 يۈەن نەق پۇل ماڭا قاپتۇ، بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش، مەن ماڭا پۇل قەرز بەرگەن بانكىغا، مۇشۇنداق ياخشى سىياسەتنى چىقارغان ھۆكۈمەتكە مىڭلارچە رەھمەت ئېيتتىم. قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ جىڭلىسى مېنى ماختاپ: «قۇم - شېغىلنى ئوبدان ئۈلگۈرتۈپ بەردىڭ» دەپ 400 يۈەن مۇكاپات بەردى ھەمدە «كېلەر يىلى قۇم - شېغىلنى يەنە سەن توشۇپ بەرگىن. بىز دىڭگۇار تۈزەيلى» دېدى. ئەمدى مەن 5400 يۈەن پۇل، بىر قول تراكتورنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالغان بولساممۇ، يەنىلا ئۆز - ئۆزۈمدىن رازى ئەمەستىم، مەن بۇ دۇنياغا كەلدىم، ھاياتىمنى مۇشۇنداق جاپالىق ئىشلەپ پۇل تېپىش بىلەنلا ئۆتكۈزەمدىمەن. توغرا، پۇل تاپتىم. جاپالىق ئىشلىسەڭ، تەر ئاققۇزساڭ يانچۇقۇڭ پۇلغا توشۇدىكەن. ئەل - ئاغىنەڭ، تونۇش - بىلىش، ئۇرۇق - تۇغقان ئالدىدا يۈز - ئابرۇيۇڭمۇ بولىدىكەن. مەن مۇشۇنداق ئىشلىسەم يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن، بۇ قول تراكتورنى جېيفاڭ ماشىنىغا ئۆزگەرتىشكە كۆزۈم يېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆمۈر

بۇ جاپالىق ئۆتۈشنى كۆڭلۈمدە ياقتۇرمايتتىم، شوپۇر بولۇپ ئۈچۈن ئىشلەش، پۇل ئۈچۈن بويىچە ياقتۇرمىغانلىقىم، پۇلنى ياقتۇرمىغانلىقىم ئەمەس. پەقەت كەلگۈسىدە بىرەر چوڭ ئىش قىلىشنى كۆڭلۈمگە پۈككەنلىكىم ئىدى. توغرا، شوپۇرلارمۇ جەمئىيەتكە ھەسسە قوشىدۇ. لېكىن مەن جەمئىيەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن شوپۇرلار قوشقان ھەسسىدىن كۆپرەك ھەسسە قوشماقچى، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق تەقدىرنى ئۆزگەرتىشىم لازىم. مېنىڭ كېچە - كۈندۈز ئويلايدىغىنىم شۇ ئىدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرى ئەسكەر چاقىرىش باشلاندى. مەن ئەمدى ئۇلۇغ ئارزۇلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى دەسلەپكى قەدەمنى ئەسكەرلىكتىن باشلاشقا بەل باغلىدىم. بۇ خىيالىمنى ئانامغا ئېيتتۇۋىدىم، ئانام بىرھازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن دېدى:

— ئوغلۇم، داداڭنىڭ سېنى داشۆدە ئوقۇتۇش ئارزۇسى بار ئىدى. سەنمۇ شۇنداق ئىدىڭ. داداڭ رەھمەتلىك بۇ ئارزۇسىغا يېتەلمەي ئالەمدىن ئۆتتى. داشۆگە كەتكەن بولساڭمۇ، ئۈچ - تۆت يىلدا كېلەتتىڭ، يەنە چىدايتتىم، ئەمدى ئەسكەرگە بېرىشنى ئارزۇ قىلغان بولساڭ بوپتۇ. بارغىن بالام، يەنە ئۈچ - تۆت يىلنى يىغلاپ — قاخشاپ ئۆتكۈزەرمەن. مېنىڭ ھايات ۋاقتىمدا ئارزۇيىڭغا يەتكىن. سېنى ئۆيلەپ نەۋرە كۆرۈش ئارزۇيۇممۇ بار ئىدى. سەن بىلمەيسەن بالام، مەن بىر نەچچە يەرگە لايىق ئىزدەپ باردىم. ئۇلار ئالدىمدا «ماقۇل» دېيىشتى، ئارقامدىن «ھېلىقى سوپەكچى بالىمىكەن؟» دېيىشىپ تۇمشۇقلىرىنى ئۇچلاپتۇ بالام. ھازىر ئادەملەر داغۋاز بولۇپ كەتكەن زامان ئىكەن، مەن ياخشىراق بىر ئىش قىلىدىغان بولساڭ مەيلى، مەن سەن ئۈچۈن ھەرقانداق ئازابلارغا چىدايمەن.

مەن ئەسكەرلىككە تىزىملاندىم. ئەسكەر ئېلىشنىڭ قاتتىق شەرتلىرىگىمۇ لايىق كەلدىم. بۇ قېتىم ماڭا تەقدىر تەتۈر قارىمىدى، مۇرادىم ھاسىل بولدى. مانا يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەش لېگىيونىدا ئۈچ ئاي قاتتىق تەربىيىلەنگەندىن كېيىن بۇ تەرەپكە چىقىۋاتىمەن. شۇلارنى ئويلاۋاتقىنىمدا ماشىنا ئوڭغۇل - دوڭغۇل، ئېگىز - پەس يول بىلەن بىر جىلغا ئىچىدە كېتىۋاتاتتى. سوغۇقتىن تېنىمگە تىترەك ئولاشتى. قارىسام سەپداشلىرىم ئۈستىگە جۇۋىلىرىنى كىيىۋاپتۇ. سوغۇق شامال چىرقىراپ نەرە تارتىۋاتاتتى. مەنمۇ جۇۋامنى كىيدىم، برزېنتنى قايرىپ سىرتقا قارىدىم. يا ھەزرەت! ئەتراپتىكى تاغلار ئۈستىگە ئاق ماموق ياپقاندەك ئاپئاق تۇسكە كىرىپتۇ. قار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتىدۇ. شىۋىرغان ھۇشقىيتىۋاتىدۇ. ئالدى تەرىپىمىزدە ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان بىر ئېگىز تاغ غادىيىپ تۇرىدۇ. ئۈستىنى قويۇق كۇل رەڭ تۇمانلار قاپلاپتۇ، ماشىنا ئاستىلىدى، شىۋىرغان قارلارنى ئۇچۇرتۇپ يۈز - كۆزلىرىمگە ئۇرۇشقا باشلىدى. نەشتەردەك ئۇرۇلىۋاتقان سوغۇقتىن ئەندىكىپ ماشىنا ئىچىگە ئولتۇرۇۋالدىم. بىرەر چاي قاينىمى ئۆتكەندىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشتى. بىر چاغدا ماشىنا توختىدى.

— يېتىپ كەلدۇق، چۈشۈڭلار!

بىز ماشىنىدىن چۈشۈشىمىزگە بىرنەچچە كونا جەڭچى ياتاقلىرىدىن چىقىپ يۈك - تاقلىرىمىزنى ئېلىشىپ ئىسسىق ياتاقلارغا ئېلىپ كىردى. ھەممىمىزگە بىر ئىستاكاندىن قايناق

سۇ قويۇپ تۇتتى. بىز ۋەزىپە ئۆتەيدىغان گازارما، يەنى قوراللىق ساقچى قىسىم «B» ناھىيىلىك چېگرا مۇداپىئە دادۋي ئاقتاش چېگرا پەيچۇسى مۇشۇ ئىكەن.

## دەسلەپكى كۈنلەر

ئاقتاش چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسى كۆك بىلەن بوي تالاشقان، بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە ئوخشاشلا ئاق قار، كۆك مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدىغان ئېگىز تاغ باغرىدىكى بىر تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، دەرۋازا ئالدىدا ئېگىزلىكى تۆت مېتىر، توغرىسى 10 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 15 مېتىر كېلىدىغان غايەت چوڭ بىر ئاق تاش باركەن. تەبىئەتنىڭ كارامىتىمىكىن تاڭ؟ بۇ تاشنىڭ ئەتراپى، ئۈستى تۈپتۈز ھەم سىيىلىق ئىدى. ئەگەر بىرەر تاشكەسەر ئۇستا نەچچە يىللاپ ئەجىرى قىلغان تەقدىردىمۇ مۇنداق ئۆلچەملىك سىيىلىقلاش مۇمكىن ئەمەستى. بۇ يەرنىڭ «ئاقتاش» دېگەن ئىسمىمۇ مۇشۇ تاشقا ئاساسەن قويۇلغان بولسا كېرەك. بۇ غايەت چوڭ تاش بۇ يەرگە قەيەردىن كېلىپ قالغان؟ قەدىمكى زامانلاردا ئاشۇ مۇز تاغ ئۈستىدىن غولاپ چۈشكەنمۇ ياكى كەلكۈندە ئېقىپ كېلىپ قالغانمۇ، بۇنى قىياس قىلىش تەس ئىدى. پەيچۇسونىڭ دەرۋازىسى مۇشۇ ئاقتاشنىڭ يېنىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، دەرۋازا ئالدىدا قاراۋۇللۇقتا تۇرغان كونا جەڭچىلەر داۋاملىق مۇشۇ تاش ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، يىراق - يىراقلارغا نەزەر سالىدىكەن. بۇ ئادەتنى بىزمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆگىنىۋالدۇق. راست دېگەندەك، دەرۋازا ئالدىدا تۇرغاندىن تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ياخشىكەن. يىراق - يىراقلارنى كۆرگىلى بولىدىكەن. ئېگىزدە تۇرغاندىن كېيىن ئادەمنىڭ روھىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن. مەن بۇ يەرگە قوراللىق ساقچى قىسىم قۇرۇلۇپ، 4 - قارار چىققان ئەسكەر ئىدىم. بۇ يەرگە كېلىپلا مېنى ھەيران قالدۇرغان ئىش شۇ بولدىكى، بۇ يەردىكى كونا ئەسكەر ۋە كوماندىرلارنىڭ ھەممىسى قاپقارا ئادەملەر ئىدى. بۇلارغا قارىغانسېرى كۆڭلۈمگە: بۇ يەرگە ئەسكەر - كادىر تەقسىم قىلغاندا ساپلا قارا ئادەملەرنى تەقسىم قىلغان بولغىيمىدى، دېگەن خىيال كەچتى. بىر كۈنى بۇ ئويۇمنى بىزنىڭ ياسىن بەنجاڭغا دېۋىدىم، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ھەي جاسارەت، بەك سەزگۈر يىگىت ئىكەنسەن جۇمۇ، بولمىسا ئادەملەرنىڭ رەڭگىگە نەزەر سېلىپ ئولتۇرمىغان بولاتتىڭ، نېمىسىنى دەيسەن؟ بىزمۇ بۇ يەرگە يېڭى چىققان چاغدا قىزلارنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ئاپئاق، چىرايلىق يىگىتلەر ئىدۇق، مانا ئەمدى مۇشۇنداق قارا كۆتەك ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتتۇق، بىلىشىڭ كېرەك، بۇ يەر دېڭىز يۈزىدىن 4500 مېتىر ئېگىز. ھاۋاسى شالاڭ. مانا كۆرۈۋاتىسەن، ھەر كۈنى بوران - شىۋىرغان چىقىپ تۇرىدۇ. بىزنى بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان رەھىمسىز تەبىئەت، مۇشۇ يەرنىڭ ھاۋا رايى. تەلىيىڭ بولسا كېلەر يىلى مۇشۇ چاققىچە سەنمۇ قارا كۆتەك يىگىتكە ئايلىنىپ بولىسەن، ئۇنداق دېسەم

كېيىن قىزلار تەگمەي قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالمىغىن، كەلگۈسىدە بىزنى شەھەرنىڭ ئەركە نايىناق، ئاقپىشماق قىزلىرى ياقتۇرماي قالسا، ئەمگەكتە پىشقان، ئاپتاپتا كۆيگەن ئۆزىمىزگە ئوخشاش قارا قىزلاردىن ھەمراھ تېپىۋالارمىز. قانداق دەيسەن جاسارەت، — دەپ دولامنى قېقىپ كۈلۈپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كۈلۈپ تاشلىدىم. ياسىن بەنجاڭ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— قورسىقىڭغا كىرىپ چىقسام كۆڭلۈڭدە بۇ يەرنى تازا ياقتۇرغۇڭ يوقتەك قىلىدۇ. شۇنداقمۇ؟ — ياسىن بەنجاڭ ماڭا تىكىلدى. راستىنى ئېيتسام، كۆڭلۈمدە بۇ يەرنى ياقتۇرغۇم يوق ئىدى، كىم كۆڭلىدىكىنى ھە دېگەندە ئىزھار قىلالايدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك ئەسكەرلەر كۆڭلىدىكىنى باشلىق ئالدىدا ئىزھار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. مەن دەررۇ جاۋاب بەردىم:

— ئۇنداق ئەمەس بەنجاڭ، مەن بۇ يەرنى ياقتۇرىمەن، مۇشۇ جاپالىق يەردە ئىشلەپ تۆھپە كۆرسىتىشنى شەرەپ دەپ بىلىمەن.

— شۇنداق، — دېدى ياسىن بەنجاڭ كۆزلىرىنى قارلىق تاغنىڭ باغرىغا تىكىپ تۇرۇپ، — جاپانىڭ تېگى ھالاۋەت، پارتىيە، خەلق بىزگە تارتقان جاپايىمىز ئۈچۈن شەرەپ بېرىدۇ. خاتىرجەم ئىشلە، بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ شەرەپلىكلىكى شۇ يەردىكى، بىز ۋەتەنىنىڭ چېگرىسىنى قوغداۋاتىمىز، بۇ بىزنىڭ بۇرچىمىز، بىلەمسەن؟ بۇ بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز.

ياسىن بەنجاڭ توغرا ئېيتىدۇ. خەلق بىزگە مۇشۇ چېگرىنى قوغداش ئۈچۈن قورال بەردى، خەلق بىزگە ئىشەندى، بىزمۇ خەلقنىڭ ئىشەنچىسىنى ئاقلىشىمىز لازىم. قوراللىق ساقچى قىسىم قۇرۇلۇپ بۇ يەرگە ئەسكەر چىققىچە، بۇ پەيچۇسودا ئالتە نەپەر كادىر بار ئىكەن، ج خ ئىدارىسى ئۇلارنىڭ ماشىنىلا چىقىرىپ بېرىدىكەن، ئۇلار كۆكتات، مېۋە - چېۋە دېگەننى ۋاقتى - قەرەلىدە يېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەر ئايلىق ئاشلىق نورمىنىمۇ بۇيەردىن 30 كىلومېتىر نېرىدىكى يېزىلىق ئاشلىق ئىدارىسىدىن ئۆزلىرى ئاتقا ئارتىپ ئەكىلىپ يەيدىكەن. ھازىر ئۇنداق ئەمەس. ھەممە نەرسە بۇ يەرگە ۋاقتى - ۋاقتىدا ماشىنا بىلەن ئېلىپ چىقىلىدۇ. ھېچنەرسە كەم ئەمەس. كەسپىي كادىرلار ھەر كۈنى ئىككىدىن جەڭچىنى ئەگەشتۈرۈپ چېگرانى ئاتلىق چارلاپ كېلەتتى. مەيلى قار ياغسۇن، مەيلى شۇۋىرغان چىقسۇن، بۇ ئىش ئوخشاشلا داۋام قىلىناتتى. قالغان جەڭچىلەرنى سەلەي پەيجاڭ مەشىققە سالاتتى. ھەر كۈنى مەشىق، پوستتىن چۈشۈپ ھەربىي مەشىق، ھەربىي مەشىقتىن كېيىن يەنە پوستتا تۇرۇش، چارلاشقا چىقىش، مەيلى قار ياغسۇن ياكى شۇۋىرغان چىقسۇن، سەلەي پەيجاڭنىڭ بۇنىڭ بىلەن قىلچىمۇ كارى يوق ئىدى، بۇ سەلەي پەيجاڭنىڭ جېنى تۆمۈردىن، ئۈستىخىنى پولاتتىن ياسالغان ئادەممىكىن دەيتتىم ئىچىمدە. بىزنى قاتار قىلىپ مەشىق مەيدانىغا ئېلىپ چىقتىمۇ بولدى، ھاۋانىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شۇ كۈنكى مەشغۇلات جەدۋىلىدە نېمە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسا شۇنى ئورۇنداپ بولمىغۇچە بىزنى زادىلا قويۇۋەتمەيتتى. سەلەي پەيجاڭ دائىم بىزگە:

— جەڭچىدە دۈشمەنگە تاقابىل تۇرغۇدەك ماھارەت بولۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا جەڭدە ئۆزىنى قوغداپ، دۈشمەنگە زەربە بېرەلەيدۇ. بىز خەلق جەڭچىسى، خەلق بىزگە ۋەتەننىڭ مۇقەددەس چېگرىسىنى قوغداشتىن ئىبارەت يۈكسەك ۋەزىپىنى تاپشۇردى. يۇقىرى ھەربىي ماھارەت ئىگىلىمەي تۇرۇپ، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ، — دەيتتى. قوش تورنىك، يالاڭ تورنىك، ياغاچ ئاتتىن سەكرەش، سانچىش ھەرىكىتى، چامباشچىلىق دېگەنلەر پەم - پاراسەت ۋە كۈچ تەلەپ قىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن تەرلەپ تەپچىرەپ ئانچە توڭلاپمۇ كەتمەيتتۇق. ئەڭ يامىنى قارىغا ئېلىش مەشقى. ئەتىگەندىن كەچكىچە سوغۇق مىلتىقنى چىڭ سىقىمداپ، قارىغا ئېلىش تاختىسىدىن كۆزۈڭنى ئۈزمەي، بىر كۆزۈڭنى قىسىپ مۇشكى بىلەن پىرىسىلنى بىرلەشتۈرۈپ نىشانغا تەگكۈزۈمەن دەپ توڭغۇلاق تاش، قېلىن قار ئۈستىدە دۈم يېتىش ئادەمنى جاندىن جاق تويغۇزاتتى. سەلەي پەيجاڭ بىردەم قولىنى قوشتۇرۇپ ياكى ئۇۋۇلاپ تۇرۇشقا يول قويمايتتى. ئۇ ھەر بىر جەڭچىنىڭ يېنىغا نۆۋەت بىلەن كېلىپ يانپاشلاپ يېتىپ، تەكشۈرگۈچ ئەينەكنى مىلتىقنىڭ گاز قايتۇرغۇچىسى ئۈستىگە قويۇپ بىرلا قاراپ سۆزلەپ كېتەتتى، — ھەي سەنزە... قەيەرنى قارىغا ئېلىۋاتىسەن، بولمىدى! مەيدەڭگە پاينەكنى مۇنداق تاقايسەن، سول قولۇڭنىڭ جەينىكىنى مۇنداق ئېگىسەن، پاينەكنى مۇنداق قاماش بىلەن بېگىز بارمىقىڭ داۋاملىق كىرژۇكتا بولىدۇ، — دەپ تەكرارلاپ، يەنە ھەرىكەتنى ئۆزى ئىشلەپ كۆرسىتەتتى. ئۇ بۇ يەرگە چىققان دەسلەپكى قارارنىڭ ئەسكىرى بولۇپ ھەربىي ماھارەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك جاسارەت ۋە پەم - پاراسىتى بار ئىدى.

بۈگۈن يېرىم كۈن قارىغا ئېلىشنى مەشق قىلغاندىن كېيىن، رەسمىي ئوق ئېتىش باشلاندى. ماڭا بېرىلگەن 13 تال ئوقنىڭ ھەممىسىنى دەل جايىغا تەگكۈزدۈم، سەپداشلىرىم شادلىنىپ چاۋاك چېلىپ كېتىشتى، ئۆزۈممۇ جاپالىق مەشقنىڭ لەززىتىنى تېتىپ ھارغىنلىقلىرىمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىم. 13 تال ئوقنى زايا قىلماي جايىغا تەگكۈزۈش مېنى نېمە ئۈچۈن خۇشال قىلمىسۇن، بۇ شەرەپ ئالدى بىلەن ماڭا، ئاندىن بەنگە تەئەللۇق. قاراۋۇللۇق نۆۋىتى ماڭا كېلىپ قالغانىكەن، ياسىن بەنجاڭ تېز بېرىشىمنى بۇيرۇدى. مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇرغان ئەنۋەر ئالدىراپ قاراۋۇلخانىدىن چۈشۈپ مەندىن سورىدى:

— نەچچىنى تەگكۈزدۈڭ؟

— 13 نىڭ ھەممىسىنى!

— راستىما؟

— ئىشەنمىسەڭ بېرىپ سوراپ باق! مەن دېگەن كىم؟ — مەغرۇرانە مەيدەمگە ئۇرۇپ قويدۇم.

— ئۇنداق بولسا ئالدى بىلەن سەلەي پەيجاڭغا رەھمەت ئوقۇ، «قۇتادغۇبىلىگ» دېگەن مەشھۇر كلاسسىك ئەسەردە مۇنداق ئىككى مىسرا بار: «ئارسلانلارغا ئىت باش بولسا، ھەممە ئارسلانلار ئىتقا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئىتلارغا ئارسلان باش بولسا،

ھەمـمـە ئىتلار ئارسلان بولىدۇ.» سەلەي پـەيجاڭ ماھـارەتلىك پەيـجاڭ، شۇڭـا بىزمۇ
بوش كەلمەيمىز، قاراپ تۇر، ئاغىنە، مەنمۇ چوقۇم 13 نى دەل جايىغا تەگـكۈزىـمەن.
ـــ ساڭا ئۈتۈق تىلەيمەن.
ـــ رەھمەت ساڭا.
ئەنـۋەر كېتىپ قالدى. مەن قاراۋۇلخانىغا چىقتىم. بىزنىڭ قاراۋۇلـخانا دېـگىنى
مىز پەيچۇسو دەرۋازىسى ئالـدىدىـكى ئاشۇ ئاق تاشـنىڭ ئۈستى. مەن ئەسكەر بولۇشتىن
ئىلگىرى، ھەربىـي رايـونلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ھەمـدە ناھىيىلىك قورالـلىق ساقـ
چى جۇڭدۈيلەرنىڭ ئالدىدا ئەسكەر پوستا تۇرىدىغان قاراۋۇللۇق بوتكىسىنى كۆرگەن، پوستتا
تۇرغان ئەسكەرلەر كۈن نۇرى، قار ـ بوران، يامغۇردىن ئاشۇ بوتكا ئىچىدە تۇرۇپ پاناھلىناتتى.
بۇ يەردە بىز «توخۇ توگىلىغانسېرى قونداقنىڭ ئېگىزىگە چىقىدۇ» دېگەندەك، مۇشۇ ئېگىز
قورام تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىمىز. «تووۋا، دەيتتىم ئىچىمـدە،ـــ بىزنىڭ بۇ يەرگە ئاشۇنـ
داق قاراۋۇللۇق بوتكىلىرى ياراشمامدىغاندۇ؟ بىز ئەسلى دەرۋازا ئالدىـدا تۇرۇپلا قاراـ
ۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرساقمۇ بولاتتى. قانداقتۇر يېڭى جەڭچىلەر كونا جەڭچىلەرنى
دوراپ مۇشۇ تاش ئۈستىگە چىقىش بىلەن ئۆزلۈكىدىن بۇ تاش قاراۋۇللۇق ئورنى، يەنى
ئۈستى ئوچۇق قاراۋۇلخانىغا ئايلىنىپ قالدى.
يېڭى ئەسكەرلەر لىيەنىدىكى ۋاقىتىمدا چېگرا مۇداپىئە پەيچۇسولـىرىنـىڭ تۇرمۇش
ۋە خىزمەت شارائىتى ناچار، ئىشلار جاپالىق، دېگەن گەپنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. مەن شۇ
چاغدا ئاڭلىغان جاپالىق ئىشلارنىڭ بىرى بەلكى مۇشۇنداق پوستا تۇرۇشتۇ، باشـقا يەنە
قانداق ئىشلار باردۇ، ھە، يەنە ھەربىي مەشىقمۇ بار، مەن تېخى چارلاشـقا چىقىپ باقـ
مىدىم، ماڭا مۇشۇ پەيچۇسونىڭ قورۇسىلا تونۇشلۇق، ئەتراپـتىـكى ئاھالە بىلەن ناتوـ
نۇشمەن. مۇندىن كېيىن مېنى يەنە قانداق جاپالىق ئىشلار كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ؟ ھازىر
ھاۋا سوغۇق، شۇڭلاشقا چارلاشقا چىققانلاردىن باشقىلار ھەر كۈنلۈكى ئوخـشاشـلا سىـ
ياسىي ئۆگىنىش ياكى مەشىق. خۇددى مەكتەپتە دەرسلىك چىڭ تۇتۇلغانـدەك بۇ يەرـ
دىمۇ سىياسىي ئۆگىنىش بىلەن قانۇن ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىش چىڭ تۇتۇلىدىـكەن. ئۇنـ
دىن باشقا پەي بويىچە يىغىن ياكى بەن بويىچە يىغـىن. بەنـلەرنى سېلىـشـتۇرۇپ
باھالاش، جەڭچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى ئىگىـلەش قاتارلىقـلارنى تەكرار ـ تەكـرار
ئېلىپ بارىدىكەنمىز، سېنىڭ يېزىۋاتقان خاتىرەڭدىن تارتىپ، ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىڭغىچە
بەنجاڭ بىلىپ تۇرىدىكەن. ئۆيدىن ماڭار ۋاقتىمـدا بىكار ۋاقـىت چىـقارسام كـۆرۈپ،
ئۆگىنىمەن دەپ بىر نەچچە پارچە رومان ۋە بىرنەچچە پارچـە فىـزىكا، خىـمىـيىـگە
ئائىت كىتابلارنى ئېلىۋالغانىدىم. نەدىكىنى، بۇ يەردە ئۇ كىتابلارنى ئېلىـپ كۆرۈشـكىمۇ
ۋاقىت چىقمىدى. ھەربىي ئۈستاپتا ۋاقىت ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلىدىكەن. ئەتىگەنـ
دە ئورنىمىزدىن تۇرغاندىن تارتىپ تاكى كەچتە ياتقىچە بولغان ئارىلىقتا بىرەر سائەتمۇ
ئىختىيارى ۋاقىت چىقارغىلى بولمايدىكەن. ئەتىگەندىن كەچكىچە مىدىرلاپلا تۇرغانـدىن
كېيىن، كەچتە ئوخلاش ئۈشتىكى چېلىنىش بىلەن تەڭ ياستۇققـا باش قويۇپلا تاتـلىق

ئۇيقۇغا كېتىدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇخلاش پۇشتىكى چېلىنىش بىلەن تەڭ چىراغنى قەتئىي ئۆچۈرۈش كېرەك، خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ بۇيرۇق، قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان بۇيرۇق.

شۇئىرغان ھۇۋلىماقتا، يىراق ـ يېقىندىن ئۇچقان قار توزانلىرى باش كۆزلىرىمگە ئۇرۇلماقتا. كۈن ئولتۇرۇپ، ئالەم قارا لىباسىنى كىيىپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار چاراقلاپ چاقنىغان چاغدا پوستتىن چۈشۈپ ياتاققا كىرسەم، ئەنۋەر مېنىڭ كارىۋىتىمدا جۈۋىسىغا يۆگىنىپ يېتىپتۇ. مىلتىقىمنى كارىۋاتنىڭ بېشىغا يۆلەپ قويۇپ ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— مىجەزىڭ يوقمۇ؟

— زۇكام بولۇپ قالغان ئوخشايمەن، — دېدى ئۇ قاتتىق بىرنى چۈشكۈرۈپ.

— باشقىلار قېنى؟

— ئىككىنچى بەننىڭ ياتىقىدا قانۇن ساۋاتى ئۆگىنىۋاتىدۇ!

— دورا يېدىڭمۇ؟

— يېدىم.

— ئىسسىقراق چۈمكىنىپ ياتساڭ بوپتىكەن.

— پۇت ـ قولۇمنىڭ پەقەتلا ماغدۇرى يوق، ياتار ۋاقىتچە سېنىڭ كارىۋىتىڭدا يېتىپ تۇراي دېدىم. ئەمدى سەنمۇ كىردىڭ، ئۆزۈمنىڭ كارىۋىتىمغا چىقىپ ياتاي، — ئەنۋەر ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.

— بولدىلا، سەن مېنىڭ ئورنۇمدا يېتىۋەر، سېنىڭ ئورنۇڭغا مەن چىقاي، — ئەنۋەرنى كارىۋىتىمغا چۈمكەپ قويدۇم. بۇ پەيچۇسودا ئاشۇ ج خ ئىدارىسى باشقۇرغان چاغدىكى ئۆيلەرلا بولۇپ، يېڭى ئەسكەرلەر كەلگەندىن كېيىن تولۇقلاپ يېڭى ئۆي سېلىنمىغاچقا، ئۆي قىس ئىدى. شۇڭلاشقا بىز بىر بەن ئادەم 14 كارىۋاتنى ئۈستى ـ ئۈستىگە جۈپلەپ قويۇپ مۇشۇ بىر ئېغىز ئۆيدە قىستىلىشىپ ياتاتتۇق، مۇنداق قىلىش بىرىنچىدىن، ئۆينىڭ قىسلىقىدىن بولسا، ئىككىنچىدىن، يېقىلغۇنى تېجەش ئۈچۈن ئىدى. ئەنۋەرنىڭ كارىۋىتى مېنىڭ كارىۋىتىمنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ھايال ئۆتمەي باشقىلارمۇ كىرىپ كەلدى، ياسىن بەنجاڭ ئىككىمىزنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرغانلىقىمىزنى كۆرۈپ باشقىچە پىكىردە بولمىدى. ئۇ نېمىمۇ دېيەلىسۇن. ئەسكەرلىك ھاياتى ھەم جەڭگىۋارلىق، ھەم دوستلۇق، ۋاپادارلىق، مېھرىبانلىققا تولغان ھايات. جەڭچى جەڭچىگە كۆيۈنگەن يەردە بەنجاڭ كۆيۈنمەي باشقا پىكىردە بولامتى؟ ئەتىگەندىن بۇيان مەشىق، ئوق ئېتىش ۋە ئاشۇ ئاپئاق قۇرام تاش ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ نەچچە سائەتلەپ ئۆرە تۇرغاچقا چارچاپ كەتكەنلىكىمدىن چىراغ ئۆچۈرۈلۈش بىلەن تەڭلا ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. بىر چاغدا جىددىي يىغىلىشقا چېلىنغان پۇشتەك ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم، سەپداشلىرىم ئۈن ـ تىنسىز ھەرىكەت قىلماقتا، ياتاقنىڭ ئىچىدە ئادەمنىڭ تىنىقى بىلەن شىنگىلى تاڭىدىغان ھەربىي تاڭلارنىڭ شىرت ـ شىرت قىلغان ئاۋازىدىن باشقا غەيرىي ئاۋاز يوق، جىددىي يىغىلىش پۇشتىكى چېلىنىپ، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، راۋۇرۇس كىيىنىپ جەڭگە ۋار ھالەتتە مەيدانغا چىقىپ بولغىچە بولغان ئارىلىقتا بىزگە بېرىلگەن ۋاقىت ئاران ئۈچ

مىنۇت. مۇشۇ ئۈچ مىنۇت ئىچىدە تولۇق كىيىنىش بىلەن، سۇدان، مىلتىقنى دولىمىزغا ئېسىپ، شىگىلنى تېگىپ يۇدۇپ چىقىشىمىز كېرەك. ئەگەر چاپان، ئىشتاننىڭ بىرەر تۈگمىسى، ئايانىڭ شوينىسى تەلەپكە لايىق ئېتىلمەي قالسا سەلەي پەيجاڭ بىگىز بارمىقىنىڭ ئۇچى بىلەن بۇرنىمىزنى نوقۇيدۇ. بۇ كىشىدىن نېمىدېگەن چاققانلىق تەلەپ قىلىدىغان ھەرىكەت - ھە؟ مۇنداق ئىشنى يۈز قېتىملاپ مەشىق قىلغان بولساممۇ دېگەنىدەك تېز ئەمەس ئىدىم. شۇنداقتىمۇ سەپداشلىرىمنىڭ ئانچە ئارقىسىدا قالمايتتىم. مايمۇندەك چاققان ھەرىكەت بىلەن شىگىلنى تېگىپ دولامغا تاشلاپ بىر پۇتۇمنى پەسكە ئېلىشىم بىلەنلا خۇددى بىرسى ئارقامدىن ئىتتىرىۋەتكەندەك پەسكە دومىلاپ چۈشتۈم، بىر تىزىم ياتاقنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان شىرەنىڭ قىرىغا تەگدى، پېشانەم قارشى تەرەپتىكى كارىۋاتنىڭ بېشىغا تەگدى. ھېلىمۇ ياخشى قۇلاقچامنى باستۇرۇپلا كىيگەنىكەنمەن، بولمىسا پېشانەم يېرىلىپ كېتەركەن. پېشانەمدىن كۆرە تىزىم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. مەن ئاخشام ئەنۋەر بىلەن كارىۋات ئالماشتۇرغانلىقىمنى شۇندىلا ئېسىمگە ئالدىم. قاتتىق ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىپ ئاقسىغان پېتىم مەيدانغا قاراپ چاپتىم، تالا قاپقاراڭغۇ، قاتتىق سوغۇق، شۇۋىرغان ھۇشقىيتاتتى. خۇداغا شۈكرى، ھەر نېمە بولسا ئۈلگۈرۈپ چىقتىم. سەلەي پەيجاڭ دىققەت كوماندىسىنى بەرگەندىن كېيىن ھەممىمىزنىڭ ئالدى-ئارقىمىزغا ئۆتۈپ قول چىرىغىنىڭ يورۇقىدا شىگىللىرىمىزنىڭ تېگىلىشى، كىيىنىشلىرىمىز، قورال، ئوق - دورىلىرىمىزنى بىر قاتاردىن تەكشۈرۈپ چىقتى ۋە كېرىم سوجاڭغا بۇرۇلۇپ دوكلات قىلدى.

— دوكلات سوجاڭ، بىرىنچى بەندىكى كېسەل جەڭچى ئەنۋەردىن باشقىسى تولۇق. بۇيرۇق بېرىڭ!

— پىلان بويىچە ئىلگىرىلىسۇن! — كېرىم سوجاڭنىڭ بۇيرۇقىدىن كېيىن، سەلەي پەيجاڭ ياڭراق ئاۋاز بىلەن كوماندا بەردى.

— ئوڭغا بۇرۇل ...! قەدەملەپ مارش...!

بىر خىل رىتىمدا تاشلانغان قەدەملەر ئاستىدا قېلىن قارلار غىچىرلدايتتى. بىر، ئىككى، بىر! سەلەي پەيجاڭنىڭ ياڭراق كوماندىسى كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، يىراق - يېقىندىكى تاغلارغا ئۇرۇلۇپ ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. بەزىدە كۈچلۈك شۇۋىرغان ئۇنىڭ كوماندا ئاۋازىنى يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كېتەتتى. تىزىم جاننى ئالغۇدەك قاخشىتىپ ئاغرىماقتا. لېۋىمنى چىڭ چىشلەپ، ئاقسىماي مېڭىشقا، ئاغرىقنى يېڭىپ، سەپتىن چۈشۈپ قالماسلىققا تىرىشاتتىم. نەگىچە بارارمىز؟ يوگۈرۈشكە بۇيرۇق بەرمىسە بولاتتى. مەن مۇشۇ يەردىنلا ئارقىمىزغا بۇرۇلۇپ ياتاققا كىرىپ كېتىشنى، سەلەي پەيجاڭنىڭ ھەرىكەتنى بۈگۈن دەل مۇشۇ يەردە بولدى قىلىشىنى ئاللادىن تىلەيتتىم.

— ئورۇلدا تۇر! — بۇيرۇق ماڭا خۇددى قېرى كالىغا پىچاق ياققاندەك ياقتى، ئەمدى سەلەي پەيجاڭ قانداق بۇيرۇق بېرەر؟ ئەگەر يەنە ئىلگىرىلەشكە بۇيرۇق بەرسە قانداق قىلارمەن. دۇنيادا ئەسكەرنىڭ ئۈمىد - ئارزۇسى بويىچە كوماندا بېرىدىغان كوماندىر

|

ئېغى دۇنياغا كەلمىگەن بولسا كېرەك. سەلەي پەيجاك قىلىن قارنى غاچىلدىتىپ دەسسەپ سەپنىڭ باش - ئايىغىغا كوماندىرلارغا خاس مەردانە قىياپەت بىلەن نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن بۇيرۇق بەردى:

— «ئىشپىيون» ئۇلاي جىلغىسى ئىچىدىكى تۈلكە ئۆڭكۈرىگە يوشۇرۇنغان، بىرىنچى بەن شىمال تەرەپتىن، ئىككىنچى بەن جەنۇب تەرەپتىن، ئۈچىنچى بەن غەربىي جەنۇب تەرەپتىن يېتىپ بېرىپ يېرىم سائەت ئىچىدە ئۆڭكۈرنى قامال قىلىش كېرەك. ئالغا...!

ئۇلاي جىلغىسى، تۈلكە ئۆڭكۈرى دېگەن قەيەردە، بۇ ماڭا نامەلۇم، بىز كونا جەڭچىلەرگە ئەگىشىپ كېتىۋاتىمىز. سەلەي پەيجاك 1 - بەننىڭ ئەڭ ئالدىدا يۈگۈرەيتتى. ئاياغلار ئاستىدا قارلار غاچىلدايتتى. ئېگىز - پەس قورام تاشلىقتا چىشىمنى - چىشىمغا بېسىپ يۈگۈرەيتتىم، «قەيەر ئاغرىسا جان شۇيەردە» دېگەن گەپ راست ئىكەن. قەدىمىمنى ھەر قېتىم يۆتكىگەن چاغدا ئاغرىق مېڭەمگە چىقىپ كېتەتتى. باشقىلار چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە شۇڭغۇپ ئىلگىرىلەپ ئۇزاپ كېتىۋاتاتتى. ئەكسىچە مەن بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئارقىدا قېلىۋاتاتتىم. «دوكلات پەيجاك، مەن بولالمىدىم» دەپلا قالايمۇ؟ لېكىن سەپتىن چۈشۈپ قېلىشقا مېنىڭ ۋىجدانىم يول قويمايتتى. مەن چوقۇم يۈگۈرۈشۈم كېرەك، سەپتىن چۈشۈپ قېلىش ياخشى ئەمەس. قېنى يۈگۈرەي، يۈگۈرۈۋاتىمەن، يۈگۈرۈۋاتىمەن، پۇتۇن بەدىنىمنى سوغۇق تەر قاپلاپ، كۆزۈمگە بىر قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ، بېشىم ئايلىنىپ كۆڭلۈم ئېلىشقاندەك بولدى. دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ ئۆزۈمنى كونترول قىلىشقا ئۈلگۈرمەيلا يىقىلدىم. ئۆزۈمنى ئوڭشاپ، تۇرۇشقا تەمشەلگەن بولساممۇ، بىر پۇتۇمنى تارتسام، يەنە بىر پۇتۇم پېتىپ قالاتتى. قەيەرگە ئېسىلسام قارنى قوچاغلاپ پەسكە سىيرىلىپ كېتەتتىم. مەن يىقىلغان يەر، قىش كىرگەندىن بۇيان غىلاڭ يەرلەردىكى قارلارنى، قاتتىق بوران - شۇرىغانلار ئۇچۇرتۇپ كېلىپ تىقىۋەتكەن بىر قار ئازگىلى ئىكەن. ئازگالدىن ئۆمىلەپ چىقىشقا ئامال بولمىدى. ئاھ، خۇدا، مەن ساڭا نېمە قىلغان بولغىيتتىم، كۆز ئالدىمدىن ئالغا ئىلگىرىلەپ كەتكەن سەپداشلىرىم، داشۆگە كەتكەن ئوغۇل - قىز ساۋاقداشلىرىم، ئانام، سىڭلىم بىر بىرلەپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ سىيماسى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى، كۆزلىرىمدىن ھەسرەتلىك ياش تاراملاپ قۇيۇلدى. ئاز ئۆتمەي بىر پۇتۇمنى پەقەتلا مىدىرلىتالمايلا قالدىم. ئاغرىۋاتقان تىزىم ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئۆزۈمنى خۇددى ئازگال ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. مەن راستىنلا مۇشۇ قار ئازگىلىغا چۆكۈپ كېتەرمەنمۇ، ياق! مەن ئۇنداق بوشاڭ يىگىت ئەمەس. شۇ ئەسنادا ياسىن بەنجاڭنىڭ «جاسارەت...!» دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن «ھە» دەي دېسەممۇ دېمىم ئىچىمگە چۈشۈپ كېتىپ خۇددى غايىپتىن بىر قول كېلىپ گېلىمنى بوغۇۋالغاندەك ئاۋازىم زادىلا چىقمىدى.

— جاسارەت، سەن قەيەردە ... ؟! — ياسىن بەنجاڭنىڭ ئاۋازى يېقىن ئەتراپتا قايتا ياڭراشقا باشلىدى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۈن چىقىرىپ «مەن بۇ يەردە» دەپ بەلگە بېرەيمۇ؟ ياق! ئۇنداق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ! شۇ چاغدا ئېسىمگە داۋاملىق يانچۇقۇمغا سېلىپ يۈرۈيدىغان قەلەم شەكىللىك كىچىك قول چىرىغىم كەلدى. تەستە چاپىنىمنىڭ

يان يانچۇقنى ئاختۇردۇم، تەلىيىمگە قول چىراغ بار ئىكەن. قولۇمغا ئېلىپلا ئاسمانغا قارىتىپ ياقتىم. چىراغ نۇرى قاراڭغۇلۇقنى يىرۇتۇپ ھاۋاغا تىك كۆتۈرۈلدى، ھايال ئۆتمەي ياسىن بەنجاڭ باشلىق سەپداشلىرىم يېتىپ كەلدى. تەخمىنەن ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قار ئازگىلىدىن ئۇلار مېنى تەسلىكتە تارتىپ چىقاردى، ياسىن بەنجاڭ مېنى خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك ھاپاشلاپ ياتاققا ئېلىپ ماڭدى ...



ئەتىسى ئەتىگەندە كېرىم سوجاڭ 60 ياشلار چامىسىدىكى ئېگىز بويلۇق، چاڭگىلا ساقال، سالۋا تۇماق بىر كىشىنى ياتاققا باشلاپ، كىرىپ ماڭا تونۇشتۇردى:

— بۇ كىشى مامۇت ئاكا بولىدۇ، يەرلىك ئۇستا تېۋىپچى، ئاتۇشتىكى سامساق تېۋىپچىدەك نامى مەشھۇر بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا مۇشۇ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ئادەم، مەن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئاتتىن يىقىلىپ قولۇم سۇنۇپ كەتكەندە مۇشۇ كىشى تېڭىپ ساقايتقان. قېنى تىزىڭنى ئاچقىنا، كۆرۈپ باقسۇن.

بۇ تېۋىپچىغا قاراپ كۆڭلۈمدە قايىل بولمىساممۇ، كېرىم سوجاڭنىڭ ئالدىدا ئامالسىز تىزىمنى ئاچتىم. مامۇت ئاكا تىزىمنى بىرھازا سىيلاپ كۆرۈپ، پۇتۇمنى بىردەم ئېگىز، بىردەم پەس قىلىپ، بىر ئىككى قېتىم يۇمشاق مىجىغاندىن كېيىن، دېدى:

— چوڭ مەسىلە يوق. شىرەنىڭ قىرىغا قاتتىق تېگىپ كەتكەنلىكتىن مۇشۇنداق ئىششىپ كەتكەن. سۆڭەكتە زەخمە يوق.

دېگەندەك تىزىم خۇددى تاۋاقنى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك كۆپۈپ يوغىناپ كەتكەنىدى. كۆڭلۈمدە: ھەقىچان تېۋىپچى بىر نەرسە قىلالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن كېرىم سوجاڭ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بۇيرۇسا، مۇشۇ پۇرسەتتە ئانام بىلەن سىڭلىمنى كۆرۈپ، پۇخادىن چىققۇدەك مۇڭدىشىۋالارمەن، دوستلىرىم بىلەن قانغۇچە پاراڭ سېلىپ، بىرنەچچە كېچىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەرمەن، دېگەن ئۈمىد پەيدا بولدى.

— ئىششىقنى قانداق قىلىمىز، بىزدە ھازىر ئىششىقنى ياندۇرىدىغان دورا يوق، — دېدى كېرىم سوجاڭ.

مەندە ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىش ئۈمىدى تېخىمۇ كۈچەيدى - دە، بەكرەك ئىڭىراشقا باشلىدىم، ئەمدى بۇ قېرىنىڭ ئامالى يوق دەيتتىم ئىچىمدە،

كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش بولىدىغان بولدى، مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ياز كېتىپ قىش كەلدى. ئانامنى، سىڭلىمنى كۆرمىگىلى بىر يىلچە بوپتۇ، مۇشۇ سەۋەب بىلەن بېرىپ كۆرۈشۈۋالىدىغان بولدۇم. مامۇت ئاكا كېرىم سوجاڭغا قاراپ مۇلايىملىق بىلەن:

— بۇنىڭ كارى چاغلىق، ئەنسىرىمەڭ، بىرنەچچە تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن شاقداپ تېڭىپ قويساقلا 3 - 4 كۈندە ئۇڭشىلىپ كېتىدۇ، — دېدى.

ئاشپەز ھەش - پەش دېگۈچە بىر نەچچە تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ كىردى. مامۇت ئاكا تۇخۇمنى تاۋاققا چېقىپ، ئېقىنى چۇكا بىلەن تاكى كۆپۈكلەشكىچە قوچۇپ ئاندىن تىزىمغا چېپىپ ئۈستىنى خام بىلەن تېڭىۋەتتى، ئاندىن ماڭا قاراپ:

— خاتىرجەم يېتىپ ئارام ئال يىگىت، بىر نەچچە كۈندە ئۇڭشىلىپ كېتىسەن، — دېدى. كېرىم سوجاڭمۇ دولامغا قولىنى قويۇپ تۇرۇپ:

— ئوبدان ئارام ئال، زېرىكسەڭ كىتاب ئوقۇغىن، مەنمۇ پات - پات كىرىپ سېنى يوقلاپ تۇرىمەن، — دەپ مامۇت ئاكىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىش، ئانام، سىڭلىمنى كۆرۈش، دوستلىرىم بىلەن قانغۇچە مۇڭدىشىش ئارزۇيۇم شېرىن چۈشكە ئوخشاش بىردەمدىلا كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى. نېمە ئامال؟ ماڭا چوڭ دوختۇرخانىغا بېرىش نېسىپ بولمىدى.

شۇ كۈنى كېرىم سوجاڭ ئىككى قېتىم كىرىپ مېنى يوقلىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ مېنى يوقلاپ كىرىپ يېنىمدا ئولتۇرۇپ بىردەم ئۇنى - بۇنى سورىغاندىن كېيىن، ماڭا بىر پارچە خەتنى بېرىپ چىقىپ كەتتى. بۇ كىمدىن كەلگەن خەتكىن؟ كونۋېرتنى ئېلىپ ئادرېسىغا قارىدىم. «شىنجاڭ داشۆ فىزىكا فاكۇلتېتى. ئامانگۈلدىن». پاھ، بۇ ئامانگۈلنىڭ خېتى ئىكەنغۇ؟ ئامانگۈل مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئۈچ يىل بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئىدى. ئىلگىرى ئىككىمىز ياخشى ئۆتەتتۇق، بىر - بىرىمىزنى چۈشىنەتتۇق. كېيىن ئۇ داشۆگە كەتتى، مەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالدىم. كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا خەت يېزىش ئىستىكى بولسىمۇ، جۈرئەت قىلالمىغاندىم، بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، داشۆگە بارالمىغاندىن كېيىنكى روھىي ئازاب بىلەن كەيپىياتىمدىكى چېچىلاڭغۇلۇق ۋە ئۆزۈمنى پەس، يارامسىز كۆرگەنلىكىمدىن بولسا كېرەك، چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە داشۆ ئوقۇغۇچىسى دېگەن ئالاھىدە بەختلىك ئادەم ھېسابلىناتتى، شۇڭلاشقا، مەندەك بەختسىزلەرنىڭ ئەمدى ئۇلارغا خەت يېزىپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىش ھوقۇقى يوق، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا مەن قاتاردىن قالغان يارامسىز ئادەم، دەپ ئويلايتتىم. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭغا خەت يازمىغان. ئۇ نېمە دەپ يازغاندۇ؟ مېنىڭ ئادرېسىمنى قانداق بىلگەندۇ؟ كونۋېرتنى ئېچىپ خەتنى ئوقۇدۇم:

«جاسارەت، ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ سېنىڭ ھەربىي قىسىمغا كىرگەنلىكىڭنى تەبرىكلەيمەن، ساڭا مۇبارەك بولسۇن. ئەسلىدىمۇ سەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق، ھەربىي بولۇشقا تېگىشلىك ئىرادىلىك يىگىت ئىدىڭ، بەك ياخشى بوپتۇ. گازارما تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغانسەن؟ چېگرا تۇرمۇشى بەلكى جاپالىقتۇ، لېكىن ئىرادىلىك كىشىلەر ئالدىدا

جاپا ـ مۇشەققەت دېگەن ھېچقانچە گەپ ئەمەس. جاسارەت، مەن داشۆگە كەلگەندىن كېيىن سېنى خەت يازىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەكسىچە سەندىن بىرەر پارچىمۇ خەت كەلمىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ يۈردۇم، شۇنداق بولسىمۇ سېنى ئەيىبلىمەيمەن. بۇ سېنى ۋە سېنىڭ قەلبىڭنى چۈشەنگەنلىكىمدىن. جاسارەت مەن بۇ يىل يازلىق تەتىلدە ئۆيگە باردىم، سېنىڭ ئۆيۈڭگە كىرىپ ئاناڭ، سىڭلىڭ بىلەن ئۇزۇن مۇڭداشتىم، ئۇلار سېنىڭ بارلىق ئەھۋالىڭنى سۆزلەپ بەردى. ئادرېسىڭنى شۇ چاغدا بىلىۋالغانىدىم. شۇڭا ساڭا خەت يېزىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

جاسارەت، مېنىڭ ئوقۇشۇممۇ يامان ئەمەس كېتىۋاتىدۇ، سېنىڭ خىزمەتلىرىڭ قانداقراق؟ مەن بۇلارنى بىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، ئۆگىنىشنى تاشلىۋەتتىڭمۇ ياكى ئانچە ـ مۇنچە كىتاب كۆرۈپ تۇرۇۋاتامسەن؟ جاسارەت، مېنىڭ يەكەنلىك بىر ساۋاق- دىشىم بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىنىسى يېقىندا ھەربىي قىسىمدىن ئىمتىھان بېرىپ «ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە كوماندىرلار مەكتىپى» گە كەپتۇ، سەن ئوقۇشۇپ باق، مەن سېنىڭ ئىمتىھان بېرىپ مۇشۇنداق مەكتەپلەرگە كېلىشىڭنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، بىلىمەن، سېنىڭ ئارزۇيۇڭ داشۆدە ئوقۇش ئىدى، ئەگەر مۇنداق مەكتەپلەرگە كېلەلمىسەڭمۇ ھەر- گىز ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە. بىر كىشىنىڭ ئىستىقبالى ھەرگىز داشۆدە ئوقۇش بىلەنلا ۋايىغا يەتمەيدۇ. دۇنيادا داشۆنىڭ بوسۇغىسىغا كىرمەي تۇرۇپمۇ ئالەمشۇمۇل كەشپىيات- لارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان كىشىلەر بار. داشۆدە ئون يىللاپ بىلىم ئېلىپ، ئالەمدىن ئۈن- تىنسىز ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەرمۇ سانسىز. ئىرادىلىك كىشىلەر ھامان كۆزلىگەن نىشانىغا يېتەلەيدۇ. ھازىر بىلىم ئېلىشنىڭ يولى داغدام. ئەگەر ھەربىي مەكتەپكە كىرەلمىسەڭ، ھەربىيدىن قايتقاندىن كېيىن «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش داشۆسى» دە ئوقۇساڭمۇ كېچىك- مەيسەن. جاسارەت، مەن داشۆگە كىرەلمىدىم دەپ ھەرگىز كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما. كىتاب ئوقۇشنى تاشلىما، ئەگەر ماتېرىيال لازىم بولسا ماڭا خەت ياز. مەن ئەۋەتىپ بېرىمەن، ساڭا سالامەتلىك تىلەپ:

ئامانگۈل»

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ مەيدەمگە باستىم. ئامانگۈل توغرا ئېيتىدۇ. ئامانگۈلمۇ خۇددى غالىپقا ئوخشاش ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىدىكەن. توغرا، بىلىم ئېلىش- نىڭ يولى يالغۇز داشۆدە ئوقۇشلا ئەمەس. بۇ خەت مېنىڭ قاراڭغۇ دىلىمنى يورۇتتى. بىزنىڭ قوراللىق ساقچى قىسىمدىن ئۈرۈمچى قۇرۇقلۇق ئارمىيە كوماندىرلار مەكتىپىگە ئادەم ئالمايدۇ، بۇنى ئامانگۈل بىلمىسە كېرەك. ئۇ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كو- ماندىرلار مەكتىپى. لېكىن بىزنىڭ قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭمۇ كوماندىرلار مەكتىپى بارغۇ؟ بىزنىڭ سەلەي پەيجاڭ ئەسكەرلىكتىن بېرىپ ئەشۇ مەكتەپتە ئوقۇغان. توغرا، مەنمۇ شۇ مەكتەپكە بېرىشىم كېرەك، بۇ مەكتەپكە بېرىش ئۈچۈنمۇ بىلىم كېرەك، ئامانگۈل سەن ئېيتمىدىكەن ياخشى، سەن دېمىگەن بولساڭ، مەن

بۇلارنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. كارىۋاتتىن چۈشۈپ شىرەنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە ئامالگۈلگە خەت يېزىشقا باشلىدىم...

## «مۇزخانىدىن» «تۇزخانىغا»

تېڭىق ئۈچ قېتىم ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تىزىم پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتى. ئات بېقىشقا تەقسىم قىلىنىپ، ئاتخانىدىن ئورۇن ئالغىنىمغىمۇ بىر ئايدىن ئاشتى. چوڭ شەھەرلەردە بولمىسىمۇ ناھىيە بازىرىدا چوڭ بولغان ئادەم ئۈچۈن ئات بېقىش دېگەن ئاسانغا چۈشىدىغان ئىشمۇ؟ راست، ئادەم بالىسى قىلالمايدىغان ئىش، ئۆگىنەلمەيدىغان ھۈنەر يوق ئىكەن. ئات بېقىشقا تەقسىم قىلىنغان دەسلەپكى كۈنى كېرىم سوجاڭ ماڭا:

— ئات بېقىش قارىماققا ئادەتتىكى ئىشتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق بىر يۈرۈش قانۇنىيەتلىرى بار، لېكىن كۆڭۈل قويساڭلا ئۆگىنىۋالىسەن. سەن ئەسكەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى مىلتىق ئېتىشنى بىلەمتىڭ؟ چامباشچىلىقنى بىلەمتىڭ؟ ھازىر ھەممىنى ئۆگەندىڭ. ئادەم دېگەن ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك، — دېدى.

— بولىدۇ، سوجاڭ، — دېدىم ۋەدە بېرىپ، - دېگىنىڭىزدەك قىلىشقا تىرىشىمەن.

ئەمدى بۇ كەڭرى ئاتخانىدا 25 ھەربىي ئاتنىڭ كېلى ماڭا قاراشلىق ئىدى. ھەر كۈنى ئۈچ ئات نۆۋەت بىلەن چېگرىغا مېڭىپ تۇراتتى. ھەر بىر ئاتنىڭ ئوقۇرىنى كۈنىگە ئىككى قېتىم پاك-پاكىز سۈپۈرەتتىم، ئاياغلىرىنى تازىلايتتىم. ئوت-سامانىنى ئۆتكەمىدە، قوناقنى غەلۋىردە تاسقايتتىم، سەللا بىخەستەلىك قىلسام، يەمگە ئاز-تولا توپا-توزان ئارىلىشىپ قالسا، ئاتلار ھازىرلا خۇددى كۆككىيۆتەل بولۇپ قالغان كىشىدەك ئۆزمەي ئۆھۆلدەپ يۆتىلىپ ئۆپكىسىنى قاقاتتى. ئوتقا قويۇش، سۇغۇرۇش، تاڭشۇرۇش، سۇۋۇتۇش قاتارلىق ئىشلار جايىدا بولمىسا بىردەمدىلا كېسەل قالاتتى. بىزنىڭ سەلەي پەيجاڭ جەڭچى ۋاقتىدا بىر يىل ئات باققانىكەن، شۇڭلاشقا ئۇ، بىرەر ئات يۆتىلىپ قالسا قاپىقىنى تۈرۈپ «سەنزە جاسارەت، ئوقۇرنى پاكىز سۈپۈرمەپسەن-ھە؟» دەپ خۇددى مەن ئاتقا يەم بەرگەندە ئوقۇرنىڭ قېشىدا باردەك گەپ قىلاتتى. ئەگەر بىرەر ئات ئاقساپ قالغان بولسا: «ھېرىپ كەلگەن ئاتنى سۇۋۇتمايلا يەمگە قويۇپسەن-ھە؟» دەپ ئەيىبلەپ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى، ئات دېگەن ھەم قۇدرەتلىك ھەم نازۇك ھايۋانىكەن. ئەگەر ھەممە ئىشنى جايىدا قىلساڭ سىنىڭ سۇۋۇتۇشۇڭ، يەم بېرىشىڭ، تاڭشۇرۇشۇڭ، ئېغىلنىڭ پاكىزلىكى ئاتنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ماس كەلسە تۆت كۈندە تۈكلىرى پارقىراپ، تۇلپاردەك بولۇپ كېتىدىكەن، ياخشى باقمىساڭ بىرنەچچە كۈندىلا تۆتلىك ئېتىمدىن چۈشۈپ، تۈكلىرى تەتۈر يېنىپ كۆزلىرىدە چاپاق قايناپ چىۋىن ئۇۋۇنلايدىكەن. مەن كىچىك ۋاقتىمدا بىراۋدىن «كۈچلۈك ھەربىي قوماندان قولىدا ئاجىز ئەسكەر بولمايدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان. سەلەي

پەيجاڭدەك تەجرىبىلىك، جاسارەتلىك كوماندىرنىڭ قولىدا ھەر قانداق بىر ئىشتا ئەستايىدىل بولماي مۇمكىن ئەمەس. دېمەك ئات بېقىش كىشىدىن ئىنتايىن زىللىق ۋە ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلاتتى. ئوت - چۆپ توغراش، ئېغىل قۇرۇغداش ئىشلىرىدا بەزىدە ياسىن بەنجاڭ 1 - بەننىڭ جەڭچىلىرىنى باشلاپ كېلىپ ياردەم قىلسا، كۆپىنچە ھاللاردا ئەنۋەر ئۆزىنىڭ دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى مەن ئۈچۈن قۇربان قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئات بېقىشنى بىر ئايدىلا ئۆگىنىۋالدىم. ئەمدى سەلەي پەيجاڭ كۆزۈمگە كىرىۋالمايدىغان بولدى.

چېگرا چارلاشقا چىقىدىغان رازۋېتچىكلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئاتخانا ئالدىدا پەيدا بولىدۇ. ئاتلارنى توقۇپ تەييار قىلىپ، يۈگەننى قولىغا تۇتقازغاندىن كېيىن ئۇلار لىككىدە مىنىپ چېگرا لىنىيىسىگە قاراپ يول ئالىدۇ. چېگرا چارلاشقا ماڭغۇچىلار ئىچىدە كونا جەڭچىلەرمۇ، يېڭى جەڭچىلەرمۇ بار. مەن تېخى پەيچۇسو قورۇسى بىلەن ئاتخانا ھەمدە بۇ يەردىن بىر كىلومېتىردەك نېرىدىكى ئات سۇغىرىدىغان بۇلاقتىن باشقىسىنى بىلمەيمەن. رازۋېتچىكلار ئاتلارنى مىنىپ كەتكەندىن كېيىن بېدە توغراش، ئوقۇر سۈپۈرۈش بىلەن بولىمەن. قوناق تاسقايمەن، ئەمدى ئۇھ دەپ قولۇمغا بىرەر كىتابنى ئېلىپ تۇرۇشۇمغا تونۇگۈن رازۋېتكىغا كەتكەنلەر ئاتلارنى تەرلىتىپ چاپقان پېتى خۇددى تاغنى - تالقان، باغنى - بوستان قىلىپ بەرگەندەك ھەيۋەت بىلەن كېلىپ مەغرۇر قىياپەتتە ئاتتىن چۈشۈپ، يۈگەننى ماڭا تۇتقۇزۇپلا ياتاققا قاراپ ماڭىدۇ. ئاتلارنى سۇۋۇتۇپ، ئوتقاقويۇش بىلەن مېنىڭ تاكى يېرىم كېچىگىچە ئىشىم تۈگىمەيدۇ. باشقىلار ئۇخلاشقا پۇشتەك چېلىنىش بىلەن چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئىسسىق يوتقاندىن ئورۇن ئالىدۇ. ماڭا يەنە ئىسسىق يوتقاندا پۇت - قولۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ سوزۇلۇپ يېتىش نېسىپ بولمايدۇ. باشقىلار ئۇخلاپ قېتىپ قالغاندا، ئاندىن سىيلاپ - سىيپاپ يوتقاننى تاپىمەن. مۇشۇنداق تۈگىمەس ئۇششاق ئىشلار بىلەن بۇ يەردە ئادەم نېمەلەرنى ئۆگىنەلەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ يېقىندىن بۇيان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن تېزىسلار» دېگەن كىتابنى ئوقۇرنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇپ تۈگەتتىم. بۇ مەن ئۈچۈن بىر يېڭىلىق ھەم مۆجىزە دېسە بولىدۇ. مۇشۇ جەرياندا ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىپ يەتتىم، ئىلگىرى لەلەڭشىپ ئويناپ ئۆتكۈزۋەتكەن كۈنلىرىمنى ئەسكە ئالسام كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ. ئاخشامدا كەچ ياتقىنىم بىلەن ئەتىگىنى يەنە باشقىلاردىن بىر سائەت ئىلگىرى ئورنۇمدىن تۇرۇپ چالا ئۇيقۇلۇقتا ئەسنەپ يۈرۈپ، سەھەردە چېگرىغا ماڭىدىغانلارغا ئات توقۇپ تەييار قىلىمەن. ئۇلار ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئات مىنىپ چارلاشقا ماڭغاندا مەن ئاتخانا ئىشىكىدە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بويىنۇمنى قىسىپ قاراپ قالىمەن. ئىچىمدە، ھەي، مەنمۇ قاچان بۇ لەنىتى ئاتخانىدىن چىقىپ ئاشۇلارغا ئوخشاش توقۇپ تەييار قىلىپ بەرگەن ئاتنى مىنىپ، تاغ ئارىلاپ چىقىپ كېتەرمەن، دەپ ئويلايمەن، كادىرلارغۇ مەيلى، مەن بىلەن بىرگە كەلگەن جەڭچىلەرمۇ ئات ئۈستىگە چىققاندا كۆرەڭلەپ ئۆزىنى بىلمەيلا قالىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئىچىم قاينايدۇ. ئۆزۈم

بىلەن تەڭ كەلگەن سويمىلارغا يەنە مەن ئات توقۇپ قۇاچلىق قىلىۋاتقاندەك، ئۇلار ماڭا خوجايىنلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ قورسىقىم كۆپىدۇ. مۇنداق چاغلاردا يەنە «ھەي جاسارەت، چىدا، يەنە چىدا، پەقەت چىداملىق كىشىلەرلا ئۆز ئىشىنى ئاخىرىغىچە قىلالايدۇ. ئەسكەر بولغانىكەنسەن، ئەسكىرىي خىزمەتنىڭ ھەر خىل جاپالىرىغا چىداش كېرەك. ھازىر تىنچلىق شارائىت. سەن تىنچلىق ئىچىدىكى ئەسكەر، سېنىڭ ئالدىڭدا جېنىڭغا تەھدىت سېلىپ يىراقتا يوشۇرۇنۇپ ساڭا مىلتىقىنى بەتلەپ تۇرغان دۈشمەن يوق. ئەگەر شۇنداق بولغاندا قانداق قىلاتتىڭ؟ شۇ شارائىتنىڭ، شۇ كۈنلەرنىڭ جاپاسىغىمۇ چىدىماي ئامالىڭ يوق ئىدى. مۇنچىلىك ئىش، قانچىلىك ئىشتى» دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم، ئاتخانىدىكى ئىشلارنىڭ ئېپىنى بىلگەنسېرى كىتاب كۆرۈشكە خاتىرە يېزىشقا ئانچە - مۇنچە ۋاقىت ئاجرىتالايدىغان بولدۇم.

بۈگۈن ئەتىگەندە چارلاشقا ماڭىدىغانلارغا ئات توقۇپ ماڭدۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، يېدە توغراۋاتاتتىم. ئەنۋەر كىرىپ كەلدى:

— بۇ ساڭا بىر قىزدىن كەلگەن خەتكەن، كېرىم سوجاڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا «بۇنى جاسارەتكە ئەكىرىپ بەر» دەيدۇ، — دەپ بىر پارچە خەتنى بەردى. بۇ ئامانگۈلدىن كەلگەن خەت ئىدى.

— قانداق قىلىمىز؟ — دېدىم ئەنۋەرگە قاراپ، — ئۇلار بىزگە خەت يازغانىكەن، بىزمۇ خەت يازىمىز. ئۇلارغا «مەن ھەربىي، ماڭا خەت يازما» دېگىلى بولاتتىمۇ؟

— كادىرلار قىزلاردىن كەلگەن خەتلەر جەڭچىلەرنىڭ ھېسسىياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلىمەيدۇ، دەپ قارايدىكەن، شۇڭا ئۇلار خاپا بولىدىكەن، — ئەنۋەر شۇنداق دەپلا كېتىپ قالدى.

ئەنۋەرنىڭ دېگىنى راست ئىدى. قايسى بىر جەڭچىگە قىزلاردىن تولا خەت كەلسە كادىرلارنىڭ شۇ جەڭچىگە نىسبەتەن قارىشى ئۆزگىرىپ قالاتتى. ئىلگىرى شۇنداق ئىشلار بولغانىكەن، بەزى جەڭچىلەر كېچە - كۈندۈز مۇھەببىتىنى ئويلاپ، خىزمەتتە ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن. بۇيرۇغان ئىشنى ياخشى قىلمىغان. ھەتتا كوماندىرلارغا دولىسىنى چىقىرىپ، ئۈچ يىللىق مەجبۇرىيەت توشەپ بولغىچە بالدۇرراق كېتىشنىڭ قارىنىنى ئاسقان، شۇنىڭ بىلەن كوماندىرلار جەڭچىلەرگە قىزلاردىن كەلگەن خەتنى تىزگىنلەيدىغان بولغان. ئامانگۈلدىن ماڭا مۇشۇنىڭ بىلەن ئىككى قېتىم خەت كەلدى. بۇ ئىككىنچى قېتىملىق خېتى ئىدى. شۇ ۋەجىدىن كېرىم سوجاڭنىڭ قاپىقى تۈرۈلۈپ قالغان. بەلكى كېرىم سوجاڭ مەندىن ئەنسىرىگەندۇ؟ خەتنى ئاچتىم:

«جاسارەت، خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپلاندىم. مەن ئىلگىرى ھەربىي تۇرمۇشنى چۈشەنمەيتتىم، پەقەت كىتابلاردىن شائىرلارنىڭ ‹چېگرا جەڭچىسىگە› دېگەن مەدھىيە شېئىرلىرىنىلا ئوقۇغانىمەن. قارىغاندا، شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى باشقا گەپ، ھەربىي تۇرمۇش باشقا گەپ ئىكەن. ھازىرقى زامانىڭ جاپاسىنى پەقەت چېگرىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەرلا تارتىۋاتقان ئوخشايدۇ. جاسارەت مەن سىلەرنىڭ كوماندىرىڭلارغا يىراقتىن چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. بۈگۈنكى كۈندە سىياسەت كەڭرى

قويۇۋېتىلدى. باي بولۇشىنىڭ داغدام يولىدا ھەممە ئادەم ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ، باي بولۇشنىڭ كويىدا بولۇۋاتىدۇ. دۆلەت كادىرلىرى، ھەتتا بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئىچىدىمۇ سەككىز سائەت ئىشتىن سىرتقى ۋاقتىنى قوشۇمچە كىرىمگە ئاجرىتىۋاتقانلار بار. ھەتتا بەزىلەر شەرەپلىك خىزمەتلىرىدىن چېكىنىپ سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. بەزىلەر كارخانىلارنى ھۆددىگە ئالدى. بەزىلەر پارىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ ۋە خىزمەتتىكى قولايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىۋاتىدۇ. لېكىن سىلەرنىڭ كوماندىرلىرىڭلار ئىسسىق ئۆي ۋە ئائىلە مېھرىدىن كېچىپ، خوتۇن - بالا-چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ، ئېگىز تاغدا سىلەر بىلەن بىللە يېتىپ - قوپۇپ، ئوتتۇڭلاردا كۆيۈپ، سۆيۈنگىلەردە ئېقىپ ۋەتىنىمىزنىڭ ئامانلىقى، خەلقىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن ئۆز شەخسىيىتىنى قۇربان قىلىۋېتىپتۇ. ھازىرقى كۈندە مۇنداق ئىستىل ۋە پەزىلەتنى قەدىرلەش كېرەك. مەن سېنىڭ يازغان خېتىڭدىنلا مۇشۇنداق قاراشقا كەلدىم. جاسارەت، چېگرىدا سىلەردەك پاسىبانلار بولمىسا، بىز مەكتەپتە خاتىرجەم ئوقۇيالامتۇق؟ دېھقانلار خاتىرجەم يەر تېرىيالامتى؟ ئالىملار، ئىنژېنېرلار خاتىرجەم ئولتۇرۇپ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنالامتى؟ ئەمدى بىلدىم، سىلەرنىڭ تارتقان جاپايىڭلار بىزنىڭ راھىتىمىز ئۈچۈنكەن. سەن خېتىڭدە ھەربىي تۇرمۇشنىڭ جاپاسىدىن ۋايساپسەن، بۇ توغرىدا سېنى ئەيىبكە بۇيرۇمايمەن. سەن ۋايسىمىغان بولساڭ، مەن يۇقىرىقى ھەقىقەتنى بىلمىگەن بولاتتىم. جاسارەت، مەن يېقىندا بىر كىتابتىن 18 - ئەسىردىكى فرانسىيە ئىمپېراتورى ناپالېئوننىڭ «ئوفىتسېر بولۇشنى ئويلىمىغان ئەسكەر ياخشى ئەسكەر ئەمەس» دېگەن بىر جۈملە سۆزىنى كۆرۈپ قالدىم. گەرچە ناپالېئون داڭلىق ئىستېلاچى ۋە بۇرژۇئا ھەربىي ئالىمى بولسىمۇ، ئۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزىدە كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان ھەقىقەت بار. مەن سېنىڭ بىر ياخشى كوماندىر بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىلىمەن...»

خەتنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە يېنىمدا بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام كېرىم سوجاڭ ئىكەن. كېرىم سوجاڭ ماڭا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— ھە، جاسارەت، ھېلىقى خەتنى ئوقۇۋاتامسەن؟

— شۇنداق سوجاڭ. بۇ قىز مېنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدا بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ئىدى.

— ئۇ ھازىر داشۆدىمۇ؟

— شۇنداق، ئۇ داشۆگە كەتكەن. مەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي...— گېپىمنىڭ داۋامىنى ئىچىمگە يۇتۇۋېتىپ خەتنى پۈرلاپ يانچۇقۇمغا سېلىپ بېدە توغراش ئۈچۈن جادۇغا ئېڭىشتىم.

— قېنى ئۇكام، ئولتۇرغىن، ئىككىمىز بىردەم مۇڭدىشايلى، سەل تۇرۇپ بېدىنى بىرگە توغرايمىز،— دېدى كېرىم سوجاڭ. ئۇ ئۆزىمۇ يېنىمدا بېدە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ بىر تال تاماكا ئوراپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سەن قىسمىغا كەلگەندىن كېيىن ھەر جەھەتتىن ياخشى ئىشلەۋاتىسەن. بەلكى ئەسكەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى سېرىق چاپاننىڭ مۇنچىۋالا جاپاسى بارلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەن بولغىيدىڭ، لېكىن سەن چىدىدىڭ. سېنىڭ كەلگۈسى ئىستىقباللىڭدىن ئۈمىد بار. سەن چوقۇم ئۆز تۇرمۇشىڭنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالايسەن، مۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، سەن مېھنەتنى ياقتۇرىسەن، سەندە سەۋىيە بار. بىلىمەن، سەن ئىلىم-پەنگە ھۆرمەت قىلىسەن، بىلىمگە ئىشتىياق باغلىغان، بىز بۇ يەردە سېنىڭ كىتاب ئوقۇشۇڭ ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرەلمىدۇق. مەن باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە. 1964-يىلى ئەسكەرگە كىرىپ، شىزاڭ ئالىي رايونىدا تۇردۇم. 1969-يىلى ئەسكەرلىكتىن چېكىندىم. 1971-يىلى ج خ ئىدارىسىگە كېلىپ مۇشۇ پەيچۇسوغا چىقتىم. 1980-يىلى قوراللىق ساقچى قىسىم قۇرۇلدى، مەن يەنە مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمەن. مەن نېمىشقا مۇشۇ يەردە تۇردۇم؟ مەن مۇنداق دەپ ساڭا ئۆزۈمنىڭ خىزمەت ستاژىمنى پەش قىلماقچى ئەمەس، مېنىڭ قولۇمدا سېنىڭدەك جەڭچىدىن نەچچە يۈزى تۇردى. بەزىلىرى ھەربىي مەجبۇرىيەت ۋاقتىنى توشقۇزۇپ شەرەپ بىلەن قايتتى، نەچچىسى كادىر بولۇپ قالدى. مەن پەقەت سېنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشۇڭنى تىلەيمەن. راستىنى ئېيتسام سەندىن يېقىندىن بۇيان ئەنسىرەپ قالدىم، شۇنداقتىمۇ ساڭا ئىشىنىمەن.

— سوجاڭ، مەندىن نېمىشقا ئەنسىرەپ قالغانلىقىڭىزنى سورىسام بولامدۇ؟

— ئەگەر كۆڭلۈڭگە كەلمىسە ئېيتىپ بېرىمەن.

— مېنى خاتىرجەم بولسۇن دېسىڭىز كۆڭلىڭىزدە نېمە بولسا دەۋېرىڭ. كىشى ئۆز ئەيىبىنى ئۆزى بىلىپ كېتەلمەيدۇ. مەندىن ئۆتكەن ھەر قانداق سەۋەنلىك بولسا، ماڭا كۆرسىتىپ بېرىڭ، ئۆزگەرتىشكە، تۈزىتىشكە تىرىشىمەن.

— يېقىندىن بۇيان، داشۆدە ئوقۇۋاتقان بىر قىزدىن ساڭا خەت كېلىۋاتىدۇ. بىلىشىمچە، بۇ قىز سېنىڭ بۇرۇنقى ساۋاقدىشىڭ ياكى مۇھەببىتىڭ. ئۇ سەندىن نېمىنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ؟ مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇ چوڭ شەھەردە، بىر بولسا سەندىن پۇل تەلەپ قىلىدۇ، مۇنداق بولسا سەن تەڭقىسلىقتا قالىسەن-دە، خىزمەتتە خاتىرجەم بولالمايسەن، چۈنكى سىلەر مائاشلىق ئەمەس، ئەگەر، ئۇنداق دېمىگەندە ئەسكەردىن بالدۇرراق قايتىپ خىزمەت تاپ دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن يەنە سېنىڭ خاتىرجەملىكىڭ بۇزۇلىدۇ. قانداق دەيسەن؟ — كېرىم سوجاڭ ماڭا قارىدى. مەن بىزنىڭ كوماندىرلارنىڭ ئىشنى مۇنداق ئىنچىكە ئويلايدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىكەنمەن. بىزنىڭ كوماندىرلار جەڭچىلەرگە ئېغىزدىلا ئەمەس، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق كۆيۈنىدىكەن. مەن كېرىم سوجاڭغا بۈگۈن باشقىدىن ھۆرمەت بىلەن نەزەر تاشلاپ، خەتنى يانچۇقۇمدىن ئېلىپ دېدىم:

— سوجاڭ، دېگەنلىرىڭىز توغرا، لېكىن بىزنىڭ خەت ئالاقىمىزنىڭ مەزمۇنى ئۇنچىۋالا دەرىجىدە ئەمەس، مۇنداق دېسەم سىزگە قاتتىق تېگىپ كەتمىسۇن. ئەگەر خالىسىڭىز بۇ خەتنى كۆرۈپ بېقىڭ، — ئامانگۈلدىن كەلگەن خەتنى كېرىم سوجاڭغا ئۇزاتتىم، كېرىم سوجاڭ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— مەن ساڭا ئىشىنىمەن، خەت ئۆزۈڭگە تەئەللۇق ئىچكى ئىشىڭ. ئىككىنچى بىر

كىشى سېنىڭ مەخپىيىتىڭ ۋە شەخسىيىتىڭگە ئارىلاشسا قانداق بولغىنى؟ — دېدى.

— ياق، مەن ئۇنداق قارىمايمەن، ماڭا ئىشىنىڭ، كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ.

— بولدى، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە ئىشەنچ. سەن ماڭا ئىشەندىڭ، ئۆزۈڭگە تەئەللۇق نەرسىنى مېنى خەۋەردار قىلىشقا جۈرئەت قىلدىڭ. بولدى، مەن خېتىڭنى كۆرگەندەك بولدۇم، — كېرىم سوجاڭ سائىتىگە بىر قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. دەل شۇ چاغدا يىغىلىش پۈشتىكى چېلىندى. ئىككىمىز تەڭ ئاتخانىدىن چىقىپ مەشىق مەيدانىغا قاراپ يۈگۈردۇق. سەلەي پەيجاڭ بىزگە دىققەت كوماندىسىنى بەرگەندىن كېيىن، كېرىم سوجاڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ھەربىي سالامدىن كېيىن دېدى:

— يولداش سوجاڭ، جەڭچىلەر بۇيرۇقىڭىزغا تەييار! — كېرىم سوجاڭ ئالدىغا ئۆتۈپ بىزگە راھەت كوماندىسىنى بەرگەندىن كېيىن بۇيرۇقنى ئوقۇدى:

بۇيرۇق: يولداش جاسارەت ئات بېقىشتىن قالدۇرۇلدى. 2 - بەندىن ۋاڭ جىڭخەي ئات بېقىشقا تەيىنلەندى. ئۈچ بەن ئەسكەر ئۈن - تىنسىز بۇيرۇققا قۇلاق سېلىپ تۇرۇشاتتى. مەنمۇ 3 - بەننىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئىدىم. مېنىڭ ئاتخانىدىن چىققانلىقىمنى تەبرىكلەشكەندەك جەڭچىلەر ئاستا قايرىلىپ ماڭا قاراشتى. بۇ بۇيرۇق مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى بۇيرۇق بولغانىدى. مەنمۇ مۇشۇنداق بىر بۇيرۇق بىلەن ئاتخانىدىن چىقىپ باشقىلار توقۇپ بەرگەن ئاتىنى مىنىپ تاغلارنى ئارىلاپ، چېگرا چارلاشنى ياكى يايلاقلاردىكى يەرلىك چارۋىچىلار بىلەن مۇڭدىشىپ، تونۇشۇپ كېلىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىۋېتىشكە تاس قالدىم. جەڭچىلەرمۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەشتى. بەلكى مەنمۇ ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەندىمەن. ئادەم دېگەن كۆڭلىگە ياققان ئىشنى كۆرگەندە، كۆڭلىگە ياققان گەپنى ئاڭلىغاندا كۈلۈمسىرەيدۇ. ماڭا ياندىشىپ تۇرغان ئەنۋەرمۇ مېنى تەبرىكلەپ ئاستا بېقىنىمغا نوقۇپ قويدى. كېرىم سوجاڭ بۇيرۇقنى داۋام قىلدى. «لى چياڭ ئاشپەزلىكتىن قالدۇرۇلدى. جاسارەت ئاشپەزلىككە تەيىنلەندى» بۇ گەپ بىلەن بايىقى شادلىقىم يەتتە قات ئاسماننىڭ قەھرىگە ئۇچۇپ كەتتى. ئەجەب ئىش - ھە؟ ئەمدى ئاتخانىدىن چىقىرىپ ئاشخانىغا سولامدىكىن مېنى؟ مەن زادى رازۋېتچىك بولالمايدىغان ئوخشايمەن، شۇ چاغدا ئېسىمگە ئامانگۈلنىڭ «سېنىڭ بىر ياخشى ئوفىتسېر بولۇشىڭنى ئارزۇ قىلىمەن» دېگەن سۆزى چۈشتى. ئامانگۈل شۇ تاپتا بۇ گەپنى قۇلاق تۈۋىمدە ئۆز ئاغزى بىلەن دەۋاتقاندەك بولدى.

سەلەي پەيجاڭنىڭ «تارقال!» دېگەن كوماندىسىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىگەن بولسا كېرەك، باشقىلار ئالدىراپ تارقاپ مەيداندىن كەتكەن بولسىمۇ، مەن جايىمدا خۇددى قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ قاپتىمەن. توۋا، دەيتتىم ئىچىمدە، — ئاتخانىدىن چىقىپ ئاشخانىغا كىرىش خۇددى مۇزخانىدىن چىقىپ تۇزخانىغا كىرگەندەك بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ قارشىلىق قىلايمۇ؟ ياق! بولمايدۇ، چۈنكى مەن ھەربىي، مەن كەلگۈسى بىر ياخشى ئوفىتسېر بولۇشقا بەل باغلىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئىلگىرى مەن ئوفىتسېر بولۇشنى ئويلاپ باقمىغان، پەقەت ئامانگۈلنىڭ خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئوفىتسېر بولۇشقا بەل باغلىدىم. بوپتۇ، مەن ئاشخانىدا ئىشلەي، كىم ئۆز ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلالىغان؟ بۇيرۇققا

بوي سۇنۇشۇم كېرەك، چۈنكى مەن ئەسكەر...!

ئات بېقىش قانچە تەسكە چۈشكەن بولسا، ئاشپەزلىك قىلىشمۇ شۇنچە تەسكە چۈشتى. ئەسكەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئانامنىڭ خېمىر يۇغۇرۇۋاتقانلىقىنى، گۈرۈچ يۇيۇۋاتقانلىقىنى، ئوچاققا ئوت ياققىنىنى، كۆكتات توغرىغىنىنى كۆرگەنمەن. ھەر قانداق بىر ئانا ئوغۇل بالىسىنى تاماق ئېتىشكە سالمىغاندەك، مېنىمۇ تاماق ئېتىشكە سالمىغانىكەن. لېكىن، يول ماڭسا ئېچىلىدۇ، دېگەندەك، مەنمۇ ئاشپەزلىكنى قىلىش جەريانىدا خېلىلا ئۆگىنىپ قالدىم. مەن ئەسكەر بولۇشتىن ئىلگىرى، بۇرۇن ئەسكەر بولغان بىر قوشنىمىزدىن «ئەسكەر دېگەن پەقەت ئايال بولۇپ بالا تۇغمايدۇ، قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدىم. ھېلىقى قوشنىمىزنىڭ دېگەن گېپى راست ئىكەن. تاماققا چىقىدىغان چاغدا پۈشتەك چېلىندىمۇ بولدى، ئەسكەر دېگەن قاتار تىزىلىپ تاماق زالىنىڭ ئىشىكىدە ئىنقىلابىي ناخشىدىن بىرنى ئوقۇيدۇ، ئاندىن زالغا كىرىدۇ. شۇ چاغدا سەن تاماقنى تەييار قىلىپ، شىرە ئۈستىگە رەتلىك قىلىپ تىزىپ بولۇشۇڭ شەرت. جەڭچىلەر تاتلىق ئۇخلاۋاتقاندا مەن ئاشخانىغا كىرىمەن. كەچتە يەنە سەھەرنىڭ تەييارلىقى بىلەن كەچ ياتىمەن، يۈز-كۆزلىرىمدىن كۆمۈرنىڭ قارىسى، قوللىرىمدىن خېمىرنىڭ يۇقى كەچكىچە كەم بولمايدۇ. بىر كۈنى كەچ ھەممە ئىشلارنى تۈگىتىپ، ياتاققا كىرىپ ئەندىلا ياتاي دەپ تۇرۇشۇمغا زاپخوز كىرىپ:

— چاققان ئاشخانىغا كىرگىن، — دەپلا چىقىپ كەتتى، بۇ كېچىدە يۇقىرىدىن مېھمان كەلگەنمىدۇ. زاپخوزنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكىنىدىن قارىغاندا چوقۇم يۇقىرىدىن بىر باشلىق كەلگەن بولسا كېرەك، دېگەن خىيال بىلەن ئاشخانىغا كىردىم-دە، زاپخوزدىن سورىدىم:

— قايسى باشلىق كەپتۇ؟

— باشلىق كەلگىنى يوق!

— ئەمىسە نېمە بولدى؟

— سەن تېخى بىلمەيسەن، بەزىدە مۇنداق ئىشلارنى سوجاڭ تۇيۇقسىز قارار قىلىپ قالىدۇ. بۈگۈن تۈن يېرىمىدىن كېيىن 1-بەن جىددىي رازۋېتكىغا چىقىدىكەن. ئاۋۋال چاي قاينىتىپ سۇدانلارغا قاچىلا، ھەر بىر جەڭچىگە بىر كىلودىن گۆش تەييارلا، موما بارمۇ؟

— 1-بەنگە يەتكۈدەك موما بار!

— ئۇنداقتا ياخشى، يەتكۈدەك تۇزلۇق سەي، خام سەي تەييارلاپ قويۇپ ئاندىن ئارام ئالغىن. ئەتىگەنلىك تاماقنى ئۆزۈم ئېتىمەن. سەن تۇرمىساڭمۇ بولىدۇ.

— بولىدۇ. سىز چىقىپ ئارام ئېلىڭ، — زاپخوز چىقىپ كەتتى. ئوچاققا ئوت يېقىپ، يۇقىرى بېسىملىق قازاننى ئاستىم، قاپقارا پارقىراپ تۇرغان كۆمۈرنى ئوچاققا سېلىپ گۆشنى پارچىلاشقا كىرىشتىم. گۆشنى پارچىلاپ بولغىچە چايمۇ قاينىدى. چاينى ھەر بىر جەڭچىنىڭ سۇدانلىرىغا قاچىلاپ، گۆشنى قازانغا سېلىپ، پار چىقىرىش تۆشۈكچىلىرىنى تەڭشەپ ئوتنى راسا ئۇلغايتىپ قويۇپ بىردەم ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆزۈمنى

ئورۇندۇقتا ئۆزۈمنى تاشلاپ قىڭغايدىم. هاۋاسى شالاڭ بۇ قارلىق تاغ باغرىدا گۆش 50-60 مىنۇتسىز پىشمايدۇ. شۇڭلاشقا، پىشقىچە ساقلاش كېرەك، هەي ئۆيىقۇ، كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىغان ئۆيقۇ. مەن ئورۇندۇقتا شۇ قىڭغايغانچە خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ئۇخلاۋېتىپ چۈش كۆرۈپتىمەن. كۈن تىكلىشىپ هاۋا ناهايىتى ئىسسىپ كەتكەنمىش، بارلىق جەڭچىلەر جۇڭگو - ۋېيتنام چېگرا لىنىيىسىدىكى بىر قۇملۇقتا جەڭ-گىۋار هالەتتە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقۇدەكمىش، هەممىمىز ئۇسساپ كەتتۇق، تەشنالىق دەس-تىدىن كالپۇكلىرىمىز گەزلىشىپ، يۈرەكلىرىمىز قاخشاپ كەتكەنمىش، جەڭچىلەر هاسىراپ-هۆمىدەپ ئاران مېڭىۋاتىمىش، سەلەي پەيجاڭ ماڭا «جاسارەت، بىز مۇشۇ يولغۇن تۈۋ-دە ئارام ئالىمىز، سەن مۇشۇ يەردىن غەربكە قاراپ بىر كىلومېتىر ماڭساڭ بىر بۇلاق بار، شۇ يەردىن سۇ ئېلىپ كەلگىن، سۇنى ئىچىپ يەنە يولغا چىقىمىز» دەۋاتىمىش، مەن بارلىق سۇدانلارنى يىغىشتۇرۇپ، غەرب تەرەپكە بېرىپ سۇ ئېلىپ كەلسەم، هېلىقى يول-غۇن تۈۋىدە سەلەي پەيجاڭ بىلەن جەڭچىلەر يوقمىش. مەن بار ئاۋازىم بىلەن «سەلەي پەيجاڭ!» دەپ ۋاقىراۋېتىپ ئويغىنىپ كەتتىم. سەكرەپ ئورنىمدىن تۇردۇم، ئاشخانىنىڭ ئىچى خۇمداندەك قىزىپ، ئاتەشتەك يالقۇن چىقىۋېتىپتۇ. تام - تۈرۈسىنى قويۇق هور قاپلاپ كېتىپتۇ. ئىشىكنى ئاران تەستە ئېچىۋېتىپ، قازان بېشىغا يۈگۈردۈم. يۇقىرى بېسىملىق قازان قىپقىزىل چوغقا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، مەن ئالدى-كەينىمگە يېنىپ بولغىچە، ياسىن بەنجاڭ جەڭچىلەر بىلەن ئاشخانىغا كىرىپ كېلىشتى. قولۇمغا پەلەي كىيىپ، قازاننىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپلا يەرگە ئالدىم. قازان شۇنچە يەڭگىل ئىدى، ئۇچاقتا ئوت يەنىلا لاۋۇلداپ كۆيمەكتە. قازاننىڭ ئۈستىگە سوغۇق سۇ سېپىپ سوۋۇتقاندىن كېيىن، تۈۋاقنى ئاچتىم - يۇ، بېشىم پىررىدە قايدى. پېشانەمنى تۇتقان پېتىم ئولتۇرۇپ قالدىم. ياسىن بەنجاڭ قازاننى لىككىدە كۆتۈرۈپ يەرگە قويغاندىن كېيىن:

— يولداش جاسارەت، بۇ قازاننىڭ تېگى...؟ — دەپلا تۇرۇپ قالدى. قازاننىڭ تېگى كېرىپ چۈشۈپ قالغان. بالايى - قازا تېرىلغاندى. ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگەشتىم، دېدىم ئىچىمدە. يۇقىرى بېسىملىق بىر قازان نەچچە پۇل؟ پۇلغۇ مەيلى، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتى-چۇ؟ مۇشۇنىڭ بىلەن مېنى يا ئەسكەرلىكتىن قوغلاندى قىلىدۇ ياكى بىر جازا يازىدۇ. داڭئەنىمگە بىر جازا يېزىلىدىمۇ بولدى، ئەمدى كەلگۈسى ئىستىقبال، هەربىي مەكتەپكە بېرىش، ياخشى ئوفىتسېر بولۇش دېگەندىن سۆز ئېچىش ئۇخلاپ چۈش كۆرگەن بىلەن تەڭ. ئاه، خۇدا، مەن راستىنلا شور پېشانە ئىكەنمەن. سائىتىمگە قارىدىم، يۇقىرى بېسىملىق قازان ئۇچاق ئۈستىدە توپتوغرا ئىككى يېرىم سائەت تۇرۇپتۇ. مەن ئىككى يېرىم سائەت چۈش كۆرۈپ، راهەتلىنىپ ئۇخلاپتىمەن. خۇدا كۆڭلۈمگە سالغاندەك پار چىقىرىش تۆشۈكچىلىرىنى تەكشەپ قويۇپتىمەن، بولمىسا قازاننىڭ پارتلاپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. ئۇ چاغدا ئۆزۈمنى قايسى هالەتتە كۆرەر ئىدىم، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى.

ھەي، لەس باسقان جاسارەت، نەس باسقان ئۇيقۇ. 1 - بەن ۋەزىپىگە مېڭىپ كەتتى.

كىچىك ۋاقتىمدا مومامدىن «تۆمۈرچىلەرنىڭ پىرى داۋۇت ئەلەيھىسسالام ئوچاقتىكى قىپقىزىل تاۋلانغان تۆمۈرنى قولى بىلەن تۇتۇپ ئېلىپ بىر - بىرىگە ئۇدۇل قىلىپ بىرلا مىجىپ يەملەپ قويىدىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم. بۈگۈن مومامنىڭ ئاشۇ گېپىنى ئېسىمگە كېلىپ داۋۇت ئەلەيھىسسالامنى ئەسلەپ قالدىم. قېنى سەن ھەي تۆمۈرچىلەرنىڭ پىرى داۋۇت. ھەقىقىي پىر بولىدىغان بولساڭ، بۇ قازاننىڭ تېگىنى يەملىۋەت! ئەتە سەلەي پەيجاڭ، كېرىم سوجاڭلار ئالدىدا تىرناق تاتلاپ تۇرماي، ئەگەر، مۇشۇ ئەتراپتا يۇقىرى بېسىملىق قازان زاۋۇتى بولغان بولسىدى، بىرىپ چاڭجياڭغا يالۋۇرۇپ، تاڭ ئاتقۇچە قازاننى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. ھەر نېمىدېگەن بىلەن ئۆزۈمنىڭ شورى، ئۆزۈم بىخەستە. ئەمدى بېرىدىغان چارىنى ياۋاشلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشتىن باشقا ئامال يوق، بۇ قازان نەچچە پۇلدۇ؟ دەيتتىم ئىچىمدە، تۆلەپ بەرسەم يەڭگىلرەك چارە بېرەرمىكىن تاڭ؟ ئامانگۈل، مېنى كەچۈر، مەن كەلگۈسىدە ياخشى ئوفىتسېر بولالمايدىغان بولدۇم. چۈنكى مەن ھازىر ياخشى ئەسكەر ئەمەس، ياخشى ئوفىتسېر ياخشى ئەسكەردىن چىقىدۇ. مېنىڭ بىخەستەلىكىم، پاڭقۇشلىقىم مېنى مۇشۇ كويغا سالدى.

تاڭ ئاتتى. سەلەي پەيجاڭغا ياۋاشلىق بىلەن ھەممىنى دوكلات قىلدىم. بىردىنبىر ئامالمۇ شۇ ئىدى. دوكلات قىلماي نېمە چارە؟ «كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارە» دېگەندەك، دېمەي دېسەممۇ قازان «مانا مەن» دەپ گۇۋاھچى بولۇپ تۇرسا نېمە ئامال؟

سەلەي پەيجاڭ بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، زاپخوز بىلەن ئاشخانىغا كىردى. قازاننى كۆرگەندىن كېيىن زاپخوزغا ۋارقىرىدى:

— سەنمۇ مۇشۇ كۈنلەردە كۆرەڭلەپ قالدىڭ، ئاشپەزگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قويۇپ، قۇيرۇقىڭنى خادا قىلىۋىلىپ، بىرگە بولغان بولساڭ بولماسمىدى؟ — زاپخوز ئۈن - تىنسىز يەرگە باقتى. ئاندىن ماڭا قاراپ، — ھەي جاسارەت، سەنزە ... — دېدى - دە، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتتى. سەلەي پەيجاڭ ماڭا پەقەت ئاچچىقى كەلگەندە دەيدىغان «سەنزە» دېگەن گېپىنى دېدى، خالاس. ئىش مەن ئويلىغاندەك قورقۇنچلۇق بولمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سەلەي پەيجاڭ ياكى كېرىم سوجاڭ بۇ ئىشنى يۈزۈمگە قايتا سالمىدى. ياكى يىغىنلاردا تەنقىد قىلىپ ماڭا تەكشۈرۈشنامە يازدۇرمىدى. نېمىشقا شۇنداق قىلغاندۇ؟ بەلكى مېنى ئاسراپ قالغان بولسا كېرەك.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

**مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم**



ئاتاۋۇللا تۇرسۇنتوختى

# قەسەم

(ھېكايە)

چوڭ رەھبەر دېگەننىڭ قورسىقى
دەريادەك كەڭ بولىدىكەن. مۇئامىلىسىنىڭ
سىپىلىقلىقىچۇ تېخى. ئۇ مەتسالىنى قىزغىن
كۈتۈۋالدى، ياخشى ئىشلەۋاتىسىز، بۇندىن
كېيىن تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭ،
دەپ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى، لېكىن يا-
چېيكا سېكرېتارى نەزەر ئىچى تارلىق
قىلىپ ئۇزاقتىن بېرى ئۇنىڭ يولىنى
توسۇپ كەلگەنىدى. تۇۋا دېگۈلۈك، بە-
زىلەرنىڭ قولىغا سامانلىقنىڭ ئاچقۇچىنى
دەكلا ھوقۇق تېگىپ قالسا، تاس قالىدى-
كەن جاھانغا پاتمىغىلى، مانا ئەمدى ھەم-
مە ئىش ياخشى تەرەپكە قاراپ يۈزلەندى.
ئەمدى نەزەر ئۇنىڭغا يەنە يامانلىق قىلىپ
باقسۇنچۇ قېنى.

مەتسالى 28 - قېتىملىق پارتىيىگە
كىرىش ئىلتىماسىنى يېزىلىق پارتكومنىڭ
سېكرېتارىغا تاپشۇرۇۋەتكەندىن كېيىن
ئاشۇنداق ئويلىدى. ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەت-
نىڭ كاتىپى ئىدى. ئۇ پارتىيىگە ئەزا
بولۇپ كىرىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئە-
گەر ئىلتىماس يېزىش بىلەنلا ئۇنىڭ ئار-
زۇسى ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش بولسا، يە-
نە 58 قېتىم، 108 قېتىم يېزىشقىمۇ
ئېرىنمىگەن بولاتتى. ھەتتا يېزىلىق پارت-
كوم ئىشخانىسىدىكى ئۇستەللەرنىڭ تارت-
مىلىرىنىمۇ ئىلتىماس بىلەن تولدۇرۇۋې-
تەلەيتتى.

ئەپسۇسكى، ئۇ بۇرۇنقى 27 قېتىم-
لىق ئىلتىماسنى يېزىلىق پارتكوم سېكرې-
تارىغا ئەمەس، يېزا ئورگىنى ياچېيكا سېك-
رېتارى نەزەرگە بېرىپ خاتا قىلغانلىقى-
نى بۈگۈن تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىل-
غانىدى. ئۇ بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئۇغى-
سى قايناشقا باشلىدى. چۈنكى ھەر قې-
تىملىق ئىلتىماسنى نەزەرگە سۇنغاندا
نەزەر دائىم يەنە بىر ئويلىشىپ باقايلى،
ئىشقا كېچىكمەيمىز، سىياسىي ئۆگىنىشكە

تولۇق قاتنىشىڭ، ئىرادىڭىزنى ئەمەلـ
يەتتە كۆرسىتىڭ... دېگەندەك ئاساسسىز
پەتىۋالارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇنىڭ يو-
لىغا پۇتىنى توغرا قويۇپ تۇرۇۋالاتتى.
بۈگۈنچۇ؟ مانا ئىش باشقىچە بولدى ئە-
مەسمۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئارزۇ بوستانىغا
بۇلبۇل قوندى دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيـ
دۇ. ئۇ ئىلتىماسىنى كۆتۈرۈپ يېزىلىق
پارتكوم سېكرېتارىنىڭ ئازادە ئىشخانىـ
سىغا كىرىپ كەلگەندە، پارتكوم سېكرېـ
تارى ئۇنى ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قار-
شى ئالدى. ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى كۆرۈپ:
ئىرادىڭىزگە قايىلمەن، يولداش مەتالىـ
ياخۇن، ئۇبدان تىرىشىڭ، بۇ نۆۋەت چو-
قۇم ھەل قىلىمىز، دېدى ئەمەسمۇ؟ پاھ،
ئېيتىدىغەن چوڭقۇر مەنىلىك سۆز-ھە!
يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى ئۇنىڭ قەلـ
بىنى چۈشىنىدىكەن. نەزەرچۇ، ئۇ كىچىك،
كالتە كوسەي باشلىق بولغاچقا قورسىقىمۇ
تار، كۆزىمۇ كىچىك-تە. ئۇ يېزىلىق
پارتكوم سېكرېتارىنىڭ ئىرادىڭىزگە قا-
يىلمەن، دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ كۈلۈمـ
سىرىدى. ئۇنىڭ پات يېقىندا پارتىيىگە
ئەزا قوبۇل قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىـ
غانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ پار-
تىيىگە قەسەم بېرىش مۇراسىمىدا تازا
داغدۇغىلىق نۇتۇق سۆزلەپ، پارتكوم سېكـ
رېتارىنىڭ تېخىمۇ بەك ئىشەنچىسىگە
ئېرىشىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى. مېنى
كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ ئاغزى قۇچقاچنىڭ
كامىرىدەك، باققالنىڭ يانچۇقىدەك ئېچىلىپ
قالسۇن، دەپ ئويلىدى ئۇ.

مەتالى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن
خاسىيەتلىك كۈنلەر ئاخىر يېتىپ كەلـ
دى. مانا بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇنقى ياـ

چېكا يىغىنىدا ئۇنىڭ پارتىيىگە كىرىش
ئىلتىماسى ماقۇللاندى. مەتالى قىزىق
تاماكا ئىسىغا تولغان مەجلىسخانىنىڭ
بۇلۇڭىغا تىقىلىپ ئولتۇرغىنىچە ئۆزىنىڭ
كۆز قارىشىنى، پارتىيىگە كىرىش مەقسـ
تىنى سۆزلەپ ئۆتتى، كېيىن ئۈستەلنى
چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان پارتىيە ئەزالىرى
ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى بېرىشتى. مەتالىـ
نىڭ تەقدىرى ياچېيكا سېكرېتارى نە-
زەرنىڭ خۇلاسە چىقىرىشىغا ۋە پارتىيە
ئەزالىرىنىڭ قول كۆتۈرۈپ ماقۇللىشىغىلا
باغلىق بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆز-
مەي تاماكا چېكىپ، ئۈستەلگە يۆلىنىپ
ئولتۇرغان نەزەرگە پات-پاتلا قاراپ قو-
ياتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى ۋەھىمە قاپلىۋالـ
غان بولۇپ، يۈرىكى ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى.
ئۇ نەزەرنىڭ قوشۇلماي قېلىشىدىن ئەنـ
سىرىمەكتە ئىدى. ئۇ نەزەرنىڭ ئاپتاپتا
كۆيگەن قاپقارا يۈزلىرىگە، قارچىغىنىڭ
تۇمشۇقىدەك ئىلمەك بۇرنىغا، ئۈستۈنكى
لېۋىدە دىڭگىيىپ تۇرغان بۇرۇتىغا كۆز
ئۈزمەي قاراپ قالغانىدى.

— مەن يولداشلارنىڭ پىكرىگە قو-
شۇلىمەن، — دېدى نەزەر قولىدىكى خاتىـ
رە دەپتەرنى يېپىپ قويۇپ ۋە نېمە ئۈ-
چۈندۇر بۇ سۆزىگە ئۇلاپلا مەتالىنى ئاغـ
زى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپلا كەتتى،
ھەتتا سۆزىنىڭ ئاخىرىنىمۇ يولداش مەتـ
الى يېقىندىن بېرى ياخشى ئىشلەۋاتىدۇ،
دېگەن جۈملە بىلەن تاماملىدى. شۇنىڭ
بىلەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپـ
رەكىنىڭ قول كۆتۈرۈشى بىلەن مەتالىـ
نىڭ پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى
ماقۇللاندى.

يىغىن〈 تاماملىنىپ ھەممەيلەن

قىرىغا چىقىشتى. مەتسالى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى يوشۇرالمىسىمۇ نەزەرنىڭ ئۇنى ماختاپ كەتكەنلىكىگە تولىمۇ ھەيران بولدى. توۋا، بۇ نەزەرگە نېمە بولغاندۇ. ياكى پارتكوم سېكرېتارى ئۇنىڭغا تاپىلاپ قويغانمىدۇ؟ ھە، توغرا، ئەمدى چۈشەندىم، چوقۇم شۇنداق قىلغان گەپ! بولمىسا ئۇ ماڭا ئېلىپىنىڭ سۇنۇقچىلىك مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى خالايتتىمۇ! خۇدا بەرسە خۇدابەردىكام غىڭ قىلالماپتۇ دېگەن شۇ ـ دە.

لېكىن نەزەرنىڭ ماختىشى مەتسالىغا بەكمۇ شۈبھىلىك بىلىنىۋاتاتتى. مەتسالىنىڭ قارىشىچە، ھازىر ئاشۇنداق ماختاپ قويۇپ، كېيىنكى كۈنلەردە تۇيۇقسىز پۇتلىۋېتىشىمۇ مۇمكىنىدى. ئۇ بىردىنلا ئانىسىنىڭ نەزەر بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى يادىغا كەلتۈردى. ئاشۇ نەزەرنى ياشانغان ئانامغىمۇ زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، دېگىلى بولامدۇ. شۇڭا بىر پۇرسەت تېپىپ بۇرۇن ئۆزۈم كۆچكەندەك شۇ بىچارە ئانامنىمۇ يېنىمغا كۆچۈرۈپ ئەكىلىۋالمىسام بولمىغۇدەك... ھەي نەزەر، سەن ماڭا داۋاملىق زىيانكەشلىك قىلىمەن، دەپ خام خىيال قىلما، مېنى تېخى بىلىپ قالارسەن، سېنىڭ بۇرۇتۇڭغا چالما تىزمىسام ھېساب ئەمەس. لېكىن مەن ساڭا قويرۇق تۇتقۇزمايمەن. خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەيمەن، مېنى ھېچنېمە قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالىسەن...

مەتسالى بۈگۈن تولىمۇ كەچ ئىشتىن چۈشتى. بۇ چاغدا ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشكەنىدى. مەتسالى قولىغا سۈپۈرگە ئېلىپ قورۇنى تازىلاشقا باشلىدى. يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە سۈپۈرگىنى تېخىمۇ بېسىپ سۈپۈرۈشكە باشلىدى. توۋا، ئىشنىڭ بۇنداق ئۇدۇل كەلگىنىنى قارىمامدىغان، دەل شۇ يەرنى سۈپۈرۈپ تۇرغاندا ئىشخانىدىن پارتكوم سېكرېتارى قول سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەلدى ـ دە، گۈرجەكتەك يوغان ئالقىنى بىلەن مەتسالىنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ:

— يارايسىز، يولداش مەتساليۇف، — دېدى، — غەيرىتىڭىزگە ئاپىرىن، قەلەم تۇتىدىغانلار كەچكىچە پاكىز ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىدۇ، بۇ زىيالىيلىق ئەخلاقىغا ئۇيغۇن ئەمەس، بولۇپمۇ بىز ۋە سىزدەك پارتىيە ئەزالىرى بۇنداق ئىشلاردىن تېخىمۇ يىرگەنمەسلىكىمىز لازىم.

— شۇنداق شۇجى، بۇ ئىشتا مەن باشلامچى بولاي دەيمەن، — دېدى مەتسالى سېكرېتارنىڭ سىز ۋە بىزدەك پارتىيە ئەزالىرى، دېگەن گېپىگە ئالاھىدە خۇشال بولغان ھالدا.

— ئەمدى بولدى قىلىڭ بۇرادەر، — دېدى سېكرېتار، — قايتىپ ئارام ئېلىڭ، ئەتە قەسەمىيات يىغىنى بار، ئەتىگەن كېلىڭ.

— ماقۇل شۇجى، ماقۇل، — ئۇ خۇددى ئومۇرتقىسى يوق ئادەمدەك سېكرېتارغا قاراپ ئېگىلىپ سالام قىلدى ـ دە، سۈپۈرگىنى ئەكىرىۋېتىش ئۈچۈن ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

قەسەم بېرىش مۇراسىمى باشلاندى. زالنىڭ شەرق تەرىپىگە ئورغاق بىلەن بولقىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن قىپقىزىل پارتىيە بايرىقى ئېسىلغانىدى. زالنىڭ ئىچى يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ۋە كونا پارتىيە ئەزالىرى بىلەن لىق تولغان،

پارتكوم سېكرېتارى بىلەن ياچېيكا سېك-
رېتارى لەزەرمۇ يان تەرەپتىكى ياغاچ
ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتى.

قەسەم بېرىش باشلاندى. رەتلىك
ۋە پاكىز كىيىنگەن يىگىرمىگە يېقىن
يېڭى كومسومولنىست بىر قولىنى يېرىم كۆتۈ-
رۈپ، رىياسەتچىنىڭ باشلامچىلىقىدا قەسەم
سۆزىنى ئوقۇشقا باشلىدى. قەسەم سۆزى
توگىشى بىلەنلا ھەممەيلەن ئۆز ئىسمىنى
ئاتىشى كېرەك ئىدى. شۇ چاغدا مەتسالى:

— قەسەم بەرگۈچى مەتسالىدۇر
مەن، — دېدى تولىمۇ خۇشال بولغان ۋە
بىرئاز جىددىيلەشكەن ھالدا. ئارقىدىنلا، —
كۆپچىلىك، بىر پىكرىم بار ئىدى، — دەپ
سۆز قىستۇردى سەپتىن چىۋۇلۇپ ئۆز
ئورۇنلىرىغا كېتىشۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ، —
بۈگۈنكى بۇ شەرەپلىك كۈنۈمنىڭ خاتىرە-
سى ئۈچۈن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئىرادە
بىلدۈرۇۋالاي دېگەنىدىم.

ھەممەيلەن مەتسالىنىڭ ۋىجدىك گەۋ-
دىسىگە تىكىلىشتى. زالنىڭ ئىچى بىر
پەس جىمجىتلىقىقا چۆمدى. مەتسالى ھە-
قىقەتەن ئۆزۈندىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ
كەلگەن سۆزلىرىنى بۈگۈن مۇشۇ سورۇندا
كۆپچىلىككە جاكارلىماقچى ئىدى.

— قېنى دەڭ، — دېدى پارتكوم
سېكرېتارى خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى
تاپقاندەك ئىجازەت بېرىپ، — ئەسلىدە مۇراسىم
كۈن تەرتىپى بويىچە يېڭى پارتىيە ئە-
زالىرىنى قىسقىچە ئىرادە بىلدۈرۈشكە تەك-
لىپ قىلماقچى ئىدۇق. ئەمىسە ئالدى بى-
لەن سىز باشلاڭ.

مەتسالى قايتىدىن يۈزىنى باي-راق
تەرەپكە بۇراپ بىر قولىنى قۇلىقىدىن ئا-
شۇرۇپراق ئېگىز كۆتۈردى.

— ئورنىڭىزدا ئولتۇرۇپ سۆزلىسە-
ڭىزمۇ بولىدۇ يولداش مەتسالى، — دېدى
تۇيۇقسىز ياچېيكا سېكرېتارى سۆز قىس-
تۇرۇپ. مەتسالى نەزەرىنىڭ سۆزىنى بىر-
ئاز خاتا چۈشىنىپ قالدى بولغاي، يۈزى
ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى. ۋاي كاساپەت،
كۆپچىلىك ئالدىدا مېنى رەسۋا قىلاي
دەمسەن؟ مەيلى، يولۋاسنى يەڭگەن با-
تۇر ئەمەس، ئاچچىقىنى يەڭگەن باتۇر،
دەپتىكەن، مەنمۇ بىرئاز چىدامىلىقراق
بولغىنىم تۈزۈك. ئۇ چاقماق تېزلىكىدە بۇ
خىياللارنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزگەندىن
كېيىن ياغاچ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇر-
دى. ئارقىدىن بىر يۆتىلىۋەتكەندىن كېيىن
ئۇنلۇك ئاۋازدا سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن بۈگۈن ئۇلۇغ كومپارتىيە-
نىڭ بىر ئەزاسى بولدۇم. بۈگۈندىن
باشلاپ ئۆزۈمنى پارتىيە ئىشلىرىغا،
خەلققە بېغىشلايمەن. ئۆزۈمنىڭ
مۇشۇ يېزىدىكى ئاددىي خىزمەت ئورنۇمدا
چىڭ تۇرۇپ، يېزىمىز خەلقى ئۈچۈن
بەخت يارىتىشقا تىرىشىمەن. خەلقىمىزنىڭ
بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن تىنىك قىيادىن
ئۆزۈمنى تاشلاشتىن، قىممەتلىك ھاياتىم
ۋە ئىسسىق قېنىمنى تەقدىم قىلىشتىنمۇ
يانمايمەن! بۇ خىل پەزىلەت ئارقىلىق
پارتىيىمىزگە بولغان چىن ساداقىتىمنى
بىلدۈرۈمەن. مېنىڭ سۆزۈم توگىدى،
يولداشلارغا رەھمەت!

زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى
ياڭرىدى.

دېمىسىمۇ مەتسالى مۇشۇنداق بولۇ-
شىنى بۇرۇنلا ئويلىغان، ئۆزى يېزىبىلىق
ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپى بولغىنى ئۈچۈن بۇ

دېھقان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە دەبـ
دەبىلىك سۆزلەر بىلەن زور سىياسىي تەـ
سىر پەيدا قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى.
شۇڭا ئۇ بۇ سۆزلەرنى بۇرۇنىلا ئويلاپ
قويغان، شۇنداقلا ئۇنى ئىپادىلەشكە مۇشۇ
سورۇننى پىلانلىق تاللىغانىدى. ئۇ سۆـ
زىنى توگەتكەندىن كېيىن ياچېيكا سېكـ
رېتارى نەزەرگە يەر تېگىدىن مەنىلىك بىر
قارىۋالدى.

مەتسالى بۈگۈن كېچە تۈزۈكرەك
ئۇخلىيالمىدى، ئەل ياتقۇ مەزگىلدىن باشـ
لاپ بوران چىقىشقا باشلىغانىدى. بوران
بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ
بارلىق مەۋجۇداتلارنى يالماپ، سۈپۈرۈپ
كېتىدىغاندەك دەھشەتلىك گۈركىرەيتتى.
گۈي غىرىسلايتتى. ئۆي ئەتراپىدىكى دەـ
رەخلەرنىڭ ۋاراسلاپ سۇنغان ئاۋازى ئاڭـ
لىناتتى. بەزىدە تال باراڭلىرىنىڭ گۈرـ
سۈلدەپ ئۆرۈلگەن ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ قاـ
لاتتى. خۇددى بۇ ئاپەتلەر ئازلىق قىلغانـ
دەك يېرىم كېچىدىن كېيىن شارقىراپ
يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي
يامغۇر مۆلدۈرگە ئايلاندى. مۆلدۈر ئۆگـ
زىگە تاراسلاپ ئۇرۇلاتتى. بوران ۋە مۆلـ
دۈرنىڭ سۈر - ھەيۋىسى مەتسالىنىڭ ئۈيـ
قۇسىنى قاچۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ تاڭ ئاتقۇـ
چە كۆز يۇممىدى.
تاڭغا يېقىن بورانمۇ، مۆلدۈرمۇ توختـ
تىدى. مەتسالى كېچىچە تۈزۈكرەك ئارام
ئالالمىغاچقا ئەتىگەندە ئازراق ئۇخلىۋېلىپ،
سائەت سەككىز بولغاندا ئىشقا كەلدى. لېكىن
ئىشخانىلاردا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى...
— بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتـ
سىز؟ — دېدى سىرتتىن كىرىپ كەلگەن ئورـ
گان خىزمەتچىلىرىدىن بىرى، — ھازىر ھەممە
ئادەم دوختۇرخانىدا، يېزا بويىچە جەمئىي
44 ئادەم يارىلىنىپتۇ، ياچېيكا سېكرېتاـ
رى نەزەرىڭىزمۇ ئەھۋالى خېلى ئېغىر ئىـ
كەن. بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ.
— نېمە ئىش بوپتۇ؟ — سورىدى مەتساـ
لى ھەيران بولغان ھالدا كۆزىنى چىمچىقلىتىپ.
— تېخى بىلمەمسىز؟ ئۇنداقتا بارسىـ
ڭىز بىلىسىز، سىزنىڭ ئانىڭىزمۇ ئاشۇ يەردە!
مەتسالى نەزەرنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئېغىر
ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئانچە پەرۋا قىلمىغانىـ
دى. لېكىن سىزنىڭ ئانىڭىزمۇ ئاشۇ يەرـ
دە، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، يۈرىكى قارت
قىلىپ قالدى - دە، يۈگۈرگىنىچە دوختۇرـ
خانىغا باردى.
دوختۇرخانا قورۇسى ۋە ياتاقلار ئاـ
دەمگە لىق تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ياتاقـ
لارنى ئارىلاپ ئانىسىنى ئىزلەشكە باشلىدى.
ئۇ بىر ياتاقنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى
تىقىۋىدى، ئانىسىنىڭ:
— ئەمدى كەلدىڭىزمۇ، بالام؟ — دېـ
گەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ياتاق ئادەمنىڭ
كۆپلۈكىدىن تىقما - تىقما بولۇپ كەتـ
كەنىدى. مەتسالى ئانىسىنىڭ ساق - سالاـ
مەت تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن بىر ھە
دەۋەتتى ۋە ھەيران بولغان ھالدا:
— ئانا، سىز بۇ يەردە نېمە ئىش
قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سورىدى.
— تۇۋا ماۋۇ بالامنىڭ گېپىنى، ئاسمان
ئۆرۈلۈپ چۈشۈۋاتسا، ئاستىدا يېتىپ مانتا
يېگەندەك گەپ قىلىدىكەنسىز بالام، — موـ
مايىنىڭ كۆزى بىردىنلا نەملىشىپ قالدى، —
سىز تېخى بۇ جاھاندىن خەۋەرسىز ئوخـ
شايسىز، جېنىم بالام...
— ئانا، زادى نېمە بولدى سىزگە؟
— نېمە بولاتتى، كېچىدىكى بوراننىڭ

يامغۇردا يېزىددىكى ھەممە پارتىيە ئەزا۔
لىرى ئىسسىق يوتقانددىن سوغۇرۇلۇپ چىـ
قىپ، ئۆيلىرى ئۆرۇلۇپ چۇشكەن بىزدەك
ئاجىز دېھقانلارنى قۇتقۇزدى، مەن ئۇلار۔
نىڭ ھەممىسىگە سىنچىلاپ قارىدىم. لېكىن
ئاشۇ سەپداشلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدا سىز
يوق، قارىڭىزنىمۇ كۆرسەتمىدىڭىز بالام.

مەتسالى ئانىسىنىڭ چىرايىغا تىكىـ
لىپ قارىيالمىدى. بېشى پەسكە ئېگىلدى.
ئۇ، شۇنچە كۆپ كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىـ
دا نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالـ
دى، خىجىل بولدى، ئىزا تارتتى. ئۇ تېـ
خى تۇنۇگۇنلا پارتىيىگە كىرگەن، قەسەم
بەرگەن ئەمەسمۇ؟ ئارىدىن پەقەت بىر كېـ
چىلا ئۆتتى، پەقەت بىر كېچە، ئەمدى
پارتكوم سېكرېتارىغا نېمىدەپ جاۋاب بەر۔
گۈلۈك؟ يەنە ماۋۇ ئادەملەرگىمۇ، ئانىسىغىچۇ؟

ـ گەپ قىلمايسىزغۇ بالام، زادى
نېمە ئىش قىلدىڭىز؟

ـ نېمە ئىش قىلاتتى،ـ دېدى توپنىڭ
ئارىسىدىن بىرى مەنىلىك قىلىپ،ـ كېچىچە
قەسەم بېرىپ، ئىرادە بىلدۈرۇپ چىققاندۇ!

بۇ گەپ بىلەن ئەتراپ تىمتاسـ
لىققا چۆمدى، مەتسالى بولسا بىر ئاز
جىددىيلىشىپ قالدى.

ـ شۇ ئەمەسمۇ؟ ۋەدىنامىسىدىكىـ
دەك تىنك قىيادىن سەكرەش ئەمەس،
ئىسسىق يوتقان سېلىنغان سۇپىدىنمۇ
چۈشەلمەي ئېغىناپ ياتقاندۇ! ...ـ مەتساـ
لىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سوغۇق تەر باستى،
گەۋدىسىنى باشقۇرالماي زوڭزىيىپ ئولتۇ۔
رۇپ قالدى، بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىـ
سىغا ئېلىپ چىڭ قامالىدى.

ـ جېنىم بالام،ـ دېدى ئانا ئوغلىنىڭ

بۇ ھالىغا ئېچىنغاندەك مۇلايىملىق بىلەن،ـ
ئاۋۇ كارىۋاتتا نەزەر ئاكىڭىز ياتىدۇ. ئۇ
ئۇ مېنى قۇتقۇزۇمەن دەپ ئازاب تارتتى،
بىر پۇتى ياغاچنىڭ ئاستىدا قېلىپ سۇ۔
نۇپ كەتتى. ۋاي ئېسىت، قارىڭا ئۇنىڭغا...
سىز تېخى ئۆزىڭىزچە مەنمۇ پارتىيە ئە۔
زاسىمەن دەپ يۇرۇپسىز بالام.

ـ نېمە؟! ـ مەتسالى خۇددى بېشىغا
بىر چېلەك سوغۇق سۇ تۆكۈلگەندەك چۆ۔
چۇپ كەتتى ۋە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ
كىشىلەر ئارىسىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ نەزەر۔
نىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىغا كەلدى. لېكىن
ئۇ نەزەرنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالـ
مىدى. شۇ تاپتا ئۇ خۇددى ئوقۇتقۇچىنىڭ
تەنبىھ بېرىشىنى كۈتۈپ تىترەپ تۇرغان
گۇناھكار ئوقۇغۇچىغا ئوخشاپ قالغانىدى.
ئۇ گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى مىدىر۔
لاتتى. لېكىن يېنىدىكىلەر ئۇنىڭ گېپىـ
نى ئۇقالمىدى.

نەزەر كۆزىنى ئاستا ـ ئاستا ئاچتى ۋە
يوتقان ئىچىدىن قولىنى ئەستە چىقىرىپ
مەتسالىنىڭ قولىنى چىڭ قىستى. مەتسالى
ئۇنىڭ قولىدىن قانداقتۇر بىر ئوتلۇق
ئىققىنىڭ ئۆز يۈرىكىگە ئېقىپ كىرىۋاتـ
قانلىقىنى سەزگەندەك، كۆڭلىدىكى تۈگۈنـ
چەكلەر يېشىلىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس
قىلدى. ياتاقتىكى كىشىلەر مەتسالىنىڭ
يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆز ياشـ
لىرى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ، ساقاللىرى
ئارىسىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى.

مەتسالىنىڭ سەپداشلىرى بىر ـ بىرىـ
نى نوقۇشۇپ، ياتاقتىن بىر ـ بىرلەپ چىقىپ
كېتىشتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار مەتـ
سالىنىڭ مېنى كەچۈرگىن، نەزەر ئاكا!
دېگەن يىغا ئارىلاش ئاۋازىنى ئاڭلىدى...

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

# 11 ئەسەر تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن چاغ» ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

«تارىم» ژۇرنىلى بىلەن «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدا 1990 - يىلى 1 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئېلان قىلىنغان 130 پارچە ئەسەر ئىچىدىن تاللانغان 11 ئەسەر تۇنجى نۆۋەتلىك «ئالتۇن چاغ» ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 130 نەپەر ئاپتورنىڭ ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلىرى ئىچىدىن تاللانغان بۇ 11 ئەسەرنىڭ ئالتىسى «تارىم» دا، بەشى «شىنجاڭ ياشلىرى» دا ئېلان قىلىنغان. بۇ ئەسەرلەر دەۋر روھىنى روشەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى، ئاساسىي مۇقامنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكى، تېماتىك مەزمۇنىنىڭ رەڭدارلىقى ھەم بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ بىرقەدەر يۇقىرىلىقى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بۇ ئەسەرلەر يېڭى بىر ئەۋلاد ئىجادكارلىرىمىزنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىز تۆۋەندە بۇ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنىڭ تىزىملىكىنى ئېلان قىلدۇق.

| ئەسەر نامى | تۈرى | ئاپتورى |
|---|---|---|
| 1. تالانت، ئادەم، كېلىچەك | ئەدەبىي ئاخبارات | ئابلىز ئوسمان |
| 2. ئايالىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى | ھېكايە | ئەنۋەر غوپۇر |
| 3. دوستۇمنىڭ خېتى | ھېكايە | مېھرىنىسا مامۇت |
| 4. زۇمرەتتەك زۇمرەت | ھېكايە | ئالتۇنگۈل رەجەپ |
| 5. ئانا | داستان | ياسىن زىلال |
| 6. گىرىمسەن سىيمالار | چاتما شېئىر | ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن |
| 7. سالام سېنىڭ چوغدەك تېنىڭگە | شېئىر | ئادىلجان تۇنىياز |
| 8. ئانا يۇرت سۆيگۈسى | شېئىر | ئەركىن مەھەممەت كامالى |
| 6. سۈكۈت تەزكىرىسى | شېئىر | ئابدۇقادىر جالالىدىن |
| 10. قار چاچقۇسى | شېئىر | ئابدۇرېھىم زۇنۇن |
| 11. يادلىۋاپتۇ ناخشامنى قۇشلار | شېئىر | ئابدۇراخمان ئابدۇكېرىم |

نۇرمۇھەممەت سايىم

# ئىككى غەزەل

## بۇ گۈزەل دەۋرانغا باق

بەخت ـ ئىقبال پارلىغان بۇ گۈزەل دەۋرانغا باق،
پەر يېيىپ توزدەك ياسانغان تاغ، ۋادا ـ ھەر يانغا باق.
كۆڭلى شادلانغان ئېلىپ زوق بۇ باھارنىڭ پەيزىدىن،
تاڭدىكى بۇلبۇل سىگارى كۈيلىرى خەندانغا باق.
ھەممە يەردە جەڭ ـ چېلىش، ھەر سەپتە غەلىبە ھەم يېڭىش،
ئىشقى ئاتەش دەۋرىمىزگە ئوت يۈرەك مەردانغا باق.
بەختىنى ئىنسانىيەتنىڭ يەلكىسىگە يۈكلىگەن،
دەۋرىمىزنىڭ دۇلدۇلىغا ــ بىر بۈيۈك كارۋانغا باق.
باق يەنە ھېچ تالمىسۇنكى، كۆزلىرىڭنى كۆككە تىك،
كۈلكە نۇر، يالقۇن تاراتقان تۇغدىكى جەۋلانغا باق.

## ئېسىڭدىمۇ

بىرگە ئويناپ، بىرگە ئۆسكەن مەھەللىلەر ئېسىڭدىمۇ؟
مەرىپەتتىن ئىچىپ كەۋسەر، يۈرگەن كۈنلەر ئېسىڭدىمۇ؟
تىلەكداش ھەم يۆلەكداش بوپ، ئۇچۇپ ئارزۇ ئاسمىنىدا،
مۇھەببەتنىڭ سېھرى بىلەن باققان كۆزلەر ئېسىڭدىمۇ؟
پەرۋانىدۇق چىراغ تۇۋى پارلىغاندا كىتابلارغا،
كىرپىك قاقماي بولۇپ ھەمدەم، ئۆتكەن تۈنلەر ئېسىڭدىمۇ؟
ئويناق، زىلال تاغ سۈيىدەك ئىز قالدۇرۇپ پەسىللەرگە،
ئىلىم ـ ئېرپان ئىستىكىدە ئاشقان بەللەر ئېسىڭدىمۇ؟
كامالەتكە يەتتۇق رەنا، كى مەرىپەت گۈلزارىدا،
بىراق كەتتىڭ يىراقلارغا، چىن ئەھدىلەر ئېسىڭدىمۇ؟

جىلىلى

## ساداقەت نەزمىلىرى

1

پارتىيەم، مېھرىڭ بىلەن ئۆستۈم مادار - قۇۋۋەت تېپىپ،
ئەل بىلەن بولدۇم قەلبداش جەڭ ئارا ھۆرمەت تېپىپ.

ئىزگۈ ئىستىل، ئەنئەنەڭ سىڭگەچ ۋۇجۇدۇمغا مېنىڭ.
ياشنىدى ھايات چىنارىم بىر گۈزەل زىننەت تېپىپ.

بۇيرۇقىڭنى جان بىلىپ، بۇرچۇمنى مەن قىلدىم ئادا،
ئۆتتى ئۆمرۇم مەنىلىك مېھنەت بىلەن نۇسرەت تېپىپ.

چۈشىمىدىم ئېزىتقۇلارنىڭ دامىغا، بولدۇم پەخەس،
چوڭ بوران - چاپقۇن ئىچىدىن بىباھا ھىكمەت تېپىپ.

چىڭ تۇرۇپ ھەقىقانىيەتتە قوغدىدىم پاكلىقنى مەن،
ساڭا بولغان چىنى ساداقەتتىن ئېسىل خىسلەت تېپىپ.

مات قىلىپ دۈشمەنلىرىڭنى شۇ ئېسىل خىسلەت بىلەن،
قىلمىدىم مىننەت ئىشىمدىن شان قۇچۇپ شۆھرەت تېپىپ.

بارلىقىم مەنسۇپ ساڭا بەختىم - نىجادچىم پارتىيەم،
شەپقىتىڭنى يادۇرارمەن مىسلىسىز قۇدرەت تېپىپ.

2

كوممۇنىستمەن، تۇتقىنىم ئەدلۇ - ئادالەت يولدۇر،
يىركىنىپ ئوت ئاچقىنىم تەڭسىز جاھالەت يولدۇر.

غايە ئاتلىق زەر قەدەھتىن مەي ئىچىپ تاپتىم ۋىسال،
مەشۇقۇم — داغدام، گۈزەل، پارلاق سائادەت يولدۇر.

ئوقۇدۇم نەپرەت دىلىمدىن لەنىتى ئىللەتكە مەن،
سۆيگۈنۈم، پەخرىم ئەدەپ، ئەخلاق - دىيانەت يولدۇر.

ئالغا باستىم شان - زەپەر قۇچقانىسېرى كەمتەر بولۇپ،
دۈشمىنىم مەغرۇرلىنىش، شۈكرى - قانائەت يولدۇر.

قورقمىدىم زىنھار جاپا - مۇشكۈل، خەتەر ئەرۋاھىدىن،
جانغا جان قوشقان ماڭا غەيرەت - شىجائەت يولدۇر.

تەر تۆكۈپ قىلدىم ئىجاد ئەل بەختىنى كۈيلەپ ھامان،
ماڭغىنىم دادىل بولۇپ جۈرئەت، ماھارەت يولىدۇر.

ئەيلىدىم ئەلنى رىزا خىزمەت قىلىپ جان دىل بىلەن،
شەۋكىتىم خالىس، ئۇلۇغ شەپقەت - شاپائەت يولىدۇر.

ئۆرلىدىم ۋىجدان بىلەن ئىقبالىسىرى جەۋلان قىلىپ،
قانىتىم پەن - مەرىپەت، ئەقىل - پاراسەت يولىدۇر.

ماڭىمەن، كومپارتىيەم، ساڭا ئەبەتكە ئەگىشىپ،
سەن ماڭا كۆرسەتكىنىڭ نۇرلۇق كامالەت يولىدۇر.

3

سايرىدىم، كومپارتىيەم، ئىشقىڭدا مەن بۇلبۇل بولۇپ،
قەلب سادايىم قۇچتى كۆكنى خۇددى شوخ مەرغۇل بولۇپ.

مەن گويا ئالتۇن ئۇرۇق، تىكسەڭ قەيەرگە پارتىيەم،
مەن ئۈنۈپ شۇ يەردە، ھىد چاچتىم ئىپار، سۇمبۇل بولۇپ.

سەن ئاتا قىلغان بۈيۈك جۈرئەتنى مەن ئەيلەپ قانات،
جەڭ - چېلىش ئاسمانىدا ئۇچتۇم جەسۇر دۇلدۇل بولۇپ.

تارتتى ئوق يىلتىز دىلىمدا ئىشچى - دېھقان خىسلىتى،
تەرلىرىم ئاچتى چېچەك چۆللەردە سولماس گۈل بولۇپ.

تارتمىدىم نەپسىمگە چوغ ئەل نەپئىنى ئەلا بىلىپ،
ھارمىدىم ئەسلا ئۇلۇغ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ.

ئىنقىلاب ھەغداسىمەن، قالماس دىلىمدا ئارمىنىم
ياشىسام ئۆمرۈم بويى ئەلگە چاكار - مەرت قۇل بولۇپ.

پارتىيە، قىبلەم ئۆزۈڭ، سەجدە قىلۇرمەن بىر ساڭا،
كەتسىمۇ دۇنيا ئەگەر ئوڭغۇل بولۇپ - دوڭغۇل بولۇپ.

4

ئەي بۇرادەر، پارتىيەمنى كۈيلىدىم ئىپىتىپ قوشاق،
چىن مۇھەببەتنىڭ كۆچىدىن ئوت ئېلىپ دىلدا پىراق.

چۇنكى، مەن ئەما ئىدىم، ئاچتى كۆزۈمنى پارتىيەم،
بار تېنىمدە ياندۇرۇپ ئۆچمەيدىغان نۇرلۇق چىراغ.

پاسىبانىم پارتىيەم قۇتقۇزدى زۇلمەت غارىدىن،
قۇل ئىدىم، بولدۇم خوجا باغلاپ هاياتقا ئىشتىياق.

پارتىيەم شەپقەپ قىلىپ كۆلدى سائادەت دىلبىرى،
بارچە مىللەت بىر نىيەتتە ئۇيۇشۇپ، بولدۇق ئىناق.

ئەگىشىپ كومپارتىيەمگە ئۆرلىدۇق مەنزىلىسېرى،
تاۋلىدى بىزنى پولاتتەك جەڭ ـ چېلىش، مۇشكۇل سىناق.

ئاتلىنىپ شانلىق سەپەرگە تاغ ـ داۋان ئاشتۇق هامان،
بولدى بىتچىت ئاستىمىزدا يەنچىلىپ توسقۇن، تۇزاق.

پارتىيەم يول باشلىغاچ قۇچتۇق كۇرەشتە شان ـ زەپەر،
مىسلىسىز قۇدرەتكە تولدى ۋەتىنىم، ئالتۇن راۋاق. *

پارتىيەم نۇرى بىلەن يۈز ئاچتى بىزگە كېلىچەك،
تەڭدىشى يوق هۆر ـ پەرىدەك شۇنچە ئۈز، شۇنچە ئۇماق.

جانىجان كومپارتىيەمنى كۈيلىدىم دىلدىن شۇڭا،
مەدهىيە ناخشام گوياكى تۈگىمەس ـ پۈتمەس بۇلاق.

قارشى تۇرسا كىم ئەگەر كومپارتىيەمگە قايسى چاغ،
قىلىمەن گۇمران ئۇنى شىددەت بىلەن تارتىپ ساداق.

**مۇختار سوپۇرگى**

## مۇۋەششەهلەر

1

پارقىراپ كۆك قەهرىدە ئالتۇن زىيا چاچتىڭ قۇياش،
تاڭغا زار خەلقىمگە خۇش چېهرىڭ ئېچىپ باقتىڭ قۇياش.

---

(*) ئالتۇن راۋاق — پرولېتارىيات دىكتاتورىسى مەنىسىدە.

ئاپتىپىڭ بىرلە زېمىن كۆكلەمگە رەڭداش ئالدى تۈس،
گۈل - گىياھ، تال ــ نوتىغا گۈلگۈن چېچەك تاقتىڭ قۇياش.

رىشتىنى باغلاپ ساڭا ھەر جان ھاياتنى سۆيدى چىن،
بۇ ھايات ئىقبالىنى جىسمىڭغا چىڭ چاتتىڭ قۇياش.

توسسىمۇ تۈن گاھىدا نۇرلۇق جامالىڭ ۋەسلىنى،
قۇۋۋىتىڭ بىرلا يەنە نۇر ــ تاڭ بولۇپ ئاتتىڭ قۇياش.

ئېرىتىپ مۇز - قار بىلەن قاتقان زىمىستان باغرىنى،
كەڭ جاھان ئىچرە بۈيۈك شۆھرەت - ئاتاق تاپتىڭ قۇياش.

يايرىدى ئەلنىڭ دىلى پارلاق نۇرۇڭنىڭ تەپتىدە،
بەختىيار ھايات ئۈچۈن يوللارنى كەڭ ئاچتىڭ قۇياش.

ئەلمۇ شاد، كەڭ يۇرتمۇ شاد، ئاسمان - زېمىن، ئالەممۇ شاد،
شاد ھايات ئارزۇسىدا تاغ ۋە داۋان ئاشتىڭ قۇياش.

2

ئىجاد ــ مېھنەت ئۈچۈن بەلنى چىڭگىتقانلار ماڭار يول بۇ،
شىجائەت تەختىدە سۇلتان كىشى شۆھرەت تاپار يول بۇ.

سىناق ــ ئۆتكەل كېلىپ قالسا تىلەپ تەلەينى ئاللادىن،
ئەجىرسىز ئوڭدا ياتقانلار ھامان بىر كۈن چانار يول بۇ.

ئادالەت ھەمدە ناھەقنى ھەقىقەت ۋەزنىدە ئۆلچەپ،
زامانىنى توغرا بىلگەنلەر نىشانغا تۈز بارار يول بۇ.

ھالال ئەمگەككە چىڭ باغلاپ بەخت - تەلەي ۋە ئىقبالىنى،
قىيىن ئۆتكەلگە ئوت ئاچقان داۋانلاردىن ئاشار يول بۇ.

ئاسانغا ئالدىراپ، مۇشكۇل تېغىدىن داجىغانلارنى
ئاۋانگارتلار سېپى ئىچرە لاكات - لەقۋا سانار يول بۇ.

تېپىپ ھەر ئىشتا پەم - چارە تىنىمسىز ئالغا باسقانلار،
قۇچۇپ ھەر سەپتە شان - غەلىبە مۇرادىغا قانار يول بۇ.

3

ئېچىلماي قالسا سۇ باشتىن ئېرىقلاردا ئاقالمايدۇ،
ئېتىزدا مايسىلار سۇسىز كۆلۈپ غۇنچە ئاچالمايدۇ.

چېچىش بىر گەپ ئېتىزغا دان، ئۈنۈملۈك بولمىسا پەرۋىش،
كىشى كىم تۆكسىمۇ كۆپ تەر ھوسۇلنى مول ئالالمايدۇ.

ئېسىل ئەندازۇ ـ ئۆرنەكسىز ھۆنەردە ئۇستىكار ئاجىز،
قوبۇل قىلماي يېڭى ئۆرنەك يېڭى نۇسخا تاپالمايدۇ.

ۋەتەننىڭ گۈللىشى ئەلنىڭ پېشانە تەرىگە باغلىق،
ئاۋامغا كۆيمىگەن يۇرتمۇ گۈزەل يۇرت دەپ سانالمايدۇ.

ئىشىكنى چىڭ تاقاپ بىر چاغ ئېگىزگە سەكرىدۇق تەرلەپ،
دېدۇق شۇ چاغدا «بۇ سەكرەش نىچۇن قىردىن ئاشالمايدۇ؟»

تېپىپ مۈشكۈل ئىچىدىن يول جاپانى يەڭمىگەن كارۋان،
ئۇزۇق، سۇ بولسىمۇ پۈتمەس، نىشانغا تېز بارالمايدۇ.

شىجائەت بولسىمۇ ئەمما ئەقىل ـ پەم، ئۆلگە كەم بولسا،
زېمىننىڭ تەكتىدىن ھەركىم مەدەن ـ بايلىق قازالمايدۇ.

4

ۋۇجۇد، ئىشقىمغا ئوت ياققان پەقەت بىر سەن ـ پەقەت بىر سەن،
تومۇردا قان بولۇپ ئاققان پەقەت بىر سەن ـ پەقەت بىر سەن.

ئەگەر سەن بولمىساڭ بۇ جان تېنىمدە تۇرسا مەكرۇدۇر،
ھاياتىمغا قۇچاق ئاچقان پەقەت بىر سەن ـ پەقەت بىر سەن.

تېپىش مۇمكىنمۇ سەندەك يار جاھاننى نەچچە ئايلانسام؟!
دىلىمغا چوغ بولۇپ ياتقان پەقەت بىر سەن ـ پەقەت بىر سەن.

ئەقىدە تەختىدە سۇلتان بولۇپ سۆيمەك سېنى ـ بەختىم،
ۋاپانى سۆيگۈگە چاتقان پەقەت بىر سەن ـ پەقەت بىر سەن.

نىگارىم سەن بىلەن ئالەم، ھايات شۇنچە گۈزەل، پارلاق،
گۈزەل ھۆسىن زىيا چاچقان پەقەت بىر سەن ـ پەقەت بىر سەن.

غەيرەت ھۇپۇر

## بىرسىنىڭ توي مەرىكىسىدە

يىگىت ــ قىزنىڭ يۈزرىكىدە مىڭ شادلىق،
دېرىزىلەر كۆلەر تامدا ئېچىلىپ.
قەدەھلەردە يالتىرايدۇ كۈمۈش مەي،
تۇرار سېرىق بىنەپشە نۇر چېچىلىپ.
ياڭرار جاھان مۇزىكىسى ئاجايىپ،
بۇندا زامان ئوغۇل ـ قىزى غارايىپ.

ئوت كۆڭۈللەر بولار يالقۇن، بولار ئوت،
شادلىقنىڭ بىر ھۇجرىسىدا ياشار سەن.

ھېچ ئېسىمگە كەلمەس ئىكەن سوغۇق جۇت،
خۇددى بۇ زال شادلىق تولغان بىر ۋەتەن.
بىر تامچە ياش جىلۋىسىدۇر ھاياتنىڭ،
ئىككى ئانا قۇل بەندىسى باياتنىڭ①.

لېكىن قۇللۇق ئەمەس ئۇنىڭ ھىممىتى،
بۇنچە شادلىق دەل ئۇلارنىڭ قىممىتى.

غەيرەت ئابدۇراخمان

## سېنىڭ ناخشاڭ

شېرىن مەي لەرزىتىمنى بېرەر دىلغا،
دەريانىڭ شاۋقۇنىدەك سېنىڭ ناخشاڭ.
ھەست قىلار كۆڭۈللەرنى ئۈركەشلىتىپ،
قىزىلگۈل ئېچىلغاندەك كۈلۈپ باقساڭ.

لەۋلەردە مۈگدەپ قالار شوخ تەبەسسۇم،
ناخشاڭنىڭ تەسىرىدىن ئويغا پېتىپ.
قارىچۇقلار مۈكۈنىدۇ چىيەكلەرگە،
كىرپىكلەر كىرەلىشەر ۋىسال تېپىپ.

تىترەيدۇ گۈل بەرگىدە ياقۇت شەبنەم،
زوقلىنىپ ئاۋازىڭدىن بېرەر قۇربان.
دېڭىزنىڭ قىزىللىقى ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ،
تارتىدۇ يۈزلىرىگە ئاپئاق مانان.

چېچەكلار كۆكرەكلەردە ساددا خىيال،
ئۆتمۈشكە،
رىشاللىقا،
كەلگۈسىگە.
بۇلبۇللارمۇ مۇڭغا چۆمۈپ قىلار ناله،
كىبلەلمەي كەيپىلىكتىن ھېچ ئېسىگە.

بۇ ناخشا شۇنداق ناخشا، سېنىڭ ناخشاڭ،
ئۇنىڭدىن تىرىلىدۇ قايتا ۋىساس.
ئەقلىنى يوقىتىدۇ ياقا يىرتىپ،
ئۇسسۇلغا چۈشەر بولۇپ گويا رەققاس.

دىللارغا شاھتۇر ئەبەت سېنىڭ ناخشاڭ،
ئوزۇقلۇق تاپار ئۇندىن بار تەبىئەت.
بۇ ناخشا خىسلەتلەرنىڭ بۆشۈكىدۇر،
ئويغىتار ھەر قەلبتە مىڭ مۇھەببەت.

---

① بايات ــ خۇدا مەنىسىدە.

روزى سايىت

# سەپەر ئۈنچىلىرى

## داجۇ كەنتىدە*

ئيەنجىندە كۆردۈق بىز داجۇ كەنتىنى،
چىقىپتۇ ئۇلار چىن بەخت قەلئەسىنى.
كۆلدۈرۈپ ئىسلاھات ـ بايلىق ئىلاھى،
تورقاتون ئەيلەپتۇ جۇلدۇر جەندىنى.

ئىلگىرى تالادىن ئەر تاپىسا قىزلار،
ئەمدى خەق «تېگىپتۇ» قىز پەرزەنتىنى.
ئېتىزدىن دۇنياغا چىقىپتۇ بۇ كەنت،
بىكىنمە ھالەتتىن ئېلىپ ئەنتىنى.

ئۈچ مىڭ مو شاللىقتا يەتتە مەرتىۋىكىم،
يېگەركەن ئۇۋقانلا ئىشىنىڭ پەنتىنى!
بىر يېزا ئۈچيۈزلەپ زاۋۇت ماگدۇرسا،
«ئۆكۆن» گە ھالقىسا تاشلاپ «ئەتىنى».

دېمەمدۇق: داجۇلۇق، ئاپىرىن ساڭا،
توختاتما، بەكراق چال مۇشۇ پەدىنى!

## بوخەيىنىڭ ھۆسنىدە نۇر

بوخەيىنى تېچ دەيتتى، شۆھرىلايدىكەن،
ئەجدەرھا مىسالى قىمىرلايدىكەن.
ئۇ گويا تيەنجىننى ئالەمگە چېتىپ،
ئاجايىپ چىرايلىق جىمىرلايدىكەن.
ئۈستىدە ـ بەش قىتئە، ئاسمان-پەلەكيۇك،
يۈك نېمە، ھۆسنىدىن نۇر تارايدىكەن.
يەرلىكلەر دەيدىكەن بوخەيىنى كۆزنەك،
(ئۇ يەردىن جاھانغا تىك قارايدىكەن!)
ئەجدەرھا، كۆزنەك، نۇردەپباقتىم، دوستلار،
نېمىگە ئوخشاتساڭ ھەق، يارايدىكەن!

## يۈيخۇاتەيدە ئاڭلىغانلىرىم

بۇندا ئۆتكەن تالاي خاندانلار،
قۇرۇپ قەسىر، تۇرمە ـ زىندانلار.
خان ئۆتكۈزسە ئىشرەتتە ئۆمۈر
قان يىغلىغان چەندان ـ چەندانلار.

شۇ تەرىقە ئاقتى ئەسىرلەر،
يۈتتى نەپىز تىلەك ـ ئارمانلار.
بىز شۇ كەچمىش شاھىدى‌تا ـ رىخ،
يۈيخۇاتەيدە قۇربان بولغانلار.

لەۋزىمىزدىن سۆزلىگىن شائىر،
ئىشتىسۇن ئۇنى ھايات ئوغلانلار.
پەقەت ھازىر ئاشتى ئەمەلگە،
بىز ئىستىگەن كۈلكە ـ خەندانلار.

قەبرىمىزدە كۈلۈپ ياتىمىز،
بېكىرىغا ئاقمىغاچ قانلار.
بىزنى بەكراق كۈلسۇن دېسەكنىم،
قۇچىسۇن زەپەر، شەرەپ ۋە شانلار.

گۈل سېۋىتى بىھاجەت بىزگە،
(قۇچقىنىمىز كۆكۈلمەيدانلار)
شادلىنىمىز ئىشقا ئاشسىلا،
ئەڭ ئاداققى ئەھدۇ ـ پەيمانلار...

يۈيخۇاتەيدە تاپقان پىكىر بۇ،
تېپىش نېمە، ئېيتتى قۇربانلار.

---

* داجۇ يېزىسىدا يېزا ئىگىلىكى بىلەن سانائەت بىر گەۋدىلەشكەن بولۇپ، يەتتە ئەمگەك كۈچى 3000 مو ھالىقنى ھۆددىگە ئالغان. قالغانلار 227 چوڭ ـ كىچىك زاۋۇت ـ كارخانىدا ئىشلەيدۇ.

توختى ئايۇپ

# كېلچەك مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ



(ئەدەبىي ئاخبارات)

## مۇقەددىمە

بۇ چۈشمۇ ياكى ھېسسىياتچان قەلەمكەشنىڭ تەسەۋۋۇرىمۇ؟ ياق، بۇ رېئاللىق! بۇ، جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ كاتاڭ يوللىرىدا ئېزىقىپ يۈرگەن ساددا تارىخنىڭ چاقىدىن چىقىۋاتقان ئەكس سادا. بىز ئۇنىڭدىن شۇنداق بىر ئەبجەش مېلودىيىنى ئاڭلايمىز: ئۈمىد بىلەن تەشۋىش، ئىشەنچ بىلەن گۇمان، شىجائەت بىلەن ئارسالدىلىق...

ئىلگىرى يېزىلاردا يۈرگۈزۈلگەن «سول» خاتا سىياسەت تۈپەيلىدىن دېھقانلارنىڭ ئاڭ قاتلىمىدا مۇنداق بىر پسىخىك ھالەتمۇ شەكىللەنگەنكى، ئۇلار يۇقىرىدىن كەلگەن ھەرخىل سىياسەت، قائىدە ۋە چاقىرىقلارغا جۈملىدىن كادىرلارغا، خىزمەت ئۆمىكىگە خۇددى تۇرپۇن سۇدەك جىم تۇرۇۋېلىپ، گۇمان، پەرۋاسىزلىق ۋە كۆزگە ئىلماسلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغان. چۈنكى ئۇلار ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سىياسەت ۋە تەشۋىقات نۇتۇقلىرىنىڭ قايسىسىنىڭ توغرا، قايسىسىنىڭ خاتالىقىنى ئايرىيالماي گاڭگىراپ قالغان، شۇ كەملەردە يۈرگۈزۈلگەن خاتا سىياسەتنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى، كۈلپەت، زىيىنىنى دېھقانلار ھەممىدىن كۆپ تارتقان.

پارتىيىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن يېزىلاردىكى ئۆزگىرىش، تەرەققىيات تەكشى بولمىدى، ئەلۋەتتە. خوتەننىڭ لاسكۇي يېزىسىغا قاراپ بېقىڭ! قۇم بارخانلىرى خۇددى غايەت زور يىرتقۇچ دېۋىلەردەك ھۆركىرەپ، ھاياتلىققا تەھدىت سېلىپ تۇرغان بۇ

تەكلىماكان ۋادىسىدا نەقەدەر گۈزەل بىر جەننەت ئاپىرىدە بولغان ـ ھە؟ يۈكلىرى چېچىلىپ تۇرىدىغان قوي تېرىسىدىن تەلپەك كىيگەن، ئۇزۇن چاپانلىق بۇ خوتەن دېھقانلىرىنى سەل چاغلىماڭ، ئۇلار تەلپەكنى چۆكۈرۈپ كىيىپ، چاپىنىنىڭ ئۇزۇن پەشلىرىنى بەلبېغىغا قىستۇرۇۋېلىپ، قېلىن چەمىلتەك كۆن ئۆتۈكىنى سېلىپ تاشلاپ، تەكلىماكان تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قۇم ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن ئىبارەت غايەت زور دېۋە بىلەن چېلىشقا چۈشكەن. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تانا بىلەن قامچىسىنى دېۋەيلەپ تۇرىدىغان مىراپ، دورغىلارمۇ، «جەرىمانە، جەرىمانە!» دەپ توۋلاپ ھەيۋە سېلىپ تۇرىدىغان يېزا، كەنت كادىرلىرىمۇ بولمىغان، ئۇلارنى نەچچە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى دەريا بويلىرىدىن ھارۋا، ئېشەكلىرىدە، ھەتتا پەش ـ ئېتەكلىرىدە تاش توشۇپ، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساتتۇرغان، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا دىرىلدەپ تىترەپ، يازلىقى تەكلىماكاننىڭ ئوت ـ ئاتەشلىك ئىسسىقىدا كاۋاپتەك قورۇلۇپ ئۆستەڭ چاپتۇرغان، ئېتىزلارنى سالالاشتۇرغان، ئورمان ئەھيا قىلدۇرغان مۇقەددەس يېمىرىلمەس كۈچ نېمە؟ باشلامچىلىق! باشلامچىنىڭ تەدبىرى، شىجائىتى! ئەنە، كۆز ئالدىمدا بۇندىن بىر نەچچە يىل بۇرۇن مەن ئارىلاپ چىققان لاسكوي... مەن بۇ يەرنىڭ قويۇق سۇۋادان تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان تۈپتۈز، ئازادە يوللىرىدا كېتىۋېتىپ، چېتىگە كۆز يەتكۈسىز مېۋىزار باغلىرىدا مېھمان بولۇۋېتىپ، يېشىل سېپىلدەك رەت ـ رەت سوزۇلغان ئىھاتە ئورمانلىقى ئارىسىدىكى سالا ئېتىزلاردا، دېھقانلارنىڭ شادىيانە ناخشىسىنى ئاڭلاۋېتىپ، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭلەردە كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان تاغ سۇلىرىدا يۈرەك تەشنالىقىمنى قاندۇرۇۋېتىپ، ئۆي-ئۆيلەرنى ئېلېكتىر چىراغلىرى يورۇتۇپ تۇرغان راھەت بەخش كېچە مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋېتىپ، بۇ يەرنىڭ ئون نەچچە يىل بۇرۇنقى قۇم، بوران ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ ھاياتلىق خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈلۈپ كېتىشكە تاسلا قالغان خانىۋەيرانچىلىق ھالىتىنى ھەر قانداق قىلىپمۇ كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم.

مەن ئىختىيارسىز ئۆز يۇرتۇمنىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم ئۆتكەن مۇڭلۇق سەھراسىنى ئەسلىدىم. ھەئە، ئۇ يەنىلا ئىسمى جىسمىغا لايىق مۇڭلۇق سەھرا ئىدى. بالىلىقىمنىڭ تاتلىق ئەسلىمىلىرى بىلەن بىللە ئەبەدىي خاتىرەمدە ساقلىنىپ قالغان بۇ مەھەللىمىنىڭ 50 ـ يىللاردىكى كۆرۈنۈشى خېلىلا تارتىملىق ئىدى! ئەگرى-بۈگرى توپىلىق يوللار...ياز بويى توختىماي ئېقىپ تۇرىدىغان سۈپسۈزۈك ئۆستەڭ سۈيى...ئۆستەڭ بويىدىكى كۆز يەتكۈسىز قاتار كەتكەن تېرەكلەر، سۆگەت، قارىياغاچلار...ئۆينىڭ ئارقىسىدىلا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، يېرىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بۈك يۇلغۇنلۇق، خام قايماقتەك بولۇق ئېتىزلار...كېسەكتىن سېلىنغان ئۆيلەر، باغ ـ ھويلىلار، دېھقانلار ئازادلىق ئېڭىغا، يەرگە، قىسقىسى، ھاياتلىق كاپالىتىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن شۇنچىلىك جۇشقۇن، خۇشال. نەگىلا بارساڭ كۆكلۈك ئېچىلىپ، تەنلىرىڭ يايراپ كېتىدىغان ھايات بەخش مەنزىرە...مەن

ئوتتۇز نەچچە يىلدىن كېيىن ئاشۇ راھەت-
لىنىڭ ئەسلىمىلەر ئىچىدە مەھەللەمگە بار-
غان چېغىمدا، لىممىشقىدۇر كۆزلىرىمگە
ئىشەنمەي قالدىم. ئالدىمدا شوردىن ئاقى-
رىپ كەتكەن، ئاخىرى تاشلىۋېتىلگەن
ئېرىلغۇ يەرلەر، دەل-دەرەخلىرى قۇرۇپ
تاقىرلىشىپ كەتكەن ئوچۇقچىلىق، كەنت-
نىڭ ئۇيەر - بۇ يەرلىرىدە خۇددى ئوچۇق
دالىدىكى زومچەك-زومچەك دۆڭلۈكتەك
چوقچىيىپ تۇرغان قىڭغىر - سىڭغىر، ئېرى-
بانە دېھقان ئۆيلىرى، قۇرۇپ تىنىپ كەت-
كەن ئېرىق-ئۆستەڭ، سۈيى سېسىپ قۇرت-
لاپ كەتكەن كونا كۆل... قىسقىسى، ئال-
دىمدا يۈرەكنى ئېزىدىغان كۆڭۈلسىز،
زېرىكىشلىك بىر مەنزىرە مۈگلىنىپ يېيىلىپ
ياتاتتى. مەھەللەم مېنى خۇددى قېرىپ
كۆزدىن كەتكەن ئاغرىقچان بوۋايدەك سو-
غۇق ۋە پەرۋاسىز بىر چىراي بىلەن سۈكۈت
ئىچىدە قارشى ئالدى. مەن شۇ كۈنى
كەچتە كىچىكىمىزدە بىللە ئويناپ
ئۆسكەن يېقىن ئاغىنەم ئېلى قارىينىڭ
ئۆيىگە پەتە قىلىپ باردىم. ھويلىسىغا
كىردىمۇ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم.
ئالدىمدا ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىگە
چۈشكەن بىر بوۋاي ئىككى قولىنى سوزۇپ
ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— بۇ نېمە ئىش ئېلى قارىي، ياپياش
تۇرۇپلا ساقال قويۇۋالغىنىڭىز نېمىسى؟—
دېدىم مەن ھەسرەتلىك تەئەججۈپ ئىچىدە
ئۇنىڭ غەمكىن، ياداڭغۇ چىرايىغا قاراپ،
ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى چاقناپ
تۇرىدىغان شوخ كۆزلىرى غەمكىن كۆلۈم-
سىرەشتىن قىسىلىپ كەتتى.

— قېرىدۇق، توختى قارىي، جاپادا
قېرىپ كەتتۇق. بۇ جاھاننىڭ نېمە خۇۋ-
لۇقى قالدى، قاراڭ. ئەمدى ئاخىرەتلىكنى
ئويلايدىغان ۋاقتىمىز كەلدى.

تېخى ئەللىككە بارمىغان دېھقان
ھاياتلىق ھەققىدە ئەمەس، ئۆزىنىڭ
ئۆلۈمى ھەققىدە ئويلىماقتا. نېمىمۇ
دېيەلەيتتىم؟ ئادەمدە ھاياتلىق ئىشەنچى-
سى يوقالسا، ئۇنىڭ بۇ دۇنياغا تارتىش-
قۇدەك نېمىسى قالىدۇ؟ مەن شۇ ئاخشى-
مى بىر ئايال تۇغقىنىمنىڭكىدە قونۇپ قال-
ماقچى بولدۇم، ئاخشىمى قاش قارايغان
چاغدا ئۇنىڭ ئون نەچچە ياشلاردىكى
بالىلىرى ئاپىسىنىڭ بېقىنىغا كېلىۋېلىپ،
نېمىندۇر دەپ غىڭشىقا باشلىدى، ئاپى-
سى سىلكىپ، تۆۋلاپ بېقىپ، ئاخىرى ئۇ-
لارنىڭ ھەر بىرىنىڭ قولىغا بىر موچەندىن
پۇل تۇتقۇزۇۋىدى، ئۇلار خۇشاللىقىدىن
قىن - قىنىغا پاتماي، كەچلىك تاماقنىمۇ
قارىماي ھويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ
كېتىشتى.

— كەچ بولغاندا نەگە ماڭدى ئۇ-
لار؟— سورىدىم مەن.

— دىنشىگە* بولمامدۇ،— دېدى
تۇغقىنىم غۇدىراپ،— بىر مۇئەللىم دە-
شى ئاپتىكەن، خۇدايىم باركى، شۇنىڭدىن
بېرى بۇ ساقالاندىلارنىڭ ئەۋزىسى باش-
لاندى. ھەر ئاخشىمى بىر بارمىسا يىگەن
ئېشى تېنىگە سىڭمەيدۇ. ھازىر كەنتنىڭ
ھەمما ياش - يۆسەنلىرى ئاخشىمى شۇ
يەرگە يىغىلىدىغان بولغانمىش، مۇئەل-
لىم كىشى بېشىغا بىر موچەندىن پۇل
يىغىۋالارمىش.

ئالدىمدا ئەينىكى ئىستىن قارايغان
كونا پەنەر چىراغ كىرىمسەن يىپىنىپ
تۇراتتى.

* دەنشى— تېلېۋىزور، دېسمەكچى.

— مۇئەللىم توكنى قانداق ھەل قىپتۇ؟ — قىزىقىپ سورىدىم مەن.

— ۋېلىسىپىتنى تەپسىلا بىر نېمىسىدىن توك چىقىدىغان ئوخشايدۇ. مەنمۇ ئارىلىقتا بىر ئاخشام بېرىپ كۆرۈپ كەلدىم. ئىككى ئادەم ۋېلىسىپىتنى نۆۋەت بىلەن تېپىپ تۇرىدىكەن. ۋېلىسىپىت توختاپ قالسا دەنىشمۇ ئۆچىدىكەن ... ھەي ... مۇشۇ باللارنىڭ غەلۋىسى ئۈچۈنلا بىزمۇ دەنىشدىن بىرنى ئالايلى دېگەن، شۇغىنىسى، توك يوق دەڭا، شەھەرگە بارسام ئاتامىلارنىڭ ئۆيىدىن كەلگۈم كەلمەيلا قالىدۇ. توك چىراغ... نېمىدېگەن يورۇقچىلىق. بۇ يەردە قارا چىراغنىڭ دەستىدە ئىچىمىز قۇرۇمداپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز، — تۇغقىنىم ئېغىر ئۇھسىنىپ جىم بولۇپ قالدى.

— مېنىڭمۇ جىق پىلانلىرىم بار ئىدى، — دېدى تۇغقىنىمنىڭ ئېرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۇلاپ، — شەھەر ئەتراپىدىكى يېزا، كەنتلەرنى كۆرسەم ئىچىم قايناپ كېتىدۇ. شۇ يەردىكىلەرگە ئوخشاش ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى قۇرسام دەيمەن، ئەمما توك يوق دەڭا، مانا ئەمسە دەپ توك چىقىرىدىغان ماتوردىن بىرنى ئېلىپ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرايمىكىن - يا. سىز كۆپنى بىلىدىغان ئادەم. بىر مەسلىھەت بېرىڭا.

مەن ئۈندىمىدىم. ماددىي ۋە مەنىۋى پاراۋانلىققا شۇنچە ئىنتىلىپمۇ تېخىچە قارا چىراغدىن قۇتۇلالمايۋاتقان ياخشى نىيەتلىك، ئەمما ساددا پىكىرلىك بۇ دېھقاننىڭ بويىنغا ئېسىلغۇم، يۈزۈمنى يۈزىگە ياققۇم كەلدى. بوغۇز يېمىگەن قىرچاڭغۇ ئاتتەك قىرىق يىلدىن بېرى قىردىن ئاشالمايۋاتقان بۇ نامرات كەنتتە ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش ئەلۋەتتە بىر دېھقاننىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك جامائەت جۇغلانمىسى كېرەك ئىدى. جامائەت جۇغلانمىسى... ئەقەللىيسى كەنت پارتىيە ياچېيكىسى ۋە كەنت ھەمكارلىق كومىتېتىنىڭ ئىش باشقۇرىدىغان بىرەر ئېغىزلىق ئىشخانىسى تۇگۇل قومۇش كەپىسىمۇ بولمىغان يەردە جامائەت جۇغلانمىسى دېگەندىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟ بۇ ئىشلار توغرىلىق كەنت ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئويلانغان - ئويلانمىغانلىقىنى، ئويلىسا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىمۇ خىزمەت ئىشلىمىدى دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ ناچارلىقى كىشىنى چۆچۈتەتتى. بىز ئەتىسى — ئاق يېغىن توختىماي يېغىۋاتقان كۆڭۈلسىز بىر ئەتىگەندە قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن كەنت مەسچىتىگە باردۇق. نامازدىن تارقاپ ئەمدىلا سىرتقا چىقىشىمىزغا كەنت پارتىيە ياچېيكىسى شۇجىسىنىڭ:

— جامائەت، تارقاپ كەتمەڭلار، مەجلىس ئاچىمىز! — دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلىدىم. مانا بۇ، بۇ يەردىكى كەنت كادىرلىرىنىڭ مەجلىس ئېچىش ئۇسۇلى. نامازدىن كېيىن قەبرىستانلىققا بېرىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقا ئالدىراۋاتقان جامائەت جايىغىلا چۆكۈپ، ئۈنسىز مۆكچىيىپ ئولتۇرۇشتى. يامغۇر كۆچىيىۋاتاتتى. ياچېيكا شۇجىسى جامائەت ئارىسىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ، سۆرلۈك، ۋەھىمىلىك ئاۋازدا ئۈنلۈك سۆزلەشكە باشلىدى:

— يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جىددىي ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، بىز ياچېيكىدا كەنت بويىچە ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدىغان غەللە - پاراق ۋەزىپىسىنى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئورۇنداپ بولۇشنى قارار

قىلدۇق. كىمدە - كىم ئۆزىگە تېگىشلىك
غەللە - پاراق ۋەزىپىسىنى بۇ مۇددەت ئىـ
چىدە تاپشۇرمايدىكەن، ھەسسىلەپ جەرىـ
مانە ئېلىنىدۇ. قارشىلىق قىلغانلارغا جىددىي
تەدبىر قوللىنىلىدۇ!

مەن ئۇنىڭ خۇددى گۇلدۇرمامىدەك
ھەيۋەت ئاگلىنىۋاتقان بۇ جىددىي بۇيرۇقـ
دىن چۆچۈپ، ئىتتىك جامائەتكە قارىدىم.
ھەممەيلەننىڭ بېشى چۈشكەن، چىرايىدا
قايغۇ، تەشۋىش. ئېغىز ئېچىشقا پېتىنىدىـ
غان بىر ئادەم يوق، سۈكۈت، سۈكۈت،
سۈكۈت!

يامغۇردىن ئەمەلىشىپ تاسىمىدەك
بولۇپ كەتكەن بۇغداي ئۈنچىلىرىنى
قانداق تەپكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەن
بۇ شۇجىنىڭ شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتـ
قانلىقى ناھايىتى ئېنىق، شۇ تاپتا ئۇنىڭ
ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش خامانلاردىكى
بۇغداي ئۈنچىلىرىنى يامغۇرنىڭ زىيىنىدىن
قانداق قۇتقۇزۇپ قېلىش ئەمەس، يېزىلىق
پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىن تېگىل
بولىدىغان ماختاش سۆزى ۋە قۇرۇق، ساختا
شان - شەرەپ!

مەن ناھايىتى كەيپسىز ھالدا مەسـ
چىت يېنىدىكى يەنە بىر تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىـ
گە كىردىم. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ھېيت خۇ-
شاللىقىدىن ئەسەر يوق. تۇغقىنىم بىرنەچچە
قوينى قوتاندىن ھەيدەپ چىقىپ ھارۋىغا
باسماقچى بولۇپ تۇرغانىكەن.

— قويلارنى نەگە ئاپىراي دەيسىز؟ —
دەپ سورىدىم مەن ئامانلىق سوراشقاندىن
كېيىن.

—ساتايمىكىن دەيمەن، تېزدىن غەللە-
پاراققا تاپشۇرىدىغان ئاش ئالمىسام بولمىغۇ-
دەك. جەرىمانىسى يامان دەگا بۇ خەقنىڭ.

— ئاشنى نەدىن ئالسىز؟

— يېزىنىڭ سېگىدىن.

— ئۇنى نەگە تاپشۇرىسىز؟

— يەنە شۇ سائىغا، — تۇغقىنىم مېنىڭ
كېيىنى ئاگقىرالماي قالغىنىمنى پەملەپ،
چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى، — غەللە - پاراققا
تېگىشلىك ئاشنى سائىنىڭ زاپاس ئاشلىقىـ
دىن تاغارغا قاچىلاپ جىگىلىتىمىز، پۇلنى
تۆلىگەندىن كېيىن، يەنە سائىغا تۆكىمىز.

بىچارە دېھقان! دېھقانىنىڭ يىلىكىنى
قۇرۇتىدىغان مۇنداق رەسمىيەتۋازلىققا كۆز
بىلەن كۆرمىگەن ئادەمنىڭ ئىشىنىشى ھەقـ
قەتەن تەس!

مەن چۈشكە يېقىن ھېلىقى تۇغقىنىمـ
نىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدىم. تۇغقىنىم ھويـ
لىسىدا بەخىرامان قوي سويىۋاتقانىكەن.

— غەللە - پاراق تاپشۇرىدىغان ئىشنى
قانداق قىلىدىغان بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدىم
مەن بىر خىل ئەندىشە بىلەن.

— تاپشۇرىمەن، — پەرۋاسىزلىق
بىلەن جاۋاب بەردى ئۇ، — قېنى، خامان
بىر قۇرۇسۇن.

— جەرىمانە تۆلەيدىكەنسىز - دە ئۇنـ
داقتا.

— ھى... ھى... ھى... — ئۇ مەنىلىك
كۈلۈپ قويدى، — ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس،
ناھايىتى كەتسە بىر پاقلاننىڭ بېشى
كېسىلەر.

ئۇ بىر ياقتىن قوي سويىۋېتىپ، بىر
ياقتىن ئۆزى توغرىلىق سۆزلەپ بەردى.
ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مۇشۇ كەنت بويىچە
خېلىلا ھال - كۈنى ياخشى دېھقانىنىڭ بىرى
ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنىڭ ھەر يىلقى بۇغـ
داي ۋە پاختىسىنىڭ مو بېشى بىرلىك مەھـ
سۇلاتى باشقا دېھقانلارنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى

ئىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ جاپالىق ئىشلىگىنىدىن ۋە زىرائەتلەرنى تېخنىكىلىق تەلەپكە لايىق تېرىپ باشقۇرغىنىدىن باشقا، سۇ شۇنچە قىس شارائىتتىمۇ ئۆز زىرائەتلىرىنى باشقىلاردىن بىر ئىككى قېتىم ئوشۇق سۇغىرالايدىكەن، ئەتىياز ۋە كۈزلۈكى تېرىلغۇ يەرلىرىنى باشقىلاردىن بۇرۇن ئوسا قىلىۋالالايدىكەن، ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىغا ئۇ گاھىدا بارماي قالسىمۇ كادىرلار ئۇنى ئانچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيدىكەن. قىسقىسى، ئۇ جەرىمانە ۋە ئېرى - بېرى سوئال - سوراقلاردىن خالىي ئىكەن. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ ئۇنىڭ داستىخىنى كەڭرىكەن. يېزا رەھبەرلىرى بىلەن قويۇق ئۈلپەتچىلىكى بار ئىكەن. ئۇلار كىچىك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ بۇ كەنتكە كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولماي، بىرەر پاقلىنىنى يېمەي كەتمەيدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ ئاددىي بىر دېھقان بولۇشىغا قارىماي يېزا، كەنت كادىرلىرى ئۇنىڭغا ئېھتىيات ۋە ئېتىبار بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن، مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېتىپ ئىختىيارسىز مۇنۇلارنى ئويلىدىم: يېزا مەسئۇللىرىنىڭ بۇ كەنتكە يالغۇز ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇش، گۆش، كاۋاپ يېيىش ئۈچۈنلا كېلىشى ناتايىن، ئەمىسە نېمىشقا كېلىدىغاندۇ؟ ئۇلار كەنتنىڭ غېرىب، ۋەيرانە ھالىتىنى ھەر قېتىم كۆرگەندە، ئۆزلىرىدە ئاز - تولا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى سېزەمدىغاندۇ؟ بۇ كەنتنىڭ قىرىق يىلدىن بۇيانقى نامرات، قالاق ھالىتى ئۇلارنىڭ پارتىيىۋىلىك ۋىجدانىنى ئازابلىمىغانمىدۇ؟

— مەن بۇ ئۆيدە ئەتىسى ھېيتلاپ كىرگەن زايىت ئاكا بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. ئۇنىڭ چاچ - ساقاللىرى تۇگەل ئاقارغان، بەللىرى مۈكچەيگەن، ئۇستىبېشى كونىرىغان، نۇرسىز كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇراتتى. مەن زايىت ئاكىنى ياخشى بىلىمەن، ئۇ 50 - يىللاردا پارتىيىگە كىرگەن، مۇشۇ كەنت دېھقانلىرىغا نەچچە ئون يىل باشلامچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى فېئودالىزم ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش كۈرىشىگە يېتەكلىگەن پېشقەدەم كادىر. شۇڭا دېھقانلار ئۇنى ھازىرغىچە ھۆرمەتلەپ، «زايىت مۇدىر» دەپ ئاتايدىكەن. مەن ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدا ئىشلىگەن خىزمەتلىرى توغرىسىدىكى تەسىراتىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە، پاراڭنىڭ تېمىسىنى ئاستا - ئاستا 50 - يىللارغا يۆتكىدىم.

— ۋاھ، خىزمەت دېگەننى مانا شۇ چاغدا ئىشلەپتىكەنمىز جۇمۇ، — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ، — ئۇ چاغدا پارتىيىگە ئۆتمەكمۇ ناھايىتى تەس ئىدى. مانا مەن ئۆزۈمنى ئالسام ناھايىتى قاتتىق سىناقلاردا سىنىلىپ ئاندىن ئۆتكەن. شۇڭا خىزمەت ئىرادىمىز كۈچلۈك ئىدى. ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك ماشىنا، ۋېلىسىپىت دېگەنلەر نەدە دەيسىز؟ تالاي يولنى پىيادە مېڭىپ يۈرۈپ خىزمەت ئىشلەيتتۇق. كېچە - كۈندۈز كەنتنىڭ، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ غېمىنى يەيتتۇق. ئۇلارغا يار - يۆلەك بولاتتۇق، خىرمەتتە ئۆزىمىزگىمۇ قاتتىق تەلەپ قوياتتۇق. ئەقەللىيسى، بىرەۋنىڭ قوناقلىقىدىن بىر تۇتام ئوت ئېلىشنىمۇ ئۆزىمىز ئۈچۈن نومۇس دەپ بىلەتتۇق. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە پارتىيە ئەزاسى سەرخىلنىڭ سەرخىلى ئىدى. ھەي...

ئۇ خورسىنىش ئىچىدە توختاپ قالدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئېيتالمىغان گەپلىرىنىڭ ئېمىلىكىنى بىلىشكە تىرىشتىم. توغرا، ئۇنىڭ هازىر خىزمەت ئىشلەۋاتقان ئايرىم يېزا ـ كەنت كادىرلىرىنى ئەيىبلەشكە تىلى بارمايدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئويلىسا ئىچى سىيرىلىدۇ. ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولىدۇ. كەينىدىن سۆزلىسە غەيۋەت قىلغان بولۇپ قالىدۇ، ئالدىدا سۆزلىسە بېشىغا توقماق تېگىدۇ. نامراتلىق دەردىدە ئازاب چېكىۋاتقان دېھقانلارنىڭ ئەرز ـ هالى بىلەن ئەمەس، كىچىك ماشىنىدا ئولتۇرۇشنىڭ غېمىدە قالغان ئادەملەرگە نەدىكى بىر «سۆرەلمە قېرى» نىڭ تەنبىھ ـ نەسىهەتلىرى قانچىلىك كار قىلاتتى؟ زايىت ئاكام خۇش ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. ئارقىسىدىن تۇغقىنىم ئىچ ئاغرىتقان هالدا:

ــ نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن. هازىر يېنىدا هالىدىن خەۋەر ئالىدىغان باللىرىنىڭ تايىنى يوق. هەممىسى ئۆزلىرىنىڭ غېمى بىلەن. قېرىپ كۈچىدىن قالغاندا بۇ ئادەمگە كۈن كەچۈرمەك تولىمۇ تەس بولدى، ــ دېدى.

ئۇ ئۆمرىنىڭ يېڭى ئەۋقىران چاغلىرىنى پارتىيە ۋە خەلق خىزمىتىگە بېغىشلىغان. خىزمەتتە پاك، ئادىل بولۇپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمىغان، باشقىلار ئۈچۈن غەم يېگەنۇ، ئۆزىنىڭ هال ـ كۈنى توغرىلىق ئويلىمىغان. ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە قېرىپ كۈچىدىن قالغان چاغدا قولىنىڭ قىسقىلىقى بىلىنىپ، بىراقلا نامرات ئائىلىلەر قاتارىغا چۈشۈپ قالغان. كەنت كادىرلىرى هازىر ئۆز مەھەللىسىدە مۇشۇنداق بىر پېشقەدەم كوممۇنىستنىڭ بارلىقىنى بىلەمدىكىن؟ ئۇنىڭغا يار ـ يۆلەك بولۇش، هال ـ كۈنىدىن خەۋەر ئېلىش ئۇلارنىڭ خىيالىغا كېلەمدىكىن؟

يۇقىرىقىلار مېنىڭ 1990 ـ يىلى يازدا ئۆز مەھەللەمدە بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىم. مەن ناھىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ناھىيىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنىڭ بىرىگە بۇ ئەھۋالنى، بولۇپمۇ دېھقانلار ئۈستىدىكى نامۇۋاپىق سېلىقلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ۋە ئېغىر ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇشۇنداق ئىشلاردىن ئۇنىڭ خەۋىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىدىم.

ــ خەۋىرىم بار، ــ دېدى ئۇ ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن، ــ بىزغۇ يىغىنلا ئاچساق ئۇنداق قىلماسلىقنى تەكىتلەپ تۇردۇق.

شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ بۇ بىر كەلىمە سۆزىدىن يېزىلاردا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان خاتا يەرلىك سىياسەتكە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ سۈكۈت قىلىش، قۇلاق يوپۇرۇۋېلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس. ئىدىيىۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى چۆرۈپ تاشلاپ، هەممىدە پۇلغا قاراش شامىلى ئەدەپ كەتكەن ۋەزىيەت ئاستىدا بۇ رەھبىري كادىرنىڭ تۆۋەندىكىلەر ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپە كۆرسەتكۈچىنى ئورۇندايلا بەرسە، ئۇلارنىڭ خىزمەتنى قانداق ئىشلىشى بىلەن هېسابلىشىپ ئولتۇرمىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېزىلاردىكى تۈرلۈك ــ تۈمەن زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، مۇناسىپ سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى بەلگىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن

1990 - يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ يېزا - چارۋىچىلىق رايونلىرىغا سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمەت ئۆمەكلىرىنى ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن 400 دىن ئارتۇق كادىر 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن بۇرۇن تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا يۈرۈپ كەتتى. بۇ قېتىمقى سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ئۈنۈمى قانداق بولار؟ مەن بۇ سوئالغا ئەمەلىيەتتىن جاۋاب تېپىش مەقسىتىدە بۇ يىل باھار بايرىمىدىن كېيىن ئۆگەن ۋادىسىدىكى نامرات يۇرت توقسۇ ناھىيىسىگە بېرىپ، بۇ يەرنىڭ كەڭ يېزا - كەنتلىرىنى، دېھقان ئۆيلىرىنى ئارىلىدىم.

1

1990 - يىلى قىش، دەل - دەرەخلەر يالىڭاچلىنىپ، ئېتىز - داللار چۆلدەرەپ قالغان. قازاندا ئېرىتىپ، ئەتكەنلىك ئاش ئېتىش ئۈچۈن كۆل كىرۋىكىدە مۇز چوقۇۋاتقان ئايالنىڭ پالتىسىدىن چىقىۋاتقان رىتىملىق ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىككى ئادەم كالا، ئېشەكلىرىنى يېتىلەپ كۆل بويىغا كەلدى، بىر - بىرى بىلەن سالاملاشتى. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تېشىلگەن كاچكۇلدىن كۆلنىڭ دۇغلىنىپ، مەينەتلىشىپ كەتكەن ئاخىرقى سۈيىنى چېلەكلىرىگە ئۇسۇۋېتىپ، ئۆزئارا پاراڭغا چۈشۈشتى.

— يېزىغا ئۈرۈمچىدىن كادىرلار كەلگەنمىش، ئاڭلىغانلا؟

— ئاڭلىدىم، ئەتە - ئۆگۈنگە قالماي كەنت - كەنتلەرگە چۈشەرمىش. ئارىسىدا چوڭ باشلىقتىن بىرىمۇ بارمىش تېخى.

— كۆتۈرگە بەرگەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، مال - چارىپاينى مەجبۇرىي سېتىۋالغۇدەك دېگەن گەپنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

— يۇقىرىنىڭ سىياسىتى ئۆزگىرىپتۇ ئەمىسە، شۇڭا ئۇلار قىشنى قىش، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي ئۈرۈمچىدىن پالاقشىپ كەلگەن گەپ. ھەي ئېسىت، كۆردىلىمۇ بۇ ئىشنى؟ سىياسەت ئۆزگەرمەيدىغان بولدى دەپ كۆڭلىمىز خېلى تىنجىپ قېلىۋىدى، شۇڭا يەرگە قىش - ياز ئىشلەپ كەتكىنىمىز... يەرنىڭ زىيى قۇرۇپ، ئوغۇتقىمۇ قانغان. ئىككى - ئۈچ يىلدىن بېرى مەھسۇلاتىمىزمۇ خېلى ئاشۇرۇپ ئېلىۋىدىم. تېخى ئەمدى قانات - قۇيرۇقۇم تۈزۈلۈپ، تېرەمگە ئەت قوناي دېگەندە يەرنى تارتىۋالسا، ماڭا ئوۋال بولىدۇ جۇمۇ.

— ۋاي شۇنداق بولمامدىغان، زىيان دېگەن ئاچچىق، شۇڭا مەنمۇ مۇشۇ بازار كۈنىلا قوي - كالىلىرىمنى شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىۋېتىپ، ئىشىشىپ ئولتۇراي دەۋاتىمەن، ئاڭلىسام ھازىر چارىپاينىڭ نەرخى چۈشۈپ كەتكەنمىش، بىكارلا زىيانغا ئولتۇرۇپ قالىمەنمىكىن دەپ تېخى قورقىمەن.

مانا بۇلار ئىچكىرىق يېزىسىنىڭ دېھقانلىرى. خىزمەت ئەترىتى ئىچكىرىق يېزىلىق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى خىزمەت بىناسىغا ئەمدى كىرىپ كېلىۋىدى، بۇ خەۋەر يېزا تەۋەسىدىكى 21 كەنت ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىغا قارا بورانىدەك تارقاپ، يېزىدىكى 4400 ئائىلىلىك دېھقان ئاشۇنداق تەشۋىش ۋە گۇمان بىلەن تولغان خىيال ۋە مۇلاھىزىگە چۈشتى. خىزمەت گۇرۇپپىسى دېگەنگۇ ناھىيىدىن،

گاھىدا ۋىلايەتتىن پات - پاتلا چۈشۈپ
تۇرىدۇ. بۇ يەرنىڭ دېھقانلىرىمۇ، كادىرلىرى-
مۇ بۇنىڭغا كۆنۈك. بىر مەزگىل مەجلىس
قىزىپ كېتىدۇ. ئۇلار كۈنلەپ - كۈنلەپ
سۆزلەيدۇ، دېھقانلار ئاڭلاپ - ئاڭلاپ ئۇخلاپ
قالىدۇ. گەپلەر دەبدەبىلىك، چىرايلىق،
تەسىرلىك... ئەمما بەزى چاغلاردا
ئۇلار كەتكەن ھامان ئېيتىلغان گەپلەر،
قىلىنغان قارارلار، چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇقلار،
تۈزۈلگەن تۈزۈم - قائىدىلەر ئۇلارنىڭ
سايىسى بىلەن تەڭلا يوقىلىدۇ... ئەمما
بۇ قېتىمقىسى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغاندەك
قىلاتتى، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ناھىيە،
ۋىلايەتتىن ئەمەس، ئاپتونوم رايوندىن
كەلگەنلىكى، تېخى ئۇلارنىڭ ئىچىدە «چوڭ
بىر باشلىق» نىڭ بارلىقى ھەر قانداق
ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمايتتى.
ئانچىكى بىر ئىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون-
دىن ئادەم كېلىپ يۈرمەيدۇ - دە، چوقۇم
بىر ئىش تەۋرىتىدۇ!

دېھقانلاردىن ئېيتىپ، يېزا - كەنت
كادىرلىرىمۇ غەم - تەشۋىشكە چۈشتى.
ئۇلار ئىختىيارسىز 60 - يىللاردىكى
«تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتىنى ئەسكە
ئېلىشتى. ئۇلارنى ئويلىغانسېرى كۆڭلىدىكى
قولى ئىشقا بارمايدىغان، كېچىسى ئۇخلىيال-
مايدىغان بولۇپ قېلىشتى. نېمىشقا شۇنداق؟
بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، ئۇلار
خىزمەتتە يا ئۇنداق - يا مۇنداق خاتالىق،
سەۋەنلىكلەرنى ئۆتكۈزگەن، خىزمەت ئەترى-
تىنىڭ ئەمدى بۇلاردىن بىر - بىرلەپ ھېساب
ئېلىشى چوقۇم. جازالىنىپ كېتەرمۇ، ۋەزى-
پىسىدىن ئېلىپ تاشلىنارمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن
شۇنچە يىل ئىشلىگەن جاپالىق خىزمەتلىرى،
يارىتىقان تۆھپىلىرى بىر يولىلا
كۆمۈلۈپ كېتەرمۇ؟!

يېزىلىق پارتكوم شۇجىسى ئەخمەت
رەھمەت قارىمۇتۇق، چوڭ - چوڭ كۆزلىرى
زېرەكلىك بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان
تىرەن پىكىرلىك، چوس مىجەزلىك
يىگىت. ئۇ خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر بىلەن
بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ،
ئۇلارنى خىزمەت بىناسىغا قىزغىنلىق بىلەن
باشلاپ كىرىپ كېتىۋاتقان چېغىدا، خىيالى
خۇددى ئۇچىنى تاپقىلى بولمايۋاتقان
بىر كالىلەك يىپتەك چىگىشلىشىپ كەتتى.
ئۇ 1988 - يىلى يېڭىدىن يېزىلىق
پارتكوم شۇجىلىقىغا تەيىنلەنگەن چاغدا
يېزىلىق پارتكوم قورۇسىنىڭ ئىككى قانتى
ماكچىيىپ، بىر ياقىغا قىڭغىيىپ قالغانلىق-
تىن ئاچقىلى بولماس ھالغا يەتكەن ئەب-
جەق ياغاچ دەرۋازىسىدىن كىرىپ، تاملىرى
زەيدىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ۋەيرانە بىر
ئېغىزلىق كونا ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ، بۇ
يېزىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىنى
تۈزگەن. ئىشنى ئالدى بىلەن ئاساسىي
قۇرۇلۇش، يېزا كارخانىلىرىنى تەرتىپكە
سېلىش ۋە شالچىلىقنى تۇتۇشتىن باشلىغان،
ئىككىنچى يىلىلا بۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگەن.
ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان
قولماق ئۆستۈرۈش مەيدانىنى ھۆددىگە
بېرىپ، يىللىق كىرىمىنى دەسلەپتە 40
مىڭ يۈەن، كېيىن 60 مىڭ يۈەنگە
يەتكۈزگەن. ئىقتىسادىي جۇغلانمىنى تەكرار
ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا
سەرپ قىلىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنى
كېڭەيتىش ۋە يېزا تەۋەسىدىكى 10
ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ بىناسىنى قايتا
سېلىش ئۈچۈن 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ
سالغان. ئاشلىق مەھسۇلاتىنى يىلمۇ

يىل ئاشۇرغانلىقتىن، 1990 - يىلىغا كەل-
گەندە يېزا بويىچە كىشى بېشىغا توغرا
كەلگەن ئاشلىق 1700 جىڭغا يەتكەن.
ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى كۈچلۈك
ئىدى. يۇقىرىدىن كەلگەن ھەرقانداق ئادەم-
نىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان يوليو-
رۇق ۋە بۇيرۇقلىرى ئالدىدا «لەببەي»
دەپ تۇرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. مانا،
ئەمدى ئۇنىڭ ئالدىدا خىزمەت ئەترىتى...
ئۇنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ۋە كەلگۈسى توغ-
رىسىدىكى ئوي - پىلانى خىزمەت ئەترەت-
دىكىلەرنىڭ قانداق باھا بېرىشىگە دۇچ
كېلەر؟ قارشىلىشىپ قېلىشىپ ئەدەبلىنىپ
كېتەرمۇ؟ ئۇنىڭ ئىختىيارسىز قوشۇمىسى
تۈرۈلدى...

مەنغۇ بۇلارنىڭ كۇكۇلامىغا ئېسىلە-
ۋېلىشىدىن قورقمايمەن، ئەڭ ياخشىسى،
بۇلار ئىلمىي تېرىقچىلىق ۋە پەن - تېخ-
نىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانىمغا چات كې-
رىۋالمىسا بولاتتىغۇ، مانا بۇ ئەنۋەر سې-
يىتنىڭ كۆڭلىدىكى ئۈنسىز تەشۋىشى.
ئەمدىلا 27 ياشقا كىرگەن، كۆكۈش كۆز-
لىرى ۋە ئاقۇش چىرايىدىن تېخى بالىلارغا
خاس ساددا خۇش خۇيلۇق، ئاق كۆڭۈللەرچە
كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ يىگىت-
نىڭ مۇشۇ يېزىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىگە
ئىشىنىش قىيىن. ئۇ ئاددىيلا يېزا يىگىتى
ئەمەس، تارىم يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېر-
سىتېتىنىڭ دېھقانچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتت-
تۈرگەن ئىختىساسلىق زىيالىي. ئۇ بۇ يېزى-
نىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن،
ئىشنى پەن - تېخنىكا ۋە ئىلمىي تېرىق-
چىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تۇتۇشتىن باشلاپ،
دېھقانلارغا پائال يېتەكچىلىك قىلغان، ئۆزى
شالچىلىق مەيدانىدا نۇقتىدا تۇرۇپ، ياۋا

ئوت - چۆپلەرنى خىمىيىۋى دورىلار بىلەن
يوقىتىش ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق «شىنجاڭ
401» نومۇرلۇق سورتلۇق شال ئۇرۇقىنى
تېرىش، كېڭەيتىش جەھەتتە ئەمەلىي
نەتىجە ياراتقان. نەتىجىدە ئىچكىرىق يېزى-
سىدىكى شالنىڭ مو بېشى بىرلىك مەھسۇ-
لاتى ناھىيە بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتت-
كەن. ئۇنىڭ 1991 - يىلىغا قارىتا كۆڭلىگە
پۈككەن نۇرغۇن پىلانلىرى، ئوي ۋە
تەسەۋۋۇرلىرى بار ئىدى. ئەمدى قانداق
بولار؟

2

شۇۋىرغان يۇزگە زەھەردەك سانجىل-
لىپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت
دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېنىغا سېلىنغان بوت-
كىلاردىكى يەككە تىجارەتچىلەر، گازىر،
لەڭپۇڭ ساتقۇچىلار دۈگدىيىپ ئولتۇرۇ-
شاتتى. پەقەت ئاشخانىلاردىلا قىزغىن
ھايات داۋام قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.
ئاشخانىلارنىڭ ئىشىك - دېرىزىسىدىن قو-
يۇق ھور كۆتۈرۈلەتتى، ئۇنىڭ ئالغۇدىن
ئاڭلىنىۋاتقان ناخشا - مۇزىكا ئاۋازى خېلى
بىر يەرلەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
كىچىك ماشىنا دەرۋازا ئالدىدىكى
يول چېتىگە كېلىپ توختىدى. يېزا
مەسئۇللىرى ئۇلارنى بۇرۇنلا كۈتۈپ
تۇرغان. ماشىنىدىن چۈشكەن تۆت كىشى
ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ
كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئارقىسى-
دىكى ئوتتۇرا بويلۇق، بەستلىك بىر كىشى
دەرۋازا يېنىدىكى تاملىرى ئولتۇرۇشۇپ،
يېرىلىپ كەتكەن بىر نەچچە ئېغىزلىق كونا
ئۆيگە ئىختىيارسىز قاراپ قالدى. ئۇيغۇر
ى

بىناكارلىق ئۇسلۇبىدا ئىككى قەۋەتلىك، يارىشىملىق قىلىپ سېلىنغان يېپيېڭى، كۆركەم بىنا ئالدىدىكى بۇ بىر يۈرۈش ئۆي كۆرۈمسىز، ۋەيرانە بىر ھالەتتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

— بۇ نېمە ئۆيلەر؟ — سورىدى ئۇ يېنىدىكى يېزا باشلىقى ئەنۋەر سىيىتتىن.

— يېزىلىق رادىئو ئۇزېلى، — جاۋاب بەردى يېزا باشلىقى. ئۇ كىشى دەرۋازىدىن كىرىپ، ئۈن تىنىسىز رادىئو - ئۇزېلىغا قاراپ ماڭدى. ئۆيگە كىردى - يۇ، يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. ئۆينىڭ تورۇسىغا نەچچە يەردىن ئاچا يۆلەنگەن، چاك كەتكەن تاملىرى ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ قالغانىدى. تورۇستىن توپا قۇيۇلۇپ تۇراتتى.

— ئۆيلەر خەتەرلىككەن، — دېدى ئۇ يېزا باشلىقىغا قىسقىلا قىلىپ، — ماشىنا، ئاپپاراتلارنى يۆتكەۋەتمىسەڭلار بولمىغۇدەك.

— ماقۇل، بۈگۈنلا يۆتكەۋېتەيلى، — دېدى ئەنۋەر سىيىت. شۇ كۈنى كەچكىچە رادىئو ئۇزېلىنىڭ ماشىنا - ئاپپاراتلىرى ۋە باشقا ئەسلىھەلىرى بۇ ئۆيلەردىن يۆتكەپ كېتىلدى. ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئەتىسى سەھەردە كىشىلەر بۇ ئۆيلەرنىڭ يان تېمىنىڭ بىر يولىلا ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈشتى.

يېزا مەسئۇللىرى خىزمەت ئەترىتىدىكىلەر ئۈچۈن مەخسۇس مېھمانخانا ۋە ئاشخانا تەييارلاپ قويغان، ئۇلار خىزمەت ئەترىتىدىكىلەرنى ئالدى بىلەن ئاشخانىغا باشلاپ كىرىپ، ئاندىن مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرماقچى بولۇشتى.

— بۇنداق قىلىشىنىڭ لازىمى يوق، — دېدى ھېلىقى كىشى، — بوش ئىشخانىلار بولسا ۋاقىتلىق ياتاق قىلىپ يېتىپ تۇرساق بولىدۇ. تاماقنى يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسىدىن يەيلى. ئالدى بىلەن ئېيتىپ قويۇدىغىنىم، ھېسابات ئېنىق بولسۇن، ياتاقنىمۇ، يېگەن تامىقىمىزنىمۇ مۇشۇ يەرنىڭ نەرخى - باھاسى بويىچە پۇل تۆلەيمىز.

شۇ كۈنى كەچتە خىزمەت ئەترىتى، ۋە يېزا مەسئۇللىرىنىڭ باش قوشۇش يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. يېزا مەسئۇللىرى شۇ چاغدىلا ئوتتۇرا بويلۇق، بەستلىك، ئاندا - ساندا ئاق ئارىلىغان يىرىك چاچلىرى بۇغداي ئۆڭلۈك چىرايىغا تولىمۇ يارىشىپ تۇرىدىغان، گەپ - سۆزلىرى ۋەزىنلىك، ئوچۇق چىراي بۇ ئادەمنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ناھىيىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىچچېرىدىق يېزىلىق سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. يېزا مەسئۇللىرى ھەمىشە ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ گەپنى چاقچاق ئارىلاش قىلىدىغان، سۆزلىرى يۇمۇرلۇق، پەۋقۇلئاددە كىچىك پېئىللىقىدىن (?) مىجەزىنى بايقاپ قالدى. ئۆگەن ۋادىنىسى خەلقى مۇشۇنداق خۇش چاقچاق، دىلكەش ئادەملەرنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدۇ - ھە؟ مەجلىس ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى. ئۇ كىشى خىزمەت ئەترىتىنىڭ كېلىش مەقسىتى توغرىلىق ئەزۋەيلەپ ئۇزۇنىدىن ئۇزۇنغا سۆزلەپ كەتمەي، يېزىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقاندىن كېيىن، ئەخمەت رەھمەتتىن ئۇشتۇمتۇتلا:

— يېزا بويىچە، نامرات، بەشتە

كىيىنكى ئائىلىدىن قانچىسى بار؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— 270 نامرات ئائىلە بار، — دەپ جاۋاب بەردى ئەخمەت رەھمەت سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ، — بۇنىڭ ئىچىدە 60 ى بەشتە كىيىنكى ئائىلە.

— مەن ئالدى بىلەن بەشتە كىيىنكى ئائىلىلەرنى كۆرەي، مىنى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيلىرىگە باشلاپ بېرىڭ، — دېدى ئەترەت مەسئۇلى خاتىرىسىگە بۇ سانلارنى بىرمۇ بىر يېزىۋېتىپ.

بۇنىڭ يۈز قىزىرىدىغان نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى ياش پارتكوم شۇجىسى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى، ئەتىسى ئەتىگەندە خىزمەت ئەترىتىدىكىلەرنى كەنتمۇ كەنت، گۇرۇپپىمۇ گۇرۇپپا باشلاپ ماڭدى.

كىچىك ماشىنا نەمخۇش توپىلىق يېزا يولىدا يېنىك چايقىلىپ كېتىپ باراتتى. يۇپقا قار ئاستىدا سوزۇلۇپ ياتقان ئېتىز - داللار، سەھرا ھىدىنى ئۇچۇرۇپ يۈرگەن قىش شامىلى... يېزا يولىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا باغ - ۋارانلىق، ھويلىلىرى كەڭرى، ئىشىك - دېرىزىلىرى سىرلانغان ئېگىز، ياسىداق ئۆيلەرمۇ، دەرۋازا ئورنىغا شاخشا ئورنىتىلغان، چەللىرى يالىڭاچلانغان كېسەك تاملارمۇ، تاملىرىغا نەچچە يەردىن ئاچا يۆلەنگەن، تاقىر ئوچۇقچىلىقتا ۋەيرانە كەپىدەك چوقچىيىپ قالغان ئەسكى تاملىق پاكار ئۆيلەرمۇ تەڭلا كۆزگە چېلىقاتتى. مانا بۇلار يېڭى دەۋر ئېگى بىلەن قەدىمىي تۇرمۇش ئادىتى ئارىلىشىپ كەتكەن دېھقان مەدەنىيىتىنىڭ ئەمەلىي كۆرۈنۈشى. ماشىنا ئاشۇ ئۆيلەر ئارىسىدا گاھ ئىلگىرىلەپ، گاھ توختايتتى، ئەترەت مەسئۇلىنىڭ ئاشۇ كونا تاملار ئىچىدە دۈگدىيىپ، سوغۇقتىن دىرىلدەپ ئولتۇرغان ياشانغان ئاجىز بوۋاي - موماي لارنى، كېسەل چۈشىكىدە تامدەك سارغىيىپ ئىڭراپ ياتقان ئاغرىقلارنى، يېلىڭ، جۇلجۇل يوتقان ئىچىدىن باشلىرىنى سالمىدەك چىقىرىشىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ياتقان ئۇششاق باللارنى كۆرۈپ، ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. كۆزلىرىگە ياش كەلدى. بۇ ئائىلىلەرنىڭ ھالى بىر - بىرىنىڭكىدىن بەتتەر ئىدى. قىشتا قالايدىغان يېقىلغۇسىنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆيىدىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. بەزىلىرىنىڭ يېلىڭ - يىرتىق كىيىملىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن سوغۇقتا كۆكەرگەن يالىڭاچ بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئەڭ ئېچىنارلىقى، نامراتلار ئارىسىدا 50 - يىللاردا پارتىيىگە كىرگەن پېشقەدەم كوممۇنىستلارمۇ، ياشنىپ كۈچىدىن قالغان پېشقەدەم كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرىمۇ بار ئىدى. ئەترەت مەسئۇلى بۇلارنى كۆرۈپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. ئۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە قايتىپ كېلىپلا، يېزا مەسئۇللىرىنى يىغىپ جىددىي ھالدا:

— دۆلىتىمىز ئازاد بولغىلى 40 يىل بولدى، پارتىيىمىز خەلقىمىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا توغرا رەھبەرلىك قىلىپ، نەچچە ئون يىل تىرىشىش ئارقىلىق دۆلىتىمىزدىكى بىر مىليارد بىر يۈز مىليوندىن ئارتۇق خەلقنىڭ قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلدى. تەۋەيىڭلاردىكى نامرات، بەشتە كىيىنكى ئائىلىلەرنىڭ ھال - ئەھۋالىنى

ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. ئۇلار پارتىيىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىدىن، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىدىن ھازىرغىچە تولۇق بەھرىمەن بولالماپتۇ. سىلەر بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىلەر؟ ئەينى يىللاردا پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار بۈگۈن ياشىنىپ كەتكەندىن قالغانلىقى ئۈچۈنلا نامراتلار قاتارىغا چۈشۈپ قېلىشقا تېگىشلىكمۇ؟ ـ دېدى.

يېزا مەسئۇللىرىنىڭ بېشى چۈشتى، ئەترەت مەسئۇللىرىنىڭ ئاچچىق ئارىلاش قويۇلغان بۇ سوئالىدا يۇقىرى دەرىجىلىك بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ پارتىيىۋىلىك ۋىجدانى، مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا خەلق ئاممىسىغا بولغان چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

ــ ھازىرقى ئەڭ جىددىي مەسىلە،ــ دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،ــ بۇ ئائىلىلەرنىڭ قىشلىق كىيىم ـ كېچەك، يېقىلغۇ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك جەھەتتىكى ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش. مانا بۇلار بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز.

يېزا مەسئۇللىرى بىر ـ بىرىگە ئۈنسىز قارىشىپ قالدى. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى نەدە؟ بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل بولمىسا بولمايتتى، بۇنىڭغا كېتىدىغان پۇلنى دەماللىققا كەنتمۇ، يېزا مالىيىسىمۇ چىقىرالمايتى. ئەترەت مەسئۇلى شۇ كۈنى كەچتىلا خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇراخماننى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كۇچادا تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىم قوماندانلىق شتابىغا ئالاقىلىشىشقا ئەۋەتتى. ئازادلىق ئارمىيە خەلقنىڭ پەرزەنت قوشۇنى، ئۇلار ئۇيغۇر دېھقان قېرىنداشلىرىنىڭ مۇنداق قىيىنچىلىقتا قالغىنىنى ئاڭلىغاندا قانداقمۇ پەرۋاسىز قاراپ تۇرالسۇن؟! قوماندانلىق شتابى دەرھال قارار چىقىرىپ، بەشتە كېپىل 60 ئائىلە ئۈچۈن 60 قۇر پاختىلىق ھەربىي كىيىمنى يېرىم باھادا سېتىپ بەردى. ئەترەت مەسئۇلى نامرات ۋە بەشتە كېپىل ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە گۈرۈچ، ياغ ۋە گۆش سېتىۋالدى، ئۆزى ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەكنى بەشتە كېپىل ئائىلىلەرگە ئۆز قولى بىلەن تارقىتىپ بەردى.

مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ھەرقانداق ۋەز ـ نۇتۇق، بۇيرۇق ۋە ئەمىر ـ پەرمانلاردىن غالىپ، بەشتە كېپىل ئائىلە ۋە نامرات ئائىلىلەرنى كادىرلارنىڭ ئالاھىدە يوقلاپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە پۈتكۈل ئىچكىرىق يېزىسىغا تارقالدى. دېھقانلارنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي ئۆي ـ ئۆيلىرىدىن يۈگرۈپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى بولۇپ كۆرگىنى مېھرىبان چىراي، ھاياجان ۋە ئىسسىق كۆز يېشى بولدى. يېڭى كىيىمدىن ۋۇجۇدى يىللىغان قېرى ـ چۆرىلەر، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار ئەترەت مەسئۇلىنىڭ قولىنى سىلاپ، تارام ـ تارام خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈشمەكتە ئىدى.

ــ خۇدايىم ئۆمۈرلىرىنى ئۇزۇن قىلسۇن، جېنىم بالام، كەتمەن چاپالمىغاندىن كېيىن، مۇشۇنداق نامراتلىقتا قارانچۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمىز دەپ جېنىمىز قاقشاپ ياتقان. ئەمدى بەخت ـ تەلىيىمىزگە ھەرقايسىلىرى بېشىمىزنى سىيلاشقا

كۆلەمشىپلا، غەمخورلۇقلىرىغا رەھمەت!

— بۇ بىزنىڭ ئەمەس، پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى، — دېدى ئەترەت مەسئۇلى يىرتىق پالاز سېلىنغان كاڭنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ، — پارتىيە بىزنى سىلەردىن ھال سوراش ئۈچۈن، سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

ئۇنىڭ سۆزىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلاپ ئولتۇرغان بوۋاينىڭ ئاقۇش قاشلىرى سەكرەپ كەتتى:

— ۋاي شۇنداقمۇ، ئاڭلاپ قېلىڭلار جامائەت... پارتىيە بىزنى ئۇنۇتماپتۇ، بىزدەك غېرىب - غۇرۋالارنىڭ بېشىنى سىلاڭلار دەپ مۇشۇ كادىرلىرىمىزنى ئەۋەتىپتۇ. رەھمەت! پارتىيىمىزگە مىڭ - مىڭ رەھمەت!

ئاقيار كەنتىدىكى پېشقەدەم كادىر روزى مۆمىننىڭ ھاياجىنى ۋە شادلىقىنى ھېچنېمە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايتتى. بۇ 1953 - يىلى پارتىيىگە كىرگەن. ئۇزۇن يىل كەنت خىزمىتىنى ئىشلىگەن. كېيىن ياشىنىپ كۆچتىن قالغانلىقى تۈپەيلىدىن نامرات ئائىلىلەر قاتارىغا چۈشۈپ قالغان. ئەترەت مەسئۇلى يېمەك - ئىچمەك، سوۋغا- سالاملار ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە ھال سوراپ بارغاندا، ئۆزىنىڭ ئۆيدە يوق بولۇپ قالغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى. ئۇ ئەتىسىلا گۆلە - قاق، ياڭاق، جىگدىلەرنى ئېلىپ، بىرنەچچە پېشقەدەم دېھقان بىلەن بىللە ئەترەت مەسئۇلىغا رەھمەت ئېيتىش ئۈچۈن كەلدى.

— مانا مەن ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، پارتىيىمىز بىزگە ئىگە بولىدىكەن، بېشىمىزنى سىلايدىكەن ئەمەسمۇ. بۇ يەردە ئىلگىرى پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئادەتتىكى ئاممىنىڭ پەرقى قالمىغانىدى. ئاشلىۋېتىلگەنىدۇق... ئەقەللىيسى، پارتىيە ئەزالىق بەدىلىنى كىمگە تاپشۇرۇشنىمۇ بىلەلمەي گاڭگىراپ يۈردۇق. تۈنۈگۈن مېنى ئالاھىدە يوقلاپ بارغانلىقلىرىڭدىن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يەنىلا قەدىر - قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم، مەن ئىختىيارسىز 1953 - يىلى پارتىيە بايرىقى ئالدىدا بەرگەن قەسىمىمىزنى ئەسلىدىم. شۇڭا ياشىنىپ قالغانلىقىمغا قارىماي ئۆزۈمنىڭ پارتىيە ئەزالىق بۇرچۇمنى ئاخىرىغىچە ئادا قىلىشقا بەل باغلىدىم.

ئەترەت مەسئۇلى روزى مۆمىننى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەشكە ۋە كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ خىزمەتلىرىگە ياردەملىشىپ، ئۆزىنىڭ دېھقانلار ئارىسىدىكى ئاۋانگارتلىق رولىنى جارى قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. روزى مۆمىن خۇشال، روھلانغان، ئەمما ئۆزىنىڭ ئېلىپ بارغان سوۋغا - سالاملىرىنىڭ رەت قىلىنغىنىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا قايتىپ كەتتى. يېزا مەسئۇللىرى بۇ تەسىرلىك مەنزىرە ۋە دېھقانلارنىڭ پارتىيىگە بولغان رازىمەنلىك خىتابلىرىدىن ھاياجانغا چۆمدى. ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ھاياجان خۇشاللىق ۋە خىجىللىق بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار نېمىشقا بۇرۇن بۇ مۇھىم ئىشقا سەل قارىدى، نېمىشقا ئەترەت مەسئۇلىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئۆي - ئۆيلىرىگە بېرىپ ھال- ئەھۋال سورىيالمىدى؟ ئۇلار ئۆزلىرىگە قويۇلغان بۇ سوئالدىن ئەقىل تاپتى، شۇ كۈنىلا يېزىدا جىددىي يىغىن ئېچىپ، يېزا- كەنتلەردىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى، كەنت، گۇرۇپپا كادىرلىرىنى، بېيىغان ئائىلىلەرنى بەشتە كېپىل ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش

ۋە ئامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. پۈتۈن يېزا ـ كەنت تەۋرەپ كەتتى. دېھقانلار تەۋرەپ كەتتى. نەتىجىدە بىر ـ نەچچە كۈن ئىچىدىلا ئۇلار ئىئانە قىلغان نەق پۇل 1000 يۈەندىن، كىيىم 132 ياقىلىقتىن، ئاشلىق 3000 جىڭدىن، ئوتۇن نەچچە ئون هارۋىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ نەرسىلەر دەل ۋاقتىدا بەشتە كېمپىل ۋە نامرات ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. كىشىلەر ئارىسىدىكى خۇددى باهار ئاپتىپىدەك يىللىق مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈمچانلىق زىمىستان قىش سوغۇقىدىن غالىب كەلدى. نامراتلارنىڭ تېزەك، شاخ ـ شۇمبا ئىسىدتىن قارىداپ كەتكەن، سوغۇق هۇۋلاپ تۇرغان ۋەيرانە ئۆيلىرى بىردىنلا ياز يىللىقلىقىغا تولدى. ياغىراپ، داتلىشىپ كەتكەن قازانلىرىدىن مەزىلىك گۆش، ياغ هىدى كۆتۈرۈلدى. بۇ رېئاللىق يېزا ـ كەنت مەسئۇللىرىغا مۇنداق بىر هەقىقەتنى هېس قىلدۇردى: باشلامچىنىڭ كۈچى چەكسىز! هەرقانداق بىر ئىش قىلىش ئۈچۈن قابىل باشلامچىلا بولسا، خەلق ئۇنىڭغا باتۇرلۇق ۋە جان پىدالىق بىلەن ئەگىشىدۇ.

بەشتە كېمپىل ۋە نامرات ئائىلىلەرنىڭ قىشلىق كىيىم ـ كېچەك، يېقىلغۇ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك جەهەتتىكى قىيىنچىلىقى ئاساسىي جەهەتتىن هەل قىلىندى، يېزا بويىچە سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇشنىڭ ئۇنۇملۇك پۇرسىتى يېتىپ كەلگەنىدى. ئەترەت مەسئۇلى قاتناش نازارىتىدىن كەلگەن ۋە ناهىيىدىن ئاجرىتىلغان كادىرلارنى يېزا بويىچە سوتسىيالىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە خىزمەتنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. دېھقانلارنى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى غەم ـ ئەندىشىلەردىن خالاس قىلىش نۆۋەتتىكى خىزمەتنىڭ ئەڭ مۇهىم هالقىسى ئىدى. شۇڭا ئۇلار كەنت، گۇرۇپپىلاردىن تارتىپ ئائىلىلەرگىچە ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ يېزا ئىقتىسادىي سىياسىتى ۋە كادىرلار سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى. سوتسىيالىستىك تەربىيە هەرگىزمۇ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان زېرىكىشلىك نۇتۇق ۋە قۇرۇق سۆزلەرنىڭ دۆۋىسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. دېھقانلارغا ئەمەلىيەت، سوتسىيالىزمنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئەۋزەللىكى كېرەك. توغرا، سوتسىيالىستىك تەربىيىنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىش، چارە ـ تەدبىرلىك بولۇش كېرەك ئىدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇهەررىر ئوزنىما هەممەت جۇمە

# ئەدىبلەر قەلبىدىن

## — پارتىيە رەھبەرلىكىدە گۈللەپ ياشناۋاتقان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر

تەھرىر ئىلاۋىسى:

بىز سوتسىيالىستىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ۋە پارلاق ئەتىسىگە كۆز سالغىنىمىزدا ھەقىقەتەن ھاياجانلىنىمىز. ئەدەبىياتىمىز ئازادلىقتىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان گۈللەپ ياشناپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەدەبىياتىمىزدا مەيلى سۈپەت، سەۋىيە جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى سان، كۆلەم جەھەتتىن بولسۇن، ناھايىتى زور بۆسۈش بولدى. ئەدەبىياتىمىز كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، نەچچە مىڭلىغان شېئىر، نەچچە يۈزلىگەن ھېكايە، پوۋېست، نەچچە ئونلىغان رومان قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يېتىشتۈرگەن مول ھوسۇللۇق ئەدەبىيات بېغىغا ئايلاندى. بولۇپمۇ بۇنىڭ ئىچىدە 3-ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى نەتىجىلەر تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. بۇ جەرياندا ئەدەبىياتىمىز يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇپ، يېڭىچە سەۋىيە بىلەن كىشىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى. بۇ قىسقىغىنا ئون نەچچە يىل جەريانىدا 300 دىن ئارتۇق ئەدىبنىڭ شېئىر-ھېكايىلەر توپلىمى، بىرەر يۈزگە يېقىن پوۋېست، كۆپلىگەن ئوبزور توپلىمى نەشر قىلىندى. كىشىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، بۇ يىللاردا رومان ئىجادىيىتىدە بۆسۈش پەيدا بولۇپ، ئارقا-ئارقىدىن 20 نەچچە رومان مەيدانغا كەلدى. ھازىر بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز 2000 كىشىلىكتىن ئارتۇق زور قوشۇنغا ئىگە. بۇ نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى 40 نەچچە يىلدىن بۇيان پارتىيىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى، كۆيۈنۈپ تەربىيىلىشى ۋە پەرۋىش قىلىشى ئارقىسىدا قولغا كەلگەن. بىز بۇ نەتىجىلەرنى تىلغا ئالغىنىمىزدا پارتىيىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرمەي تۇرالمايمىز.

تەھرىر بۆلۈمىمىز پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بىر قىسىم پېشقەدەم ۋە ئوتتۇرا ياش ئاپتورلارغا خەت يېزىپ، ئۇلاردىن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىستىك يېڭى ئەدەبىياتىمىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن تەرەققىيات مۇساپىسى، مول نەتىجىسى ۋە ئۆزلىرىنىڭ پارتىيىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقى ھەم تەربىيىسى بىلەن ئۆسۈپ-يېتىلىشى، پارتىيىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئەدەبىيات ئىشىنى بۇندىن كېيىن قانداق قىلغاندا تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئىجادىيەتنى گۈللەندۈرۈپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت

قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى تەسىراتلىرىنى يېزىپ ئەۋەتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغانىدى. پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا بېغىشلانغان بۇ مەخسۇس ساندا بۇ تەسىراتلارنىڭ بىر قىسمىنى تاللاپ ئېلان قىلدۇق.

ئەلقەم ئەختەم: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، سەممىي غەمخورلۇقى بولمىغان بولسا، ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتى بۈگۈنكىدەك زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. مىللىي ئەدەبىياتىمىز ھەر قېتىم پېشكەللىككە ئۇچرىغاندا، پارتىيىمىز ئۇنى خەتەردىن قۇتقۇزۇۋالدى. ئەدىبلىرىمىز بىرقانچە ئون يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا پارتىيىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى كۆپ كۆردى. بۇنى قانداقمۇ ئۇنۇتۇپ قالغىلى بولسۇن؟!

پارتىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى تەنتەنىلىك خاتىرىلىنىۋاتقان پەيتتە ئۆزۈمنىڭ قايناق شېئىردىي ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىلغان «تاڭ ئاتقاندا» قاتارلىق شېئىرلىرىم ئارقىلىق كوممۇنىستىك پارتىيىگە، ئۇلۇغ داھىيغا، بەختىيار ئازاد زامانغا بولغان چەكسىز چوڭقۇر مۇھەببىتىمنى ئىپادىلىگەنلىكىم ئىختىيارسىز ئېسىمگە چۈشتى. ئەيىنى يىللاردا پارتىيە بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇشىمىزغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلغانىدى. مانا ھەش-پەش دېگۈچە ئاردىن بىرقانچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بۇنىڭغا كۆز يۇمۇش تارىخقا ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولىدۇ.

مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ياشلىرىمىزنىڭ تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىشىنى، ئەجدادلىرىمىز بېسىپ ئۆتكەن شانلىق مۇساپىلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى، ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىغا سادىق بولۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئاكتىپ ھەسسە قوشۇشىنى، پارتىيە، خەلقنىڭ سادىق كۆيۈمچىسى بولۇشقا تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

قەييۇم تۇردى: سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى تىرىشىپ گۈللەندۈرۈش-ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ شەرەپلىك مەسئۇلىيىتى، بۇرچى، شۇنداقلا دۆلەت ئومۇمىيلىقىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىغا قويغان تەلىپى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش-ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، 4 ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەڭ تۇتۇش، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش لوشيەنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش دېمەكتۇر. دۆلىتىمىزنىڭ بۇ ئومۇمىيلىقىنى زىچ دەۋر قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى بىۋاسىتە رېئاللىق ئىچىگە قويۇپ، ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن خەلقنىڭ، ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن ئېلىمىزنىڭ تەقدىرىنى بىرلەشتۈرۈش-ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە يازغۇچى، سەنئەتكار ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئورتاق، توغرا يولى.

ئېلىمىزدە نۆۋەتتە ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتقان تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، ماھىيەتتە، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشىدۇر.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتمۇ ئۇستقۇرۇلمىغا مەنسۇپ ئاڭ فورماتسىيىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن
چوڭ يۈزلىنىش ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى.
شۇنىڭ بىلەن بىللە، ماركسىزمنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بىر خىل
ئىستېتىكىلىق ئالاھىدە پائالىيەت. گۈزەللىك قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، گۈزەللىك
يارىتىشنى مەقسەت قىلىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بۇنداق پائالىيەت، تەبىئىيكى، ئىستېتىكىلىق
ئۆلچەمنى مەركەز قىلىشى لازىم. ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ ئىستېتىكىلىق ئۆلچەمنى ئاساس
قىلىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى مەقسىتى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى مۇكەممەل،
ئەتراپلىق، توغرا، چوڭقۇر ئىپادىلەپ، روشەن ستېتىكىلىق قىممەت ۋە يۇقىرى ئىجتىـ
مائىي ئۈنۈم يارىتىشتىن ئىبارەت.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىدا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجى
لەر بارلىققا كەلدى. بەدىئىي ئەدەبىيات، گۈزەل ـ سەنئەت، تېلېۋىزىيە، فوتو سۈرەت،
خەتتاتلىق، تىياتىر ئىجادىيىتى، سېرك سەنئىتى، مۇزىكا، ئۇسسۇل، نەققاشلىق ۋە ھەر
خىل ھۈنەر ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلەپ ئىجاد قىلىنىشى، سۈپەت جەھەتتە ئۆز ـ
لۈكسىز ئۆسۈشى، ئاممىغا يۈزلىنىشى ۋە تارقىلىشى جەھەتتىكى نەتىجىلەر تېخىمۇ گەۋ ـ
دىلىك بولدى. ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ــ «12 مۇقام» نىڭ ئاخىرقى ھېسابتا تو ـ
لۇق رەتلىنىپ لېنتىغا ئېلىنىپ بولغانلىقى، بەزى مۇقاملارنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، مەملى ـ
كەت ئىچى ـ سىرتىدا زور ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكى، قىرغىز خەلقىنىڭ كلاسسىك داستانى ـــ
«ماناس»، مۇڭغۇل خەلقىنىڭ كلاسسىك داستانى ـــ «جاڭغىر»
تەتقىقاتىدىكى چوڭ ئىلگىرىلەش، كىنو، تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنىڭ ئاز سانلىق
مىللەتلەر تىلىغا زور كۈچ بىلەن تەرجىمە قىلىنىشى جەھەتتىكى مول نەتىجىلەر ھەر مىل ـ
لەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش، جانلاندۇرۇشتا زور ۋەقە بولدى.

يولداش جاڭ زېمىن مەنىۋى مەدەنىيەت، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تارىـ
خىي ۋەزىپىسى ۋە ئورنى ئۈستىدە توختالغاندا، ناھايىتى مېغىزلىق قىلىپ، «مەنىۋى
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، پۈتكۈل مىللەتنىڭ سۈپىتىنى
ئۆستۈرۈش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق سوتسىيالىستىك يېڭى
كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكى بولمىغان مىللەتنىڭ
دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس»
دەپ كۆرسەتكەنىدى. ئۇ يېقىندا يەنە باھار بايرىمىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن
پايتەختتىكى بىر قىسىم مەشھۇر يازغۇچىلار بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە ئەدەبىيات ـ
سەنئەتنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى بۇرچى ئۈستىدە توختىلىپ، «ئېلىمىزنىڭ تىنچ، ئىتتىپاق
بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقـ
تىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈش ــ دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئومۇمىيلىقى، ھەرقايسى سەپلەر،
تارماقلار، جۈملىدىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدىكى يولداشلارمۇ بۇ ئومۇمىيلىققا ئاڭلىق
بويسۇنۇشى ۋە مۇشۇ ئومۇمىيلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم» دەپ كۆرسەتتى.

بۇ، يېڭى تارىخىي دەۋردىكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىنىڭ ئىنتايىن ئىخچام ئىلمىي ۋە چوڭقۇر بايان قىلىنىشى، شۇنىڭدەك پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىغا ۋە سەنئەتكارلارغا قويغان يېڭى تەلىپى ھەم ئۈمىدى.

دەۋر چاقى ئىلگىرىلىمەكتە. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە جان پىدالىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلىماقتا. يېقىندا چاقىرىلغان 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - يىغىنى ئېلىمىزنىڭ 1990 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 10 يىللىق ئۇلۇغۋار پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ماقۇللاپ، ھەر مىللەت خەلقىنى قالتىس جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە كۈرەش نىشانىسىغا، روھلىنىپ ئالغا ئىلگىرىلەش جاسارىتىگە، چوڭقۇر ئىشەنچ - ئۈمىدكە ئىگە قىلدى. بىز ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىللە بۇ ئۇلۇغۋار پروگراممىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى قاينام - تاشقىنلىق تەرەققىيات ئەمەلىيىتى ۋە كۈرەشكە ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن مۇناسىپ ھەسسە قوشۇشىمىز، بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىجادىي مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز، خەلققە يارامىلىق مەنىۋى مەھسۇلات ۋە ئوزۇق تەقدىم قىلىشىمىز لازىم.

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر. مېنىڭچە، يۇقىرى سەۋىيىلىك، يۇقىرى سۈپەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى يارىتىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئالدىلىق ھالدا، بىرىنچىدىن، ئاساسىي بىلىم قۇرۇلمىسىنى تولۇقلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، خەلققە، رېئاللىققا يۈزلىنىشى لازىم. ھەممىيلەنگە ئايان، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىنسانشۇناسلىق، شۇنداقلا جەمئىيەتشۇناسلىق. شۇڭا يازغۇچى، سەنئەتكارلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ سەنئەت قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى بىلىمىنى كۈچەيتىشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئادەم ۋە ئالەم توغرىسىدىكى، بولۇپمۇ پەلسەپە، تارىخ، قانۇن، ئەخلاق، ئۆرپ - ئادەت قاتارلىقلار توغرىسىدىكى بىلىمىنى يېڭىلىشى، تولۇقلىشى لازىم. بۇنىڭسىز مۇكەممەل، ئىلمىي، ھازىرقى زامان تەلىپىگە جاۋاب بېرەلەيدىغان ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئېغىز ئېچىش تەس. يەنە بىرى، بىز ئادەتتە، تۇرمۇش — ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مەنبەسى، ئەدەبىيات - سەنئەت — تۇرمۇشنىڭ قايتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بەدىئىي ئىنكاسى، خەلق، ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى دەيمىز. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بارلىق تەرەققىيپەرۋەر ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ بەدىئىي ھاياتى ئۇلارنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋەت ئورنىتىشى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ، ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ، بۇ مۇناسىۋەت ئۈزۈلسە، ئۇلارنىڭ بەدىئىي ھاياتىمۇ ئاخىرلىشىدۇ. پارتىيىمىز دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 70 يىللىقى داغدۇغىلىق خاتىرىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەش چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: ئازادلىقتىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى

قاتاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىرنەچچە ئېغىز گەپ بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. مەن پەقەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش تارىخىدا 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئەزالىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ۋە شۇنىڭ خاسىيىتىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا شۇ چاغلاردىلا ئاساس يارىتىلغانلىقى ھەققىدە بەزى پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

1937 - يىلى 7 - ئىيۇل جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئومۇميۈزلۈك ئۇرۇشى پارتلاش بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسى بۈيۈك ئارقا سەپكە ئايلاندى. پارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋەكالىتەن ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان 8 - ئارمىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىش باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئازادلىق ئۇرۇشىغا سەپەرۋەر قىلىشى ئارقىسىدا پۈتۈن جەمئىيەت مىقياسىدا قاينام - تاشقىنلىق كۈرەش باشلىنىپ كەتتى. بۇ كۈرەشنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىلىرىدىن بىرى مەكتەپ، ئىدارە - جەمئىيەتلەردە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئىنقىلابىي ناخشا - مارشلار ساداسىنىڭ ھەيۋەتلىك دولقۇنىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ناخشىلارنى تۇنجى قېتىم تارقاتقان كىشى خۇشپىچىم كەلگەن، زىلۋا بويلۇق بىر يىگىت بولۇپ، ئۇ شۇ كۈنلەردە شىنجاڭ ئۆلكىلىك 1 - گىمنازىيىنىڭ مۇدىرى ئىدى. بىز بۇ كىشىنىڭ فامىلىسىگە ۋەزىپە نامىنى قوشۇپ لى شياۋجاڭ دەپلا ئاتايتتۇق. كېيىنچە ئۇقساق، ئۇنىڭ ئۆز ئىسىم فامىلىسى لى يۈنلياڭ بولۇپ، شىنجاڭدا لى زىلياڭ دېگەن ئىسىم - فامىلىنى قوللانغان ئىكەن. (ھازىر گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى دەپ ئاڭلىدىم).

لى شياۋجاڭنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن «قوزغال، قۇل بولۇشنى خالىمىغانلار»، «ماي قىزىل گۈلى قاپلىدى چۆلنى»، «تەيخاڭشەن تاغلىرىدا بىز»، «قولىمىزدا چوڭ قىلىچ»، «18 - سېنتەبىر» قاتارلىق ئىنقىلابىي ناخشىلار دەسلەپ بىزنىڭ مەكتەپتە، ئاندىن ئۈرۈمچى ۋە باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى مەكتەپ، ئىدارە، جەمئىيەت ئورۇنلىرىدا كەڭ تارقىلىپ، ھەتتا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، خەلقنى كۈرەشكە ئۈندىگۈچى، سەپەرۋەر قىلغۇچى ۋە باشلىغۇچى بۈيۈك مەنىۋى كۈچكە ئايلاندى. مەن بۇ ئىنقىلابىي ناخشىلارنىڭ جارچىسى لى شياۋجاڭنى ھازىرمۇ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئەسلەيمەن.

1939 - يىلى شىنجاڭ شۆيۈەندە ئوقۇۋاتقىنىمىزدا، ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇ بىزگە ئىلمىي مۇدىر، مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار پىكىرلىك زات دۇچۇڭيۈەن مەكتەپ مۇدىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاتاقلىق يازغۇچى ۋە جامائەت ئەربابى ماۋدۇن (شېن يەنبىڭ)، ئىقتىسادشۇناس ئالىم جاڭ جۇڭشى، پەيلاسوپ سى مې، ئاتاقلىق رېژىسسور جاۋدەن قاتارلىق زاتلار ئىچكىرىدىن بىزگە ئوقۇتقۇچى بولۇپ كەلگەنىدى. سىياسىي - ئىقتىساد ۋە پەلسەپە دەرسلىرى ئۆتۈلگەندىن تاشقىرى، ماۋدۇن ئەپەندى جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىن، جاۋدەن ئەپەندى تىياتىرچىلىق سەنئىتىدىن مەخسۇس تېمىلار بويىچە دەرس بېرەتتى. لىن جىلۇ بىلەن دۇچۇڭيۈەن ئەپەندىلەر ھەر ھەپتىدە

تۆت سائەتتىن ئېقىم مەسىلىلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىككە دائىر لېكسىيىلەر سۆزلەيتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى تەربىيىچى ۋە سىياسىيئون بولغاندىن تاشقىرى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلەر ئىدى. خۇسۇسەن لىن جىلۇ بىزگە ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىي شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسىنىمۇ ئوقۇپ بېرەتتى (دۇبېك ئىسىملىك قازاق ساۋاقدىشىمىز تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى). ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز مەرھۇم ئايۇپ مەنسۇرى رۇس - سوۋېت ئەدەبىياتىدىن تاشقىرى، ھەر قېتىمقى دەرستە دېگۈدەك ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئىنقىلابىي - دېموكراتىك ئەدەبىيات ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتەتتى، ھەتتا رۇسچىدىن ئوقۇغان لۇشۈن ئەسەرلىرىنى بىزگە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەتتى.

شۇ كۈنلەردە، لىن جىلۇ ۋە ماۋدۇن ئەپەندىلەرنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە بىزنىڭ مەكتەپنى يادرو قىلغان ھالدا بىر تىياتىر ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە «كۈرەش»، «يېڭى شىنجاڭ»، «سادا» ناملىق ئىنقىلابىي درامىلار سەھنىدە ئوينالدى. جاۋدەن ئەپەندى ھەم رېژىسسورلۇق قىلىپ، ھەم باش رولغا چىقىپ، تىياتىرچىلىقنىڭ ياخشى ئۆرنىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. بىز ئوقۇغۇچىلارمۇ جاۋدەن ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېما قىلغان «جەللىگۇر» ناملىق بىر كومېدىيە يېزىپ چىقىپ، ئورۇمچى ۋە ئىلى تەرەپلەردە بىرقانچە قېتىم سەھنىدە قويۇپ، كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدۇق.

تىياتىرچىلىقتىن باشقا شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىمۇ كومپارتىيە ئەزالىرى ھەم ئىلھامچى، ھەم تەشكىلاتچىلىق رولىنى ئوينىغانىدى. بۇنىڭ ئەڭ يارقىن مىسالى مەرھۇم لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ تەشەببۇسى ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كوممۇنىست ۋاڭ باۋچيەن بىلەن باش مۇھەررىرى لى خېلارنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا مەيدانغا كەلگەن «ئەدەبىيات گۈلزارى» دېگەن مەخسۇس بەت بولغانىدى. ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتى بولغان «ئەدەبىيات گۈلزارى» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بىر سەھىپە بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدىب - شائىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە ئالاھىدە رول ئوينىغانىدى. ئۇ چاغلاردا بۈگۈنكىدەك كەڭ مەتبۇئات ۋە نەشرىيات ئورۇنلىرى يوق ئىدى. «ئەدەبىيات گۈلزارى» پۈتۈن ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ يېگانە سەھنىسى بولۇپ، بۈگۈنكى پېشقەدەم ئەدىبلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تۇنجى ئەسەرلىرىنى شۇ سەھنىدە سىناق قىلغانىدى.

يۇقىرىدىكىلەرنى ئەسلەپ، شۇنى ئېيتقۇم كېلىدۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىش جەريانى 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپلا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ بىۋاسىتە رىغبەتلەندۈرۈشى، تەشكىلاتچانلىقى ۋە مۇرەببىيلىكى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان.

ئابدۇكېرىم راخمان: ئەدەبىيات تەتقىقاتى — يازما ئەدەبىيات ۋە ئۇنىڭ «سۈت ئانىسى» بولغان خەلق ئاغزاكى پوئېتىك ئىجادىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئەدەبىيات ئىلمىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمى. خۇددى ئەدەبىيات دېگەن بۇ ئۇقۇم ئىنتايىن كەڭ مەنىگە ئىگە بولغىنىغا ئوخشاش، بارلىق ئەدەبىيات ھادىسىلىرىنى ئوبيېكت قىلغان ئەدەبىيات تەتقىقاتىمۇ كۆپ خىل تەتقىقات قۇرۇلمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە گەۋدىلىك بولغىنى كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى، ھازىرقى زامان ۋە يېڭى دەۋر

ئەدەبىيات تەتقىقاتى، مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئارا سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تـەتقىقاتى، خەلق ئېغىز ئەدەبىيات تەتقىقاتى، ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيە تەتقىقاتى قاتارلىقلار- دىن ئىبارەت. بۇ خىل تەتقىقاتنىڭ يولغا قويۇلۇشى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىغا ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەدەبىي ئىجادىيەتنى شەرت قىلىدۇ، شۇنداقلا ئەدەبىي ئىجادـ يەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ماركسىزم - لېنىنىزملىق ئەدەبىيات - سەنئەت نۇقتىئىنـەزەرىنى يېتەكچى قىلغان سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز بۇ ئىككـى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىگە بىردەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. نەتىجىدە ئازادلىقتىن بۇيان خۇددى ئەدەبـىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىگە ئوخشاش ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىمۇ مىسلىسىز گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. بىز بۇنداق تەرەققىياتنى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز ئەدەبىياتىنىڭ ئايرىلماس تەركىبـى قىسمى بولغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەمە- لىيىتىدىن تېخىمۇ روشەن كۆرۈۋالالايمىز، بولۇپمۇ پارتىيـە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزـي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پۈتكۈل ساھەلەرگە ئوخشـاش ئەدەبىيـات تەتقىقاتى ساھەسىمۇ قايتا جانلىنىپ، پارلاق نەتىجىگە ئېرىشتى. مېنىڭچە، بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەرنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى كېڭەيدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرىكى 17 يىلدا يېڭىدىن باشلانغان ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەدەبىي تەقرىزچىلىك ھەمدە ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەرنىڭ سوتسىيـالىستىك ئەدەبىيات - سەنئـەت نەزەرىيىسى ھەققىدىكى ماقالىلەرنى تونۇشتۇرۇش بىلەن چەكلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ تەقرىزلەرمۇ بىر تەرەپلىمىلىك ۋە يۈزەلىكتىن خـالى ئەمەس ئىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەر- كىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسى ھەقىقـەتـەن زور دەرىجىدە كېڭەيدى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ رېئال ئەھۋالىنى يەكـۈنلەپ، كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن نىشان كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەدەبىي تەقرىز ۋە ئوبـزور ماقالىلىرى نۇقتىلىق ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەھىپىسىدىن ئۇزۇلمەي ئورۇن ئېلىپ كەلدى ھەمدە مىللىي ئاپتورلىرىمىزنىڭ تاللانـغان ئەدەبىي ئوبزورلىرىدىن ئون نەچچە تـوپلام نەشر قىلىندى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا بوشلۇق دەپ قـارالغان كـلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىيـاتى تـەتقىقاتى خـۇددى يامغـۇردىـن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك باش كۆتۈرۈپ، خېلى تېز سۈرئەت بىلەن جانـلاندى. بۇ مۇرەككەپ ساھەگە بۆسۈپ كىرىشكە جۈرئەت قىلغان تەتقىقات خادىملىرىمىز جاپالىق ئىز- دىنىپ، خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە ياراتقان مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلىرىـنى قېزىپ چىقىپ، دەۋرىمىز كىشىلىرى بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشتۈردى ۋە بۇ ھەقـتە كۆپلە- گەن مونوگرافىيىلىك ئەسەر ۋە ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. ھازىر ئاما بىلەن يـۈز كۆ- رۈشكەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» نىڭ بىر نەچچە خىل نەشر نۇسخىلىرى، «قۇتادغۇ- بىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» تەتقىقاتىغا ئائىت بىر نەچچە ماقالىلەر تـوپلىمى، «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ۋە فولكـلور تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان بىرقانچە يىرىك ئەسەرلەر بەملەكەت ئىچى ۋە سىرتىدا خېلى زور تەسىر قوزغىدى.

ئىككىنچى، ئەدەبىيات تەتقىقاتى قوشۇنى يوقلۇقتىن بارلىقـقا كېلىپ، بارغانسېرى

مەخسۇسلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. مەلۇمكى، ھەرقانداق ساھەنىڭ تەرەققىياتى مۇكەممەل بىر قوشۇنغا مۇھتاج. ھازىر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى، ئەدەبىي تەقرىزچىلىك ۋە ئوبزورچىلىق، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى قاتارلىق ساھەلەردە پېشقەدەملەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىرقەدەر مەخسۇسلاشقان ۋە كەسپلەشكەن تەتقىقات قوشۇنىغا ئىگىمىز.

ئۈچەنچى، ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىك رولى كۈچەيتىلدى. ئەدەبىيات تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسى ئەمەلىيەت داۋامىدا بارغانسېرى ئۆستى، شۇنىڭ بىلەن بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، كونىلىرى ئاساسىدا يېڭىلىرىنى يارىتىش، چەت ئەللەرنىڭكىنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، قەدىمكىلىرىنى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىق ماركسىزملىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت فاڭجېنىغا بولغان تونۇشى ۋە چۈشەنچىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئەدەبىياتقا ئەدەبىياتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىلمىي روھ ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندى.

دەۋر ئۆچقاندەك ئىلگىرىلىمەكتە، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئىسلاھات كۈنسېرى چوڭقۇرلاشماقتا، ماركسىزم، لېنىنىزم ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئۈزلۈكسىز ئىجادىي راۋاجلانماقتا. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ساھە جۈملىدىن ئەدەبىيات تەتقىقاتىمۇ يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلمەكتە. شۇڭا ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ بۈگۈنكى ھالىتىنى بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي فورماتسىيە نۇقتىسىدىن قاراپ چىقىپ نەتىجىلىرىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئازادلىقتىن بۇيان ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا بەزى ئېغىش ۋە تەكرارلىنىشلار يۈز بەردى. يېقىنقى يىللاردىن ئالغاندا، بىر مەزگىل ئەدەبىيات نەزەرىيىسى جەھەتتە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى ئەدەپ كەتتى. ئىشىكنى ئېچىۋېتىشكە ئەگىشىپ غەربنىڭ ھەر خىل مودېرنىزملىق ئىجادىيەت ئۇسلۇبلىرىمۇ سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. ئەلۋەتتە بۇ ئىككى ئېقىم خاراكتېر جەھەتتە بىر نەرسە ئەمەس. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. شۇڭا ئۇنىڭغا بايرىقىمىز روشەن ھالدا قەتئىي قارشى تۇرىمىز. مودېرنىزم قاتارلىق ھەر خىل ئەدەبىي ئېقىم ۋە ئۇسۇللارغا كەلسەك، ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئىلمىي نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. لېنىن: «ئەدەبىيات ئىشلىرىدا شەخسىي ئىجادچانلىق ۋە شەخسىي ھەۋەس ئۈچۈن كەڭ زېمىن بولۇشىغا، ئىدىيە ۋە فانتازىيە، شەكىل ۋە مەزمۇن ئۈچۈن كەڭ زېمىن بولۇشىغا مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىش زۆرۈر» دېگەنىدى. «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش» فاڭجېنىمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈلزارىمىزدا ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ ئەركىن مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بىزمۇ يېڭىدىن بىخلانغان ئاتالمىش «كۆڭگا شېئىر» لارغا ئەدەبىيات سەھىپىمىزدىن يېتەرلىك ئورۇن بېرىپ كەلدۇق. ئەمما بىز يەنىلا شەكلى مىللىي، مەزمۇنى سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات يارىتىش نىشانىمىزدىن ۋاز كەچمىدۇق ۋە ۋاز كەچمەيمىز.

«خەلق سەنئەتكە موھتاج، سەنئەت خەلققە ئېھتىياجلىق»①. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەن-
ئىتىمىز، جۈملىدىن ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىز يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلانغان سوتسىيالىس-
تىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان.
«بۇ ئالىيجاناب ئىشتا، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىنتايىن كەڭ تەرەققىيات زېمىنىغا ئىگە. مەيلى
خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا بولسۇن ياكى سوت-
سىيالىستىك يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشتە بولسۇن ۋە ياكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ
ئىدىيە، مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە بولسۇن، ئەدەبىيات-سەنئەت
خىزمىتى باشقا تارماقلار ئۈستىگە ئالالمايدىغان مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان»②.
شۇڭا بىز بۇنداق غەيرىي ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن ئەجەبلەنمەي، مۇھىمى،
ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۇنۇمى بىلەن ھېسابلىشىشىمىز لازىم. ئاخىرقى ھېسابتا بۇ خىل ئېقىم-
لارنىڭ پۈت تىرەپ تۇرۇش ۋە تۇرالماسلىقىنى خەلق رايى بەلگىلەيدۇ.
يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ھازىرقى ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا ھەقىقەتەن بەزى قات-
ماللىق ۋە بىر تەرەپلىمىلىك كۆز قاراشلارمۇ مەۋجۇت. بۇ كۆپىنچە ئەدەبىيات ھادىسى-
لىرىگە ئەدەبىياتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرى بويىچە توغرا ۋە ئادىل باھا بېرەل-
مەسلىكتە ئىپادىلىنىدۇ.
1988 - يىلدىن بۇيان پارتىيىمىز ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈ-
رۈشكە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش ھەمدە ئۇنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى
زەھىرىنى تازىلاش ھەققىدە مۇھىم چاقىرىقلارنى چىقاردى. شۇنداق قىلىش تامامەن توغرا
ۋە زۆرۈر ئىدى. شۇندىن كېيىن ئايرىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە ئورۇنسىز ئەندىشىلەرمۇ
پەيدا بولدى. بەزىلەر پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولدىمۇ-
قانداق، دەپ گۇمانلانسا، يەنە بەزىلەر ھازىر بىر نەرسە يازغىلى بولمايدۇ، ۋاقتىنچە
قەلەمنى تاشلاش كېرەك، دەپ ئۈمىدسىز كەيپىياتتا بولۇشتى. ئۇزۇن ئېيتىشقا بولىدۇكى،
پارتىيىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت لۇشيەنىدە باشتىن-ئاخىر («مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»
دىن ئىبارەت 10 يىللىق ئۆز ئىچىگە ئالمىغان ھالدا) ئۆزگىرىش بولغىنى يوق. بىز
ئىزچىل ھالدا ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدۇق. ئەدە-
بىيات-سەنئەت سىياسىتىدىكى بەزى تەڭشەشلەرگە كەلسەك، ئۇ رېئال دەۋرنىڭ تەلىپى
ۋە ئېھتىياجىدىن تۇغۇلغان نورمال ھادىسىدۇر. شۇڭا يۇقىرىقىدەك بىھۇدە ئەنسىرەش ۋە
گۇمانلىنىشنىڭ ھېچقانداق ئىجتىمائىي ئاساسى يوق. بىز يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن مارك-
سىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىنى ھەقىقىي تۈردە جانلىق ئۆگىنىپ، ئۇنى
ھەرىكەت قىبلىنامىسىگە ئايلاندۇرالىساقلا، گاھ ئۇ قۇتۇپقا، گاھ بۇ قۇتۇپقا سەكرەيدىغان
خامىلىيونچە خاھىشلاردىن ساقلىنالايمىز ۋە ئۇنىڭغا خاتىمە بېرەلەيمىز.
نۆۋەتتە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشەلمەسلىكتەك
زىددىيەتكە ھامىلە بولۇپ قالدى. ھەتتا ئېلان قىلىنغان يىرىك ھەجىملىك ئەسەرلەرگىمۇ
يا ئۇنداق، يا مۇنداق ئىنكاس قايتۇرۇلمايۋاتىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز
ئەدەبىيات تەتقىقاتىمۇ تېخى پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق ئەمەس. بۇ جەھەتتە ماكرولۇق
تەتقىقاتتىن مىكرولۇق تەتقىقاتقا تېخى يۈزلەنگىنىمىز يوق. لۇرغۇن نازۇك ۋە ئەھمىيەتلىك

①② دىلى شاۋپىڭ «ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1995 - يىل نەشرى، ئۇيغۇرچە، 12 - 13 - بەت.

تېمىلار ھېلىمۇ بىزنىڭ نەزەرىمىزنىڭ سىرتىدا قېلىۋاتىدۇ. بۇ ھال ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ۋە ئەمەلىي ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئابدۇراخمان قاھار: ئادەملەردە بەدىئىي ئەدەبىياتقا نىسبەتەن بىر خىل تەشنالىق بولىدۇ. مۇنداق تەشنالىققا قاتتىق بېرىلگەنلەرنىڭ ئارىسىدىن يازغۇچى، شائىرلار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلارنىڭ يازغۇچى، شائىر بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىللار ئوخشىمايدۇ. مەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە شېئىر، ھېكايىلارنى يادلاش بىلەن كىرىپ قالغان. كەيپنى ئۆسمۈرلۈك چېغىمدىن باشلاي: 1944 - يىلى غۇلجىدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلاب پارتلاپ، 1945 - يىلى 10 - ئايغىچە 3 ۋىلايەت خەلقى گومىنداڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئازاد رايونلاردا ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرى تېز راۋاجلاندى، گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. شۇ يىللاردا ئاكام تۇرسۇن قاھارى خېلىلا تونۇلغان شائىرلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ شۇ چاغلاردا غۇلجىدا چىقىدىغان «ئالغا»، «كۈرەش»، «ئىتتىپاق» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللارنى، «شەرق ھەقىقىتى»، «قازاق ئېلى» نەشرىياتلىرى نەشر قىلغان ئەسەرلەرنى ئۆيگە ئەپكېلىپ تۇراتتى. مېنىڭ بەدىئىي ئەدەبىياتقا بولغان ھەۋىسىم دەل شۇ يىللىرى قوزغالدى، مەن شۇ چاغلاردا ئۆمەر مۇھەممەدى، ئىسمايىل ساتتاروۋ، قادىر ھەسەنلەرنىڭ شېئىر توپلاملىرىدىن باشقا، زۇنۇن قادىرنىڭ «مۇئەللىمنىڭ خېتى»، «ماغدۇر كەتكەندە» ھېكايىلىرىنى، ھەتتا «غۇنچەم» دراممىسىنىڭ بىر پەردىسىنىمۇ يادلىۋالغانىدىم. ئازادلىقتىن كېيىن، بىزنىڭ قولىمىز ئەڭ دەسلەپ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب»، نۇرمۇھەممەت بوساقوۋنىڭ «يېڭىش ناخشىسى»، ئەلقەم ئەختەمنىڭ «ئۈمىد دولقۇنلىرى»، تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «شەرق ناخشىسى» توپلاملىرىنى كۆردى. بۇ توپلاملارنىمۇ كېچە - كۈندۈزلەپ يادلاشقا كىرىشتىم. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ شېئىردىي مىسرالار تۈزۈشكە باشلىدىم. 1952 - يىلى تۇنجى شېئىرىم — «بەختىمىز كۈلدى» بېسىلىپ چىقتى. خۇشاللىقتىن بېشىم ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى. شۇنىڭ ئىلھامى بىلەن يازغان بىرنەچچە شېئىرىم كەينى - كەينىدىن بېسىلدى. بۇ مېنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تۈگىتىپ، بىلىم يۇرتىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. مەكتەپ مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە بولغان قىزىقىشىم ۋە دەسلەپكى نەتىجەمنى كۆرۈپ، مېنى شىنجاڭ مىللەتلەر دارىلفۇنۇنىنىڭ (ھازىرقى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ) مەخسۇس ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇزاق، ئەگرى - توقاي بىر جەريان، يول بېسىلىپ ئۆتۈلدى. مەقسەتسىزلا شېئىر - ھېكايىلەرنى يادلاپ يۈرگەن بىر بالىدىن بەزىدە يەكلىنىپ، بەزىدە ھىمايە قىلىنىپ، ئاخىرى قەلىمى ناچار بولسىمۇ، بىر يازغۇچى يېتىشىپ چىقتى. بوۋاقنىڭ تىلى دەسلەپ «ئانا» دەپ چىققىنىدەك، مېنىڭمۇ ئىجادىيەتتىكى تۇنجى تىلىم «پارتىيە» دەپ چىققان. چۈنكى مېنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە رەسمىي كىرىشىشىم ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىمگە پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئىلھامى، غەمخورلۇقى، تەربىيىسى چوڭقۇر سىڭگەن.

بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىي قىلغان - قىلمىغانلىقى شۇ مىللەت ئەدەبىياتىدا رومان ژانىرىنىڭ تەرەققىي قىلغان - قىلمىغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغانىدىم، ئەگەر راست شۇنداق بولسا، ئۇيغۇر رومانچىلىقى تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىغىچە بۇ قەدەمنى باسالمىغان. 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنلا بۇ قەدەم بېسىلدى. بۇنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى

ئالاھىدە زور ۋەقە دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قەدەمنى باشقا يازغۇچىلار بىلەن بىللە «ئىلى دولقۇنلىرى» ناملىق رومانىم ئارقىلىق مەنمۇ باستىم. «ئىلى دولقۇنلىرى» نەشىردىن چىقىشى بىلەن جامائەت ئىچىدە خېلى قىزىقىش پەيدا قىلدى، كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلدى. بۇ مېنىڭ كىتابنى قالتىس يېزىۋەتكەنلىكىمدىن پەيدا بولغان قىزىقىش ئەمەس، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شۇ ۋاقىتقىچە ھېچكىم چېقىلمىشقا جۈرئەت قىلالمىغان تېمىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچقانلىقىمدىن پەيدا بولغان قىزىقىش. چۈنكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تېمىسى كىشىلەر بەكمۇ قىزىقىدىغان تېما ئىدى.

نېمە ئۈچۈن مۇشۇ تېمىغا قىزىقىپ قالدىم؟ مەن بۇ ئىنقىلابنى بالا ۋاقىتلىرىمدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، ھەتتا قوراللىق پارتىزانلارنىڭ كەينىدىن ماڭغان قورالسىز قىقاس-چۇقانچىلارغا ئەگىشىپ، قانلىق مەيدانلارغا كىرگەن ھەم مەھەللىمىزدىن پارتىزانلارغا ئۆزلۈكىدىن قوشۇلۇپ كەتكەن پىدائىي ياشلارنىڭ ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم مەردلىككە تولغان تەسىرلىك ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغانىدىم. تەسىرلىك ۋەقەلەر كىشىگە ئارام بەرمەيدىكەن ۋە كىشىنى يېزىشقا ئۈندەپ تۇرىدىكەن. ئۆزۈم كۆرگەن، ئاڭلىغان شۇ ۋەقەلەرنى يېزىشنى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئەمدىلەتىن شېئىر يېزىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدىلا ئويلىغانىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا تېخى كىرمىگەن چاغدىلا 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىغا «جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى» دەپ باھا بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. بۇ باھا مېنىڭ مۇشۇ تېمىدا ئەسەر يېزىشىمغا ئىلھام ۋە مەدەت بولدى. 50-يىللاردا مۇشۇ تېمىدا بىرنەچچە ھېكايە يازدىم. بىراق تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھېكايىلىرىم ئۈزۈلۈپ قالدى. ئاخىرى 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنلا «ئىلى دولقۇنلىرى» نىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى كىتابلىرى ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىققا ئوڭاي ئېرىشكەن ئەمەس، ئۇلار ئازادلىق تېگىنىڭ بۇرۇنراق ئېتىشى ئۈچۈن ھېسابسىز نۇرغۇن قانلارنى تۆككەن، قۇربان بەرگەن. ئازادلىق، باراۋەرلىك ئۈچۈن قىلىنغان بۇ ئىنقىلاب شۇنىڭ ئۈچۈن «جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى» بولغان. ئازادلىق ئىشقىدا يانغان ئاشۇ مەردلەرنىڭ باتۇرانە كۈرەشلىرى ئەلۋەتتە بىزنىڭ بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزدا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىشى كېرەك!

ئۆزۈمنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپەم ۋە ئىجادىيەت نەتىجىلىرىمنى ئەسلىگىنىمدە، پارتىيىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىغا رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايمەن. نۆۋەتتە پارتىيە بىزنى كەڭ ئىجادىيەت پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىمەكتە، خەلق بىزدىن زور ئۈمىد كۈتمەكتە. بىز ئۆزىمىزنىڭ مول ئىجادىيەت مېۋىلىرى ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىغا ئېسىل سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىشىمىز لازىم.

ئەخەت تۇردى: ئەسلەپ قارىسام، ئۆمرۈمنىڭ تەڭدىن تولىسى يېزىقچىلىق ھەم تەھرىرلىك بىلەن ئۆتۈپتۇ. ھەۋەس تۈپەيلىدىن بۇ ساھەگە بولغان مۇھەببىتىم چوڭقۇر بولدى. شۇ مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئىجادىيەتتە، تەھرىرلىكتە ئاز-تولا نەتىجە

قازاندىم دېسەم، ئارتۇقچە بولماس. لېكىن دۇنيادا سەۋەبسىز ئىش بولمىغىنىدەك، مەن قازانغان بۇ نەتىجىلەرمۇ سەۋەبسىز بولغىنى يوق. ھېچقانداق ئادەم بۇ دۇنياغا تەييار پېتى، يېتىلگەن ھالدا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تەييارلىنىشى، يېتىلىشى ئۈچۈن، خۇددى گۈل-گىياھلارغا تۇپراق، ھاۋا، نۇر زۆرۈر بولغاندەك، ئۇنىڭغىمۇ خەلقنىڭ مېھرى، دەۋرنىڭ شەپقىتى، پارتىيىنىڭ غەمخورلۇقى زۆرۈر بولىدۇ. بىر كەسىپ ئەھلىنىڭ ئۇنىڭسىز كامالەتكە يېتىشى ۋە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇنى ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىمدىلا ھېس قىلغانمەن.

مېنىڭ مەكتەپ ھاياتىم ئازادلىق بىلەن تەڭ باشلانغان. مەن 1953-يىلى ئېپتىدائىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋاقتىمدا، قەشقەردە تۇنجى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، 1956-يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن ۋاقتىمدا، قەشقەردە تۇنجى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلدى، 1959-يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋاقتىمدا، شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تولۇق كۇرسىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

شۇنداق قىلىپ، دەۋرنىڭ تەرەققىياتى، زامانىنىڭ شارائىتى مېنى پەللىمۇ پەللە يۇقىرى ئۆرلەپ، كەڭ دائىرىدە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مېھرى-شەپقىتى بىلەن سوتسىيالىستىك دەۋرنىڭ ئۇلۇغۋارلىقىنى بىۋاسىتە تونۇتقاندى. شۇڭا مېنىڭ دەسلەپكى ئىجادىي قىزغىنلىقىم ئەنە شۇ يېڭى دەۋرگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تەبىئىي باغلىنىپ كەتتى. بۇ ھال مېنىڭ شۇ چاغلاردا يازغان «گۈرۈچ»، «ھاياتنىڭ باشلىنىشى»، «ئازاد زامانەمدىن ئۆرگىلەي» قاتارلىق ھېكايىلىرىمدا ئىپادىلەندى. بۇ ھېكايىلار خەلقنى تىنچ، بەختىيار كۈنگە ئىگە قىلغان يېڭى دەۋر، جۇشقۇن ھاياتقا بولغان سەمىمىي مۇھەببەت بىلەن سۇغىرىلغاندى.

مەن يىگىرمە نەچچە يىللىق خىزمەت ۋە ئىجادىيەت جەريانىدا مەيلى يېزىقچىلىق جەھەتتە بولسۇن، مەيلى تەھرىرلىك جەھەتتە بولسۇن، مەيلى سىياسىي-ئىدىيە ۋە ئەخلاق جەھەتتە بولسۇن، چوڭقۇر تەربىيىگە ۋە كەڭ بىلىمگە ئىگە بولدۇم. مەن ئەمەلىيەت داۋامىدا بىر كوممۇنىست يازغۇچىنىڭ بۇرچ-مەسئۇلىيىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ۋەتەن-خەلق ئالدىدا، دەۋر-ۋىجدان ئالدىدا قانداق يېزىش، قانداق ياشاش لازىملىقىنى، پەقەت سوتسىيالىزمنىڭلا شەخسنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ، ئۇنى مۇناسىپ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە قىلالايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. بۇ جەرياندا مەن قولغا كەلتۈرگەن ئاز-تولا نەتىجىلەر يەنە خەلقنىڭ، پارتىيىنىڭ دىققەت-نەزىرىگە چۈشتى. مەن يەنە بىر قېتىم چوڭ غەمخورلۇققا — ئۆزۈم سۆيگەن، ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلغان يۈكسەك شان-شەرەپكە ئېرىشتىم. 1988-يىلى پارتىيە تەشكىلى ماڭا كەسپىي يازغۇچىلىق شان-شەرىپىنى بەردى. بۇ ئەلۋەتتە، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن بىر ئاپتور ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېپىلماس پۇرسەت ۋە چەكسىز شان-شەرەپ!

مەن بۇ شان-شەرەپكە ئېرىشكەن ۋاقتىمدا، ئۆزۈمنىڭ خەلق ۋە دەۋر ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى، جەمئىيەت ئالدىدىكى بۇرچىمنىڭ تېخىمۇ يۈكسەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن ئۈچۈن يارىتىپ بېرىلگەن بۇ ئازادە، كەڭ-تاشا مۇھىت مېنىڭ ئىجادىيەت قىزغىنلىقىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى ۋە مېنى ھېكايە، پوۋېستتىن تەرەققىي قىلىپ، رومان يېزىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەن قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»، «ھايات شۇنداق» ناملىق رومانلارنى ئوقۇشلۇق ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك-

يېزىپ چىقتىم.
تارىخ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلدى، ئىجتىمائىي ھايات كۈندىن كۈنگە بې-
يىدى ۋە يۈكسەلدى. تارىخنىڭ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بۇنداق ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى
ئەدەبىي ئىجادىيەتنى يېڭى تېما، يېڭى ئوبىيېكت ۋە يېڭى تۇرمۇش مەزمۇنى بىلەن
تەمىن ئەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەزمۇنى، شەكلى كۈندىن كۈنگە بېيىپ
باردى. مەن ئۆز ئەسەرلىرىمدە مانا شۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇلۇغۋار دەۋرى-
مىزنى ۋە شۇ دەۋرنىڭ يادروسى ھېسابلانغان مېھنەتكەش، ئىجادكار خەلقنىڭ خۇشاللىقى
بىلەن قايغۇسىنى، راھىتى بىلەن جاپاسىنى، ئۆتمۈشى بىلەن بۈگۈنىنى، ئارزۇ-ئارمىنى
بىلەن تىلەك-ئىستىكىنى چىن ۋە سەمىمىي ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. مېنىڭچە، ئىجتىمائىي
تۇرمۇش چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى راستچىللىق بىلەن
ئىپادىلەپ بېرىلگەن ئەسەرلەرلا ئاكتىپ ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلالايدىغان، ھەقىقىي
بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، يازغۇچىلار
تۇرمۇشنى چىقىش نۇقتا قىلىشى، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى، تۇرمۇشنى پىششىق ئۆگى-
نىشى ۋە تۇرمۇشنى توغرا تونۇشى، توغرا چۈشىنىشى لازىم، شۇنداقلا توغرا دۇنيا قاراش
تىكلىشى، تۇرمۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى ۋە مۇقەررەر يۈزلىنىشىنى ئېنىق كۆرۈپ، شەيئىلەرنىڭ
ماھىيىتىنى ئىگىلەپ، ئەمەلىي تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ چىن، تېخىمۇ تىپىك بەدىئىي
ئوبرازلارنى يارىتىشى كېرەك. ھەرقانداق يازغۇچى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ھېچقاچان
مەقسەتسىز ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ، بەلكى ئوبراز ياراتقان چاغدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان
باھاسىنى، ھەقىقەت ئۈستىدىكى ئىزدىنىشىنى، مۇھەببىتى بىلەن نەپرىتىنى ئۇنىڭغا سىڭدۈ-
رىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى تېخىمۇ بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇش يارىتىش يولىدا
كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئەسەر يېزىپ ئىجتىمائىي ئۈ-
نۈمى بىلەن كارى بولمايدىغان يازغۇچى خۇددى رېتسىپ يېزىپ، كېسەلنىڭ ساقىيىش-
ساقايماسلىقى بىلەن چاتىقى يوق دوختۇرغا ياكى كان قېزىپ، ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ چى-
قىش-چىقماسلىقى بىلەن كارى بولمايدىغان ئىنژېنېرغا ئوخشاپ قالىدۇ.

بىز ئۆز ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى بېيىتىمىز
ۋە گۈللەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز، چوقۇم باي ۋە رەڭمۇ رەڭ ھايات مۇھىتىدا ھەرىكەت
قىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇشىنى، ئۇنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي شارائىت
ئىچىدە شەكىللەنگەن پسىخىك خاراكتېرىنى روشەن ۋە كونكرېت تەسۋىرلەش ئارقىلىق
جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى
ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز، بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى تونۇشى ھەم ئۇنى
ئۆزگەرتىشى ئۈچۈن ياردەم بېرىشىمىز لازىم. مەن بارلىق ئاق كۆڭۈل ۋە جاپاكەش قەلەم-
داشلىرىم بىلەن بىللە بۇ شەرەپلىك، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنىڭ ھۆددى-
دىسىدىن چىقىش ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلايمەن! ئاخىرىدا ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ
مۇنۇ ھېكمەتلىك سۆزى بىلەن ئۆز پىكرىمنى خۇلاسىلەيمەن: «كوممۇنىست ئەڭ ئەۋۋەل
ئىجتىمائىي ئىنساندۇر. ئىجتىمائىي تۇيغۇلىرى ئۆتكۈر، ھەممە ئادەمنىڭ ياخشى ياشىشىنى،
ھەممە ئادەملەرنىڭ بەختلىك بولۇشىنى خالىغۇچى ئىنساندۇر!».

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

ئا. سىرافىموۋىچ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

## يول خېتى

(ھېكايە)

بېشىغا چاقماق ياغلىق چىگكەن كۆك كۆز بىر قىز موسكۋا شەھەرلىك سوۋېت تۇرۇشلۇق جايغا ئورۇنلاشقان قوماندانلىق شتابىغا كەلدى.

ئۆكتەبىر. ھاۋا تۇتۇق ئىدى. سوغۇق ۋە زەي ئۆگزىگە چىقىپ تۇرخۇنلارنىڭ ئارىلىرىدا ياتقان يۇنكېرلار شەھەرلىك سوۋېت مەيدانىدا ئوبدانىراق يوشۇرۇنالماي يۈرگەن بىگۇناھ ئادەملەرنى پات-پاتلا ئوققا تۇتۇپ تۇراتتى.

— مېنىڭ ئىنقىلابىتا كۆرسەتكۈدەك ھېچقانداق كارامىتىم يوق، لېكىن قوماندانلىق شتابىڭلارغا يۇنكېرلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ بەرسەم دەيمەن. سېستىرالىق قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سېستىرالىرىڭلارمۇ بەك كۆپكەن. مەن جەڭگە يارىمايمەن. چۈنكى مەن ھېچقاچان قورال تۇتۇپ باققان ئەمەس. ماڭا يول خېتى بەرسەڭلار، سىلەرگە ئاخبارات يەتكۈزۈپ بېرەلەيمەن، — دېدى قىز.

مايىلىشىپ كەتكەن خۇرۇم چاپان كەيگەن، يېنىغا تاپانچا ئاسقان، ئۇيقۇسىزلىقتىن ۋە ئۆپكە كېسىلىنىڭ ئازابىدىن قوۋۇزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر يولداش قىزغا مىقتەك تىكىلىپ تۇرۇپ:

— بىزنى ئالدايدىغان بولسىڭىز، جېنىڭىزنى ئالىمىز، بۇنى بىلەمسىز؟ ئاۋادا ئۇ تەرەپتىكىلەر بىلىپ قالسا، سىزنى ئېتىۋېتىدۇ. بىزنى ئالدىسىڭىز، بىزمۇ سىزنى ئېتىۋېتىمىز! — دېدى.

— بىلىمەن.

— ئويلاندىڭىزمۇ؟

قىز ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ:

— ماڭا قاراۋۇللارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتەلەيدىغان يول خېتى، سالاھىيەت كېنىشكىسى بېرىڭ. سالاھىيەت كېنىشكىسىگە مېنى «كوماندىرنىڭ قىزى» دەپ يازسۇن، — دېدى.

قىز ئايرىم بىر ئۆيگە چاقىرتىلدى. ئىشىك ئالدىدا قاراۋۇل بار ئىدى.

سىرتتا يەنە بىر پەس ئوق ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. ئەسلىدە يۇنكېرلارنىڭ بىر

بىرونېۋىكى تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ، ئەتراپنى ئانچە-مۇنچە ئوققا تۇتۇپ قويۇپلا تىكىۋەتكەنىدى.

— ئۇ قىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى كىم بىلسۇن... تەكشۈرۈشىنىغۇ تەكشۈردۇق. بۇنىڭغا قانداق ئىشەنگىلى بولسۇن؟ — قوۋۇزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان ھېلىقى يولداش گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇ بىزنىڭ دوپپىمىزغا جىگدە سېلىشى مۇمكىن. بولدى، مۇنداق قىلايلى، ئۇنىڭغا يول خېتى بېرەيلى. ئۇ تەرەپكە بارغان بىلەنمۇ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزدىن ئۇلارغا جىق نەرسە دەپ بېرەلمەيدۇ. شۇنداق قىلىدىغان بولسا، قولىمىزغا چۈشكەن ھامان ئۇجۇقتۇرۇۋېتىمىز.

قىز يول خېتىنى ئېلىپ ئاربات كوچىسىدىكى ئالېكساندىر يونكېرلار مەكتىپى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ھەر بىر دوقمۇشقا كەلگەندە، قىزىل ئەسكەرلەرگە يول خېتىنى كۆرسەتتى. زېمىيانكا كوچىسىغا بارغاندا، قىزىل يول خېتىنى تىقىۋەتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىردەمدىلا يونكېرلار ئولىشىۋالدى ھەم ئۇنى يونكېرلار مەكتىپىنىڭ نۆۋەتچى بۆلۈمىگە ئېلىپ كىردى.

— سېپىستىرا بولماقچىمەن. دادام رۇس-گېرمان ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، سامسونوۋدىن چېكىنگەندە قازا قىلغان، ئىككى ئاكام دونىدىكى كازاكلار قىسمىدا. بۇ شەھەردە سىڭلىم بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق، — دېدى قىز.

— ناھايىتى ياخشى، بەك ئوبدان قىپسىز، بۈيۈك رۇسىيىنى قوغداش ئۇرۇشىدا ھەرقانداق بىر پەزىلەتلىك ۋەتەنپەرۋەرنىڭ سەممىي ياردىمىگە ئېرىشەلىسەك، بىز تولىمۇ خۇرسەن بولىمىز، سىزغۇ كوماندىرنىڭ قىزىكەنسىز، قېنى مەرھەمەت!

يونكېرلار قىزنى زالغا باشلىدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا چاي ئېلىپ كېلىشتى. بۇ چاغدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان كوماندىر ئىشخانىسى ئالدىدا تۇرغان يونكېرغا قاراپ:

— قولاق سال، سېتپان، سەن ئىشچىلاردەك ياسىنىپ پوكروۋكا كوچىسىغا بېرىپ كەل. مانا بۇ ئادرېس، سەن بېرىپ ئاۋۇ قىزنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئۇقۇپ كەل، — دەۋاتاتتى.

سېتپان كوماندىرنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئۇ تېخى بايىلا ئېتىپ تاشلانغان بىر ئىشچىنىڭ پەلتوسىنى سالدۇرۇۋالدى. پەلتونىڭ مەيدە تەرىپىدە قان ئۇيۇپ قالغان كىچىك تۆشۈك بار ئىدى. ئاندىن ئۇنىڭ ئىشتىنى بىلەن يىرتىق ئۆتۈكىنى ۋە شەپكىسىنى كىيىپ، قاراڭغۇ چۈشكەن مەھەلدە پوكروۋكا كوچىسىغا قاراپ كەتتى. پوكروۋكا كوچىسىدا قوڭغۇر چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بىر گىراژدان كۆزلىرىنى غەلىتە چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا:

— توغرا، ئىككىنچى نومۇرلۇق ئۆيدە شۇنداقراق بىر قىز ئولتۇرىدىغان، ئۇنىڭ كىچىك بىر سىڭلىسىمۇ بار، ئۇ بورژۇئازىيىنىڭ خېنىمى، — دېدى.

— ئۇ ھازىر نەدە؟

— ئۇنى ئەتىگەندىنكىياقى كۆرمىدىم. تۇتۇپ كەتكەن بولسا كېرەك. كاپىتاننىڭ قىزى ئۇ، بالا-قازا... ئەجەب ئۇنى ئىزدەپ قاپسىزغۇ؟

— ئۇنىڭ خىزمەتكارى مېنىڭ بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىدى. كۆرۈشۈپ كېتەي دېۋىدىم، خوش ئەمىسە!

كەچقۇرۇنلۇقى قاراۋۇللۇقتىن ئالماش-

قان يونكىرلار كۆك كۆز قىزغا خۇشامەت قىلغىنىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئالدىغا قەنت ـ كېزەك، تورت قويۇشتى. شوخراق بىرى كېتار چالدى، يەنە بىرى تىزلىنىپ قىزغا بىر دەستە گۈلنى كۈلۈپ تۇرۇپ تەقدىم قىلدى.

— بىز بۇ بىر توپ باندىتلارنى چوقۇم يېڭىمىز، ئۇلارنى بۈگۈن شىددەت بىلەن ئوققا تۇتتۇق. ئەتە كەچتە سىمولنىسكى بازىرى تەرەپتىن هۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ كۈلىنى كۆككە سورىۋېتىمىز، — دېيىشتى ئۇلار.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى يونكىرلارنىڭ بىرى قىزنى تېگىشچىلىققا سالغىلى دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار ئاپئاق ئاقارتىلغان تامنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە، قىزنىڭ كۆزى تام تۈۋىدە ئوگدىسىغا ياتقان بىر ئىشچىنىڭ جەسىتىگە چۈشتى. ئۇ ئىشچى گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، لايغا مىلەنگەن ئۆتۈكىنىڭ چەمى تېشىلىپ كەتكەنىدى.

— ئۇ خائىن! ئۇنى بىز تۇتۇۋالغان، — قىزنى باشلاپ ماڭغان يونكىر شۇنداق دېدى ـ دە، جەسەتكە قاراپمۇ قويماستىن يولىنى داۋاملاشتۇردى.

قىز دوختۇرخانىدا كۈن بويى ئىشلىدى. ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى چاققان، هەرىكىتى چەبدەس ئىدى. ياردىدارلار كىرپىكلىرى قويۇق هەم قاپقارا بۇ كۆك كۆز قىزغا مىننەتدارلىق بىلەن تىكىلەتتى.

— رەهمەت، سېستىرا خېنىم، — دېيىشەتتى ئۇلار.

قىز ئەتىسى ئۆيىگە بېرىپ كېلىشكە رۇخسەت سورىدى.

— نەگە بارىسىز؟ بولىدى قىلىڭ، بىلىپ قويۇڭ، بۇنداق مېڭىش ناهايىتى خەتەرلىك، هازىر هەر بىردوقمۇشتا چارلىغۇچىلار بار، بىزنىڭ تەۋەيىمىزدىن چىقىپلا كەتسىڭىز، لوكچەكلەر سىزنى شۇ زامات تۇتۇپ، سوراقمۇ سورىماي ئېتىۋېتىدۇ.

— ئۇلارغا سالاهىيەت كېنىشكەمنى كۆرسىتىمەن، مەن دېگەن پۇقرا. ئۆيگە بېرىپ كەلمىسەم بولمايدۇ. سىڭلىم شۇ ياقتا قالغان. ئۇنىڭ شۇ تاپتا قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى خۇدا بىلىدۇ، پەقەت خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن...

— ئۇغۇ شۇنداق. سىڭلىڭىز دېمىسىمۇ شۇ تەرەپتە، ئەلۋەتتە، ئەنسىرىمەي تۇرالمايسىز. ئەمىسە ئىككى ئەسكەرنى قوشۇپ قوياي، شۇلار سىزنى ئاپىرىپ قويسۇن.

— ياق، ياق، ئاپىرىپ قويمىسىمۇ بولىدۇ... — قىز چۆچۈگەن هالدا قوللىرىنى چىقىرىپ رەت قىلدى، — ئۆزۈم يالغۇز باراي. يالغۇز بارساممۇ بولۇۋېرىدۇ... مەن هېچنېمىدىن قورقمايمەن.

كوماندىر ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ قويۇپ:

— ئەمىسە... ئەمىسە بوپتۇ، بېرىپ كېلىڭ، — دېدى. بۇ چاغدا قىزنىڭ كۆز ئالدىدا هېلىقى گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەن، كۆزىنىڭ ئۈستىدە كىچىك قارا تۆشۈك بار، ئوگدىسىغا ياتقان ئىشچىنىڭ جەسىتى قايتا گەۋدىلەنەدى.

قىز دەرۋازىدىن چىقتى. ئۇنى چەكسىز قاراڭغۇلۇق قويىنىغا ئالدى. هېچقانداق نەرسىنى كۆرگىلى، تىرىق قىلغان ئاۋازنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايتتى.

قىز يونكىرلار مەكتىپىدىن ئايرىلىپ، ئاربات مەيدانىنى قىيپاش كېسىپ ئۆتۈپ، ئاربات دەرۋازىسىغا قاراپ يول ئالدى، ئۇ

ئىلگىرىلەپ مېڭىۋەردى. ئەتراپ قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ سايىسىنىلا پەرق ئېتەلەيتتى. شۇ تاپتا پۈتكۈل دۇنيادا خۇددى ئۇنىڭدىن باشقا مەۋجۇدات يوقتەك ھېچقانداق نەرسە كۆزگە چېلىقمايتتى.

ئۇ بەك قورقۇپ كەتمىدى، پەقەت چىدىيالىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. كىچىك چاغلىرىدا دادىسى سىرتلارغا كەتسە، ئۇ ھەمىشە دادىسىنىڭ ھۇجرىسىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ، كارنۇات قويۇلغان تەرەپتىكى تامغا تارتىلغان گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئېسىقلىق تۇرغان گىتارنى ئالاتتى ۋە كارنۇاتتا بەدەشقىنىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، گىتارنىڭ تارىلىرىنى چېكىپ، زىل ئاۋازىنى ئاڭلايتتى. گىتارنى سازلىغانسېرى مۇڭلۇق ئاۋازى زىلىلىشىپ يېقىمسىز ئاڭلىناتتى، ئۇنىڭ جىرىڭ، تىرىڭ، تىرىڭ قىلغان تىترەڭگۈ ئاۋازى كىشىنى بىئارام قىلاتتى، «ئاپلا، تار چىدىماي ئۆزۈلۈپ كېتىدىغان بولدىدە!» شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايىغا تۇخۇ ئەت ئۆرلەپ، كىچىككىنە پېشانىسىنى سوغۇق تەر بېسىپ كېتەتتى. بىراق بۇ ھال ئۇنىڭغا تەسۋىرلىگۈسىز خۇشاللىق ئېلىپ كېلەتتى.

قاراڭغۇلۇقتا كېتىۋاتقان قىزنىڭ شۇ تاپتىكى تۇيغۇسى ئەينى چاغدىكى ئاشۇ تۇيغۇسى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇ قورقۇش ھېس قىلمايتتى، تىرىڭ، تىرىڭ، تىرىڭ قىلغان ئاۋاز بارغانسېرى زىلىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئاران ئۆزىنىڭ سايىسىنىلا ئىلغا قىلالايتتى.

ئۇ قولىنى سۇنۇۋىدى، ئۆيىنىڭ تېمىغا تەگدى. شۇئان پۈت - قوللىرىدا جان قالماي، كىچىك چېغىدىكىدەك بەدىنىنى مۇزدەك تەر بېسىپ كەتتى. بۇ نەدىكى تامدۇ؟ بۇ ئەسلى تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغنىڭ رىشاتكىسى بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ، دېمەك، ئۇ يولدىن ئازغان. بۇ زادى نېمە گەپ؟ يولنى چوقۇم تېپىش كېرەك. ئېچىدىن چىقىۋاتقان تىترەكنى باسالمىغان قىزنىڭ چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. بۇ چاغدا خۇددى بىرى ئىڭىشىپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا مەسخىرە ئارىلاش: «ئەجىلىڭنىڭ توشقىنى مۇشۇ، تېخى بىلمەيۋاتامسەن؟ ئۆزۈڭچە يولدىن ئېزىپ قالدىم دەۋاتىسەن، لېكىن بۇگۈن سېنىڭ ئەجىلىڭ توشتى» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

قىز ئادەتتىن تاشقىرى غەيرەت بىلەن يولنى تېپىشقا تىرىشتى. ئوڭ تەرەپ زېمىيانكا كوچىسى، سول تەرەپ تۆت كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغ ئىدى. قىز شۇ تاپتا كوچا بىلەن باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ئۇ قولنى يەنە سۇنۇۋىدى. تۆۋرۈككە تەگدى. بۇ ئىستولبىمىدۇ؟ ئۇنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. ئۇ تىزلىنىپ يەرنى بىر پەس سىيلىدى. ئاخىرى قولى مۇزدەك نەم تۆمۈرگە تەگدى ... بۇ رىشاتكا، باغنىڭ رىشاتكىسى ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ، خاتىرجەم بولغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى ... لېكىن ئۇنى يەنە تىترەك باستى. ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە تىترەيتتى. قاراڭغۇلۇق، غۇۋالىق تۇرۇپ پەيدا بولۇپ، تۇرۇپ يوقاپ كېتەتتى. بىنالار، تاملار، دەل - دەرەخلەر ھەممىسى تىترەيتتى. ترالليبۇسنىڭ سىمى تارتىلغان ئىستولبىلار ۋە رېلىسلارمۇ تىترەپ، قىپقىزىل غۇۋالىقتا قان رەڭگىگە كىرگەندى. قىزغۇچ ئاسمانمۇ تىترەيتتى، پەسلەپ كېتىۋاتقان قويۇق بۇلۇتلارمۇ قىپقىزىل نۇر چاچاتتى.

قىز قىزىل نۇر كۆرۈنگەن ياققا —

نىكىت دەرۋازىسى تەرەپكە ماڭدى. قىزىق، ئېمىشقىدۇر شۇ چاققىچە بىرەر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، نەگە بارىدىغانلىقىنى سوراپ باقمىدى. دەرۋازىلارنىڭ، بىنا ئىشىكلىرىنىڭ كەينىلىرىگە، كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرىغا چارلىغۇچىلارنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغانلىقى قىزغا مەلۇم ئىدى. ئۇ پۈتۈنلەي ئۇچۇقچىلىقتا كېتىۋاتاتتى. ئۇ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ شولىسىدا قىپقىزىل كۆرۈنەتتى.

قىز بىر قولىدا ئاقلار بەرگەن يول خېتىنى، يەنە بىر قولىدا قىزىللار بەرگەن يول خېتىنى تۇتۇپ تەمكىن ماڭاتتى. قايسى تەرەپ ئالدىنى توسسا، شۇ تەرەپنىڭ يول خېتىنى كۆرسەتمەكچى بولدى. ئەتراپتا ئىنسى - جىن يوق، قىزغۇچ ئوت يالقۇنى ئۇ يەر بۇ يەرنى ئاران يورۇتۇپ تۇراتتى. نىكىت كوچىسىدا بولسا، ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى. شىددەت بىلەن كۆتۈرۈلگەن ئوتنىڭ تىللىرى پەستە لەيلەپ يۈرگەن قىزىل بۇلۇتلارنىڭ باغرىنى يالايتتى. تۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان قويۇق قىزىل ئىسلار بۇلۇتلارغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. ئوت يالقۇنى بىنالارنى يورۇتۇپ تۇراتتى. يالقۇن ئىچىدە ھەممە نەرسە قويۇق بۇلۇتلارغا شىددەت بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆگزىلەر، پولات چىۋىقلار ۋە تاملار گويا قاپقارا ئىسكىلىتتەك ئۆز جايىدا مىدىرلىماي تۇراتتى. ھەر بىر دېرىزىنىڭ كۆزنىكىدىن بىنانىڭ ئىچىدىكى يانغىن ئوچۇق كۆرۈنەتتى.

يانغىن گويا ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق جانىۋاردەك كۆككە ئۆرلەيتتى. ئوتنىڭ چاراسلىشى بىلەن يانغىننىڭ گۈرۈلدىشى ئەتراپتىكى جىمى ئاۋازنى بېسىپ كەتكەنىدى.

قىز كەينىگە ئۆرۈلدى. شەھەرنىڭ ئۇ تەرىپى قاپقاراڭغۇ ئىدى. سان - ساناقسىز بىنالار، قوڭغۇراقلىق راۋاقلار، باغلار، تىياتىرخانىلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. پۈتكۈل كائىنات قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە ئىدى.

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن چەكسىز قاراڭغۇلۇق، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان بالاقازا يوشۇرۇنغان جىمجىتلىق. جىمجىتلىق بۇرۇنقىدەكلا داۋام ئەتمەكتە ئىدى. مۇشۇنداق جىمجىتلىقتا ھەر قاچان بىرەر بالا - قازانىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. قىزنى سۈر باسقىلى تۇردى.

ئالدى تەرەپتىن چىدىغۇسىز ئىسسىق ھاۋا كەلدى، قىز ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئۇ قاپقاراڭغۇ دوقمۇشقا كېلىشىگە ئالدى تەرەپتىن پاكار بىر ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىقنىڭ نەيزىسى ۋالۋۇل قىلاتتى.

— نەگە بارىسەن؟ كىمسەن؟

قىز قەدىمىنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىدى. ئۇ قايسى قولىدىكى يول خەتنى قايسى تەرەپ بەرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. شۇڭا سەل دىلغۇل بولدى. ئاڭغىچە مىلتىق ئۇنىڭ مەيدىسىگە بەتلەندى. بۇ نېمە بولغىنى؟ قىز ئەسلى ئوڭ قولىنى ئاچماقچى بولغانىدى، تىترەپ تۇرغان سول قولىنىڭ ئالقىنىنى قانداقلارچە ئېچىپ سالغىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

بۇ يونكېرلار بەرگەن يول خېتى ئىدى. چارلىغۇچى ئەسكەر قولاشمىغان قوللىرى بىلەن يول خېتىنى ئاچتى. قىزنىڭ بەدىنىگە يەڭگىل تىترەك ئولاشتى. شۇ ئەسنادا گۈلدۈر قىلغان پارتلاش بىلەن تەڭ كەينى تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن بىر پارچە

ئوت ئەتراپىنى يورۇتۇۋەتتى. قىز ئوتنىڭ يورۇقىدا ھېلىقى چارلىغۇچى ئەسكەرنىڭ قولىدىكى يولخېتىنى تەتۈر تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچىدە «تۇۋا، بۇ ئەسلىدە ساۋاتسىزكەن ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى.

— مە، ئالە.

قىز بۇ لەنىتى يول خېتىنى چىڭ سىقىمداپ تۇتۇۋالدى.

— نەگە بارىسەن؟ — قىز كەينى تەرىپىدىكى بىرىنىڭ ئۆزىدىن گەپ سوراۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— قوماندانلىق شتابىغا ... سوۋېتكە بارىمەن.

— تار كوچا بىلەن ماڭ. بولمىسا ئوق تېگىپ كېتىدۇ.

ئېلىپ كېلىنگەن ئاخبارات ئىنتايىن مۇھىم بولغاچقا، قوماندانلىق شتابىدىكىلەر قىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشتى ھەم ئۇنىڭدىن تەپسىلىي ئەھۋال سورىدى. خورۇم چاپان كىيگەن، كېسەلچان كۆرۈنىدىغان ھېلىقى ئادەم يېقىملىق كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا:

— قولىڭىزدىن راستىنلا ئىش كېلىدىكەن جۇمۇ! ئەمما كۆپرەك ئېھتىيات قىلىڭ، ئاشكارىلىنىپ قالماڭ، — دېدى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئېتىشىش بېسىققاندا قىز يەنە ئاربات كوچىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. يارىدارلار جەڭ مەيدانىدىن دوختۇرخانىغا توختىماي ئېلىپ كېلىنمەكتە ئىدى. يونكېرلارنىڭ سىمولىنىسكىي بازىرى تەرەپتىن قوزغىغان ھۇجۇمى چېكىندۈرۈلۈپ، ئۇلار قاقشاتقۇچ زەربىگە ئۇچرىغانىدى.

قىز كېچىچە يارىدارلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىپ، ئۇلارغا ئۇسسۇزلۇق بېرىپ، داكىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، بىرلىك ئېتىدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. يارىدارلار ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلەن تىكىلەتتى. تاڭ ئەمدىلا يورۇشىغا ئىشچى كىيىمى كىيگەن، چاچلىرى چۇۋۇق، ئاچچىقىدا چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەن بىر يونكېر دوختۇرخانىغا ئۇسۇپ كىردى. ئۇ ئىككى سەكرەپلا قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مۇشۇ شۇ ... بۇ ... پاسكىنا جالاپ... بىزنى سېتىۋەتتى ... — دېدى.

قىز كەينىگە بىر قەدەم چېكىنىدى. ئۇنىڭ ساماندەك ئاقىرىپ كەتكەن چىرايىغا بىردىنلا قان يۈگۈردى ـ دە، ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— سەنلەر... ئىشچىلارنى قىردىڭلار! ئىشچىلار ھازىر قوزغىلىپ ئۆزلىرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىدىن قۇتۇلماقچى بولۇۋاتىدۇ... مەن... قورال تۇتۇشنى بىلمەيمەن، شۇڭا سەنلەرنى مۇشۇ يول بىلەن يوقاتماقچى بولدۇم ... — دېدى.

يونكېرلار قىزنى ھېلىقى ئاپئاق تامنىڭ تۈۋىگە يالاپ ئاپىرىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئاتتى. قىز گۈللۈك كۆڭلەك كىيگەن ھېلىقى ئىشچى ياتقان يەرگە ئۈن ـ تىنسىز يىقىلدى. جەسىتىنى ئېلىپ كەتكىچە ئۇ كىرپىكلىرى قويۇق كۆزلىرىنى ئۆكتەبىرنىڭ سوغۇق ۋە سۈرلۈك ئاسمىنىغا تىكىپ ياتتى.

«سوۋېت ئىتتىپاقى ھېكايىلىرى توپلىمى» دىن.

ياسىن سېيىت تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم.

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

## ئۈرۈمچىدە نۇتۇق ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 49 يىللىقى تەنتەنىلىك خاتىرىلەندى

1991-يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 49 يىللىقىنى تەنتەنىلىك خاتىرىلىدى.

سۆھبەت يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى فېڭ داجېن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى قەمبەرخانىم قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى.

يولداش سۇڭ خەنلياڭ يىغىندا «ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرايلى ۋە گۈللەندۈرەيلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان يازغۇچى، سەنئەتكارلار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مىللەتلەر ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى: نۇتۇق — ماركسىزم ئومۇمىي پرىنسىپىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسى خەزىنىسىدىكى مۇھىم ھۆججەت. نۇتۇقتىكى ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن تۇرمۇش، ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن خەلق، ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن دەۋر، ئەدەبىيات-سەنئەت بىلەن ئىنقىلاب، مەدھىيىلەش بىلەن پاش قىلىش، مەزمۇن بىلەن شەكىل، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈش، دۇنيا قاراش بىلەن ئىجادىيەت، يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈشى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى مۇھىم ھۆكۈملەر سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا كۈندىن كۈنگە ئۆزىنىڭ ئۆچمەس ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلماقتا. نۇتۇقنىڭ ئاساسىي روھى يېڭى تارىخىي شارائىتتا يەنىلا يازغۇچى، سەنئەتكارلارنىڭ سوتسىيالىستىك

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى
بىلەن شۇغۇللىنىشىدا نەزەرىيىۋى يېتەكچى،
يەنىلا پۈتكۈل سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ئىشلىرىنى ئالغا يېتەكلەيدىغان
نۇرلۇق چىراغ ۋە مەنىۋى تۈرتكە.

سۆزگە چىققان يولداشلار ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجا ـ
دىيىتىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرىسى ـ
دىمۇ بەزى ياخشى تەكلىپ ۋە تەلەپلەرنى
ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە مۇنۇلارنى بىلدۈر ـ
دى: نۇتۇق بىلەن «دېڭ شياۋپىڭ ئەدە ـ
بىيات ـ سەنئەت توغرىسىدا»، يولداش
جياڭ زېمىننىڭ بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ
كۈنى قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىشنى
ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈمىز؛ مەركىزىي كومىتېت
تەشۋىقات بۆلۈمى، مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى
ۋە رادىئو ـ كىنو ـ تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكى ـ
نىڭ «نۆۋەتتە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجا ـ
دىيىتىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا پىكىر»
نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشقا بىر ـ
لەشتۈرۈپ، ئاممىا بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت
باغلاپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى
ئېچىۋېتىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر
چۆكۈپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە
قارشى تۇرۇپ، سۈبىيېكتىپ دۇنيايىمىزنى
ئىزچىل ئۆزگەرتىپ، بۇرچ تۇيغۇمىزنى،
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىنىڭ بۈيۈك
ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ساغلام، ئامما
ياقتۇرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى
تىرىشىپ ئىجاد قىلىپ، ھەرقايسى مىللەت ـ
لەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەـ
تىنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى تېخىمۇ
تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ بىلەن سوتسىيالىس ـ
تىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2 ـ
قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانغا يېتىش
ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىمىز
ۋە ئىلھاملاندۇرىمىز.

سۆھبەت يىغىنىغا يەنە ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى لى كاڭنىڭ، ئابلىز دا ـ
ۋۇت، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەن ـ
ئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ
شۇجىسى جاڭ گۇيتېڭ، ئاپتونوم رايونلۇق
ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ
رەئىسى، داڭلىق يازغۇچى قەييۇم تۇردى،
ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن
شۇجىسى، بىرلەشمىنىڭ باش كاتىپى سەيپۇل
يۈسۈپ، بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن
چېن بەيجۇڭ، شاكەن ئوڭالباييېۋ، ئىمىن
ئەخمىدى، ساغا، يۈسۈپ ماماي؛ مەدەنىيەت
نازارىتىنىڭ نازىرى مەھەممەت زۇنۇن،
شىنجاڭ سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ يۈەنجاڭى،
داڭلىق رەسسام غازى ئەمەت، پېشقەدەم
يازغۇچى، شائىرلاردىن ليۇشاۋۋۇ، ۋاڭ يۈخۇ،
ئەلقەم ئەختەم، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتار ـ
لىقلارمۇ قاتناشتى.

سۆھبەت يىغىنىدا قەييۇم تۇردى،
مەھەممەت زۇنۇن، غازى ئەمەت قاتارلىق
يولداشلار سۆز قىلدى، شۇنىڭدەك ليۇ
شاۋۋۇ، ۋاڭ يۈخۇ، جۇتاۋ، جۇجېڭباۋ قا ـ
تارلىق يولداشلار بىرلەشمە سۆز قىلدى.

ئۆز خەۋەرىمىز



سۇلۇق خەنلىمالى . جانابىل يولداشلار
ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرىنىڭ
پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلىماقتا .




يولداش فىلق داجىن ،
قەمەرخانىم ئەدەبىيات - سەنئەت
خادىملىرى بىلەن بىللە .



كۆڭۈللۈك سۆھبەت ، قىزغىن كەيپىيات .








《塔里木》文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各地邮局所

1991 ـ يىل 7 ـ سان (365 ـ سان)، 41 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ. تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：　CN65－1010／I
本刊代号：58－66　定　价：1.40 元
邮政编码：830000

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 ـ 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 66 ـ 58. باسما تاۋاق: 10. باھاسى: 1.40 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830000